# تارىم

12

AltunOq

1989

شنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن يېڭى دەۋردىكى مۇنەۋۋەر
ئەدەبىي ئەسەرلەرنى مۇكاپاتلاش يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر







سۈرەتلەرنى شاڭ ئەنخې تارتقان.

بۇ ساندا

زوردۇن سابىر

**قارىغايسۇ جىلغىسىدىكى كۆلكەۋە كۆز يېشى**

تەڭرى تاغىنىڭ بۇ كىچىككىنە غولچىسىدىكى بۇيالغۇز - يالغۇز ئاق چېدىرلار ئىچىدە ھېسسىيات ۋە ئارزۇ ۋەسۋەسىسىدىن ئۇياق-بۇياققا ئۆرۈلۈپ ئۇخلىيالمايۋاتقان يىگىت-قىزلار بار. ئۇلار تاغنىڭ لەرزان شامىلىدا قىمىرلاۋاتقان قارىغايلارغا ئوخشىمايدۇ. ئۇلارنى ئۇيقۇدىن-ئارامدىن بىزار قىلغان ئەلۋەتتە تاغ شامىلى ئەمەس، بەلكى ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ چوڭ ئارام بۇزغۇچىسى بولغان نەرسە ھېسسىيات-مۇھەببەت.

*　　*

ئابدۇرېھىم ئابدۇللا

**داۋانلىق يوللار**

ئۇ قولىدىن چىقىپ كېتىۋاتقان يالغۇز ئوغلىنى باغرىغا بېسىپ يامغۇردەك ياش تۆكتى. شۇ دەمدە بوۋاينىڭ كۆزلىرى ئەمەس، تىترەپ تۇرغان ئاپئاق ساقاللىرى يىغلاۋاتاتتى. ئۇ ئوغلىنىڭ يۈزىنى ئۆزىگە قارىتىپ ئۇنىڭ چىرايىغا ئۇنتۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەۋاتقاندەك ياشتا پارلداپ كەتكەن كۆزلىرىدە بىر ھازا سىنچىلاپ قاردى...

*　　*　　*

ئەسقەر ياسىن

**ئېيتقىنا، ئانا**

راستىنى ئېيتقىنا ئەي، ئەزىز ئانا،
ئادەممۇ مەن ئۆزۈم ياكى پەيغەمبەر.
ئۇچىمەن، قاناتنى كىم بەرگەن ماڭا
يېپ كەبى ھال ئۇپۇق يۈتكەنگە قەدەر.

# تارىم

(ئايلىق ئەدەبىي ژورنال)

12

1989

39 - يىل نەشرى

AltunOq

uyghurkitap.com

# بوستاندا

## نەسرىي ئەسەرلەر


زوردۇن سابىر ........................... قارىغايسۇ جىلغىسىدىكى كۆلكە ۋە كۆز يېشى (ھېكايە) ........................... 15

ئابدۇرېھىم ئابدۇللا ........................... داۋانلىق يوللار (پوۋېست) ........... 31

مىرزاھىد كېرىمى ........................... ھەسەن ـ ھۈسەن پارلىغاندا (ھېكايە) ... 75

ئابدۇللا ساۋۇت ........................... ئاھ، جىگدە ھىدى (ھېكايە) ........... 82


## شېئىرلار


سەيپىدىن ئەزىزى ........................... رۇبائىيلار ........................... 4

ئابلىكىم خېۋىر ........................... خىيالىمدا يانغان چىراغلار ........... 9

ماھۇت زايىت ........................... غەزەللەر ........................... 12

ئەسقەر ياسىن ........................... شېئىرلار ........................... 66

مۇختەر مەخسۇت ........................... ياشلىق ۋە سۆيگۈ ........................... 71

ئابدۇللا سۇلايمان ........................... تارىمدىن تامچىلار ........................... 73

نەسرۇللا ئابلەت ........................... شېئىرلار ........................... 98

كامىل ھاجى داموللا ........................... يۇرت ۋە يۇرتداشلىرىمغا ئاتاپ ........... 99

روزى نىياز ........................... خوشلىشىش ........................... 101

گۈلسۈم نىياز ........................... ئىككى شېئىر ........................... 101

كېرىمجان سۇلايمان ........ شېئىرلار ........ 102
تەلئەت ئاتاۋۇللا ........ يۇلغۇنلار سۆزلەيدۇ مەردلىك قىسسىسى ........ 103

## ئەدىبلىرىمىز چەت ئەللەردە

سەيپۇل يۈسۈپ ........ ئۇنتۇلماس تەسىراتلار (زىيارەت خاتىرىسى).. 105

## بالىلار ئەدەبىياتى

مۇھەممەت باغراش ........ دادامنىڭ تاپانچىسى (ھېكايە) ........ 118

## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز

مىر ئەھمەد سەئىد ھاجى ........ ئىجادىي ئەمگەك ئۆز ئىگىسى بىلەن مۇنەۋۋەر... 127
ئابدۇللا مۇھەممىدى ........ بەدىئىي زوق پائالىيىتى ........ 137
ئابدۇقادىر سادىر ........ «تۆت قۇلاق» ھېكايىسى توغرىسىدا تۆت ئې-
غىز پاراڭ ........ 142

## ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار

يېڭى دەۋردىكى مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى
مۇكاپاتلاش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى ........ 148
«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1989 - يىللىق مۇن-
دەرىجىسى ........ 150

* * *

بۇ ساندىكى رەسىم ۋە ھۆسنخەتلەرنى مەھەممەت ئايۇپ ئىشلىگەن.

سەيپىدىن ئەزىزى

# رۇبائىيلار

*

ئانا يۇرت سېغىنىش ھىجرىدە كۆيدۈم،
بىر ئۇۋۇچ تۇپاقنى يېنىشلاپ سۆيدۈم.
كۆزۈمدىن تۆكۈلدى تارام-تارام ياش،
تۇپاقنىڭ تەپتىدە مېھرىنى كۆردۈم.

*

ياش چېغىڭ، باھاسى يوق گۆھەر چېغىڭ،
مىسقىلى يۈز سەرگە تەڭ ئالتۇن چېغىڭ.
سىقساڭ ئەگەر تاشنىمۇ تامچىلايدۇ ياغ،
قەدرىنى ئۇچلاپ تۇت، ئۆتمىسۇن چېغىڭ.

*

ئالدىڭدا ماختىسا كىم ئىشەنمە ئاڭا،
دېگىن سەن: «چىن ياران كېرەكتۇر ماڭا».
كۈلدۈرۈپ ئېيتمايدۇ دوستۇڭ كۆپ ۋاقىت،
ئاغرىتىپ سۆز قىلغان ۋاپادار ساڭا.

*

كىشىلەر ماختىسا ئەجرىڭ بىلەن دەپ،
ھاكاۋۇر بوپ كەتمە دۇنيادا مەن دەپ.
ئۆزۈڭنى ئەر بىلسەڭ، ئۆزگىنى شىر بىل،
باشقىغا قول شىلتىپ ئۆگەتمە ئەدەب.

*

ئۆزۈڭنى بىل، ئۆزگىنى قوي، دېيىش بىمەنە،
ئۆزگىنى بىل، ئۆزۈڭنى قوي، دېسەكىم، دانا.
بولمىغاندا ئەگەر ئۆزگە، بولماستىڭ ئۆزۈڭ،
ئۆزگە ھەم ئۆز بىر بولغاندا بولار باغ بىنا.

*

ئەللىك يىل ① ھەۋەستە تەۋرەتتىڭ قەلەم،
كۆپ ۋاقىت تۇتقىنىڭ سىياسەت، ئەلەم.
يازغىنىڭ جىق تۇگۈل ئانچە جىق ئەمەس،
ئەزىزى، ئويلىساڭ ئەمەسمۇ ئەلەم؟

*

قەلەمنى مەزمۇت تۇت، يەتكۈچە دەرمان،
بۇ ساڭا ئېلىڭدىن بېرىلگەن پەرمان.
ئەۋلادقا قالدۇرساڭ قۇتلۇق يادىكار،
ئەزىزى، ئۆمرۈڭدە ساڭا نە ئارمان؟

*

پۈرسىتىڭ كەپقالدى قېزىشقا گۆھەر،
ھاياتىنىڭ بېغىدىن تاللاشقا جەۋھەر.
بۇ ئالتۇن ۋاقىتنى ئۆتكۈزمە بىكار،
ئەزىزى، بېلىڭگە باغلىغىن كەمەر.

*

يەلكەنلەر دولقۇن يېرىپ ئۈزەيۈر ھامان،
ئاخىرى جاھاندا بولۇر ھۆر زامان.
گېزەندىلەر جەننەتتى بولغاندا تالقان،
يەر يۈزىدە بارچە ئەل بولۇر تىنچ-ئامان،

① بۇ يەردە شائىرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

*

بۇگۈن دېڭىز بەك ياۋاش، جىم ياتارئەجەب،
يوشۇرغاندۇر بەلكى ئۇ قەرىگە غەزەپ.
بوران - چاپقۇن ئەۋەتكەن ئەلچى بۇ جىمىلىق،
دولقۇن ئۇرۇش دېڭىزغا ئەزەلدىن نەسەپ.

*

ھەيۋەتلىك ئاق دولقۇنلار تىنماي قوغلىشار،
قىيا تاشقا قەھرىلىك جىسمىنى ئۇرار.
ئۇ ئۆتكەن مىليون يىل ئوخشاش غەزەپتە،
لېكىن ئۇ ئۆز پېتى پارقىراپ تۇرار.

*

ئولتۇرىمەن تاش ئۈستىدە دېڭىزغا قارا،
بېلىقچى كېمىلەر كەتتى ئۇزاقلاپ.
پايانسىز كەڭ دېڭىز ئۇپۇق ئاستىدا
سىرلارنى يوشۇرۇپ ياتار جىمىرلاپ.

*

چاچ - ساقىلىڭ ئاقاردى، كەلدى بىرپۇرسەت،
رەتلە ئەمدى ئۆمرۈڭدىن ئۇتۇق ۋەئىبرەت.
تۆھپەڭ نېمە ئېلىڭگە، گۇناھىڭ نېمە؟
ئەي ئەزىزى، خەلقىڭگە يەكۇنلەپ كۆرسەت.

*

ئاناڭنىڭ مەڭزىدە پارلار شەپەق - نۇر،
كىندىكىڭ قېنىدىن ئۇنگەن قىزىلگۈل.
ئون ئۆمرۈڭ بولسىمۇ يېتىشمەس يەنە،
كۈيلىسەڭ مېھرىنى بولۇپ بىر بۇلبۇل.

*

ئۆتتى يار دەردىڭدە ھەسرەتلىك كۈنلەر،
ئەلەملىك، پىغانلىق ئۇيقۇسىز تۈنلەر.
قۇلاقىڭ تۈۋدىن كەتمەيدۇ ھامان
سەن بەرگەن ۋەدىلەر، چىرايلىق ئۈنلەر.

*

يىللارنى قوغلىشىپ كېلەر يەنە يىل،
پەزىدە كۈلۈمىز، بەزى ئاغرار دىل.
كۈنلەرنى بىھۇدە ئۆتكۈزمىگۈلۈك،
ئۆمۈردە چەك باركى يىلدا چەك يوق بىل!

*

بۇ ئۆمۈر يولىنىڭ جىققىنى باستىم،
مۈدۈرۈپ - چوقۇرۇپ داۋانلار ئاشتىم.
قارىسام ئالدىمدا يەنە يۈز داۋان،
چېكىنمەي مەردلەرچە ئىلگىرى باستىم.

*

گۈلىستان ئىچىدە شاخلاپتۇ سۈمبۈل،
سايرايدۇ تەلمۈرۈپ ئاشىقى بۇلبۇل.
تاڭ سەھەر چېچىلسا شەپەقنىڭ نۇرى،
ياڭرايدۇ باغ ئىچرە ۋىسالدىن مەرغۇل.

*

مەن ئۆلسەم قەبرەمنى قويۇڭ پەللىدە،
مەشۇقتىن گۈل چېكىپ يېپىڭ مەللىدە.
ئەۋلادىم ناخشىسى ئويغىتار تاڭدا،
ئارمانسىز ئۇخلىغاي روھىم ئەللىدە.

*

بىلىگلى ئەرەندىن كېلەر ئېزگۈلۈك،
بىلىگسىز نادانىدىن پەرقسىز ئۆلۈك.
بىلگەندىن ئۆگرەنگىل، كېلەر قۇت ساڭا،
بىلىگسىز ياماندىن قېچىپ تەزگۈلۈك.

*

بىلەمسەن، ئۆمۈرنىڭ مەنىسى نېمە؟
مۇقامى، داستانى، تەزىسى نېمە؟
قايناملىق چېلىشنىڭ تەكتىگە چۆكسەڭ،
بىلەرسەن تەزىنىڭ ئەۋجىسى نېمە؟

*

چىن دوستلۇق رىشتىسى پولاتتىنمۇ چىڭ،
ئۈنىڭدىن روھىڭ خۇش، كۆچتۈڭگۈرجىسمىڭ.
ئۆمرۈڭ گۈل، چىن دوستۇڭ مىسالى بۇلبۇل،
هاياتلىق بابىدا ياشايدۇ ئىسمىڭ.

*

ئىلىمگە بەرگەن مەن قەتئىي قەسەمىيات،
قەسەمدىن يانمىقىم مەڭگۇ ماڭا يات.
يولۇمدىن يانمايمەن تارتسامىمۇ كۆلپەت،
بىلگىنىكى، چېكىنىش مەردلەرگە ئۇيات.

*

تىكەنلىك بولسىمۇ جىگدىلىك ياخشى،
گۈلى يوق بولسىمۇ ئۈجمىلىك ياخشى.
تىكەنسىز مامكاپ بار، گۈلى جىق ئازغان،
بورانغا بەرداشلىق تاغ لەيلى ياخشى.

*

ياق، هەرگىز نادامەت ئېيتمايمەن ئەسلا،
ئۆمرۈمگە رەنجىپ تاش ئاتمايمەن ئەسلا.
قېرىدىم ۋە لېكىن قەلبىم بولدى قۇرچ،
ماڭىمەن، هارمايمەن، يانمايمەن ئەسلا.

*

بىر چاغلار ئۆتۈپتۇ لۇتفى، ناۋايى،
سەككاكى، ئاتايى، مەشرەپ، نازارى.
ئۇلار ئۆز دەۋرىنىڭ داڭلىق شائىرى،
بىزگە كېرەك دەۋرىنىڭ يېڭى يازارى.

*

پەللىدە نۇر چاچار ئەڭگۈشتەر چىراغ،
چىراغكى قۇياشتىن بەكرەك يورۇقراق.
شۇ نۇرغا پەرۋانە ئىدىم ئەزەلدىن،
يېتەمەن بولسىمۇ تۇمەن يول يىراق.

*

قەدىردان دوستلاردا بار چىن ئىشتىياق،
بىر نىيەت، بىر يۈرەك، بىرلىك ئىتتىپاق.
مۇهەببەت رىشتىسى چىگىلگەن مەھكەم،
پالتىدا چاپساڭمۇ ئۈزۈلمەس بىراق.

*

ئىلمىنىڭ قىزى بول كۆچلۈك دىت بىلەن،
باغ گۈلى بول ئىپار يەڭلىغ هىد بىلەن.
پەرۋاز قىل سامادا لاچىن بول ئەگەر،
دېڭىزدا بەسلەشكىن ئۈزۈپ كىت بىلەن.

*

گۈل پەسلىدە زەپ بەلەن باغ سەيلىسى،
بارچە گۈلنىڭ ئۆزىچە بار مەيلىسى.
جۇتقا بەرداش بەرمىگەننى گۈل دېمە،
ئاززۇلۇق گۈل هەممىدىن قار لەيلىسى.

*

ئۈچقاندا يېنىشلاپ چۈشمەكنى ئويلا،
كۆلگەندە مۇمكىن دەپ يىغىنى ئويلا.
ئۈچۈش ۋە كۈلۈشلا بولسۇن يار دېسەڭ،
ئالدىدىن ۋىجدانىنىڭ تىغىنى ئويلا.

*

بولمىسۇن زېمىننىڭ يۈزىگە تاغ داغ،
گەر زېمىن بولمىسا، بولماس ئىدى تاغ.
تاغ زېمىن ئۈستىدە، ئۇمۇ بىر بېزەك،
گويا ئۇ گىگانت تەن، زېمىندۇر ئاياغ.

*

ئاناڭنىڭ هەققىگە بولغىن ۋاپادار،
داداڭنىڭ يۈكىنى كۆتۈر ئامال بار.
ئەل - يۇرتنىڭ ئالدىدىن توغرا ئۆتمىگىن،
ئەل رازى ئوغلانغا دائىم ئامەت يار.

*

يارانلارغا ئاق دىل بول، كۆرسەت ساداقەت،
دوستلىرىڭغا كەلتۈرمە زەررە پالاكەت.
قارىلىقنى يولاتما دىلىڭغا هەرگىز،
شۇندا كەلمەس بېشىڭغا كۆلپەت - هالاكەت.

*

مەردانە يىگىتكە شاراب تۇت، ساقى،
ئاق كۆڭۈل، ۋىجدانلىق ئادەم سىياقى.
گەر ئۆزى كەتسىمۇ ئالەمدىن ئۇلار،
كەتمەيدۇ دىللاردىن مەڭگۈ پىراقى.

*

ئادەمنىڭ قەدرىگە يەتمىگەن ئادەم
يۈرىدۇ كۆڭلىدە سىزىپ بىر ماتەم.
كىشىنىڭ قەدرىنى بىلسەڭ ئەتىۋا،
ئۆلسەڭمۇ ئەل سېنى بىلەر تىرىك ھەم.

*

ئېتىلغان ئوق مىسال ئۆتتۈپتۇ يېشىم،
قار يېغىپ ئۆمرۈمگە ئاقاردى چېچىم.
قېپقالدى بەك يىراق قىران ياشلىقىم،
ۋە لېكىن تۇرىدۇ سانسىز كۆپ ئىشىم.

*

ھايات شۇنداق: بىرى مەيخور، بىرى ساقى،
توختىمايدۇ چۆگىلەشتىن پەلەك چاقى.
مېھنەت بىلەن ئۆتسە ئۆمرۈڭ ئۇنۇتماي ئەل،
ئىش - ئىزىڭنى ئەسكە ئالار بىرۋاراقى.

*

تىرناقنىڭ ئاستىدىن كىر ئىزدەش ئۇيات،
مەككارلار توپىدىن پىر ئىزدەش ئۇيات.
دوستۇم دەپ ھىجىيىپ قوينىغا كىرىپ،
سۆز - چۆچەك قىلىشقا سىر ئىزدەش ئۇيات.

*

قارا تاشنى يېرىپ چىقار كۈچ بىلەن گىياھ،
ئىلھام كەلسە تىلغا كىرەر قەلەم ۋە سىياھ.
ياز، يۈرەكنىڭ خاھىشىنى، مىسرالىرىڭدىن
ئەل كۆڭلىگە شەپەق بولۇپ چېچىلسۇن زىيا.

*

قەلبىدىن ئېلىگە كۆيۈنگەن پالۋان
ئەل ئۈچۈن بارىنى قىلغۇسى قۇربان.
شۇ سەۋەب خالايىق داڭلايدۇ ئۇنى،
ئۇنىڭمۇ كۆڭلىدە قالمايدۇ ئارمان.

*

ئايا دوست، ئارتقا ئەمەس، ئالدىڭغا باق،
تەۋەررۈك بۇ دەۋران، ئاڭا كۆكسۈڭنى ياق.
ئەل بىلەن تەڭ ئۆرلە كۆككە، چېلىش تىنماي،
شۇندا مەڭگۈ بولغاي سېنىڭ يۈزۈڭ ئاپئاق.

*

ئەقىل بىلەن تارىخىڭغا سالغىن بىر نەزەر،
بار ئىچىدە سانسىز ئىنجۇ - مەرۋايىت، گۆھەر.
سەن ئۇلاردىن كەلگۈسىڭگە قۇر پۇختا بىنا،
يېڭى ئىنجۇ بوپ قوشۇلسۇن سەندىن ئاققان تەر.

*

كۆپ ئەسىرلەر ئەجدادلىرىڭ تۇتتى بۇقۇسا،
سېنىڭ دەۋرىڭ كەلگەن چاغدا ئالماشتى سوقا.
نېسىپ بولدى ئوغلۇڭ ئۈچۈن ئەنە تراكتور،
ئېلېكترون ئەسۋاب بولغاي نەۋرەڭگە ھەمرا.

*

ۋاقىتنى ئۇشلاپ تۇت، چەكمە نادامەت،
نادامەت بېشىڭغا سالغاي مالامەت.
پۇشايمان نە كېرەك، ئۆتكەندە پۇرسەت؟
بۇ ئۆمۈر ئادەمگە كېلەر بىرلا رەت.

*

پۇشايمان بىلەن ئارقىغا قايتقۇلۇق ئەمەس،
ئۆتكەن ئۈچۈن كۆپ ئەلەم تارتقۇلۇق ئەمەس.
ساۋاق ساڭا بېرىدۇ ئاچچىق ھەقىقەت،
شۇنى بىلىپ ئالدىڭغا مەزمۇت ماڭساڭ، بەس!

*

ناخشاڭدا ئېلىڭنى كۈيلىگىن، شائىر،
بۇلبۇلدەك توختىماي ئۈنلىگىن، شائىر.

*

مۇھەببەت ـ نەپرەتنىڭ ھەق ھەكەمى بول،
ھەقىقەت ئۈچۈن ھەق سۆزلىگىن، شائىر.

*

قۇتلايمەن تويۇڭنى ۋەتىنىم يەنە،
سۆيۈنۈپ دىلىمدىن قىلىپ تەنتەنە.
چىرايىڭ ئېچىلغان دەم ماڭا بايرام،
بۇ ماڭا خۇشاللىق، مەڭگۈ ئەنئەنە.

*

گەر لاچىن كۆرسىلا بوران قەرىنى،
ئۇنتۇتماس ھېچقاچان قۇياش قەدرىنى.
گۈلىستان ئىچىدە ياشىغان بۇلبۇل
بىلىدۇ باغۋەننىڭ تۆككەن ئەجرىنى.

*

پاكىز بول، ناپاكقا يېقىن يولىما،
ئەتىر گۈل غولىغا ئازغان ئۇلىما.
چېقىمغا ئىشىنىپ ۋاپادارىڭنى،
رەقىبىڭنىڭ تورىغا ھەرگىز سولىما.

*

مۇبارەك! تويۇڭغا ئەي ئەزىز ماكان،
ئەبەدىي يار بولسۇن ساڭا شەرەپ ـ شان!
چىلىشقان كۆڭۈللىرىڭ چىقمايدۇ ئەستىن،
پۈتۈلگەي شەنىڭگە تۈمەنلەپ داستان.

*

كۆكلۈڭگە زوق بېرەر تارىم ناۋاسى،
سامادا ئەكس ئېتەر بۇغدا ساداسى،
قۇتلۇقلاپ ئەل ـ يۇرتنى ياڭرىتىپ قوشاق،
قاينايدۇ پەيزىلىك قەشقەر ساماسى.

*

يىغلاپ تۆرەلدىم، كۈلۈپ كېتىمەن،
كۆڭلۈم توق، كۆزۈمنى يۇمۇپ كېتىمەن،
ئېلىمنىڭ كەلگۈسى پارلاق يەنىمۇ،
كۆرۈشكە ئەۋلادنى قويۇپ كېتىمەن.

*

ئۆز ئەجرىڭ مېۋىسى ئۆزۈڭگە تاتلىق،
كۆڭلۈڭگە بېرىدۇ ھۇزۇر ۋە شادلىق.
باشقىنىڭ ئەجرىگە قول سوزما ھەرگىز،
بولمىغىن ئەل ئارا يامان ئاتاقلىق.

*

زەپ ئېسىل ياڭرىدى مۇقام ناۋاسى،
قوشۇلدى بۇلبۇلنىڭ ئۇنلۇك ساداسى،
غەمخانە كۆڭلۈمنىڭ ئېچىلدى گۈلى
تېپىلىپ قەلبىمنىڭ ئوبدان داۋاسى.

*

ئار بىلگەن ۋىجدانلىق، ھەقىقىي ئادەم
ۋەتەنگە تىكەر جان، ھەممىتى ھاتەم.
چاقناتسا ساداقەت زۇلپىقارىنى،
كېلەلمەس روبىرو ئۇنىڭغا رۇستەم.

*

بىلمىسەڭ مايسىنى تاقلىمىقىڭ تەس،
بىخۇد سەن، ئۆزۈڭنى ساقلىمىقىڭ تەس.
ساپ ۋىجدان ھەممىشە يارىڭ بولمىسا،
ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىمىقىڭ تەس.

*

ئالتاينىڭ قارىغىيى زەپ مەزمۇت ئىكەن،
شۇڭا ئۇنى قىزىل قارىغاي دەپ ئاتايدىكەن.
كىشىلەرگە نەپ بەرگەچكە مەردانەبولۇپ،
ھەممە ئۇنى ئەتىۋارلاپ بەك ئاسرايدىكەن.

ئابلىكىم خېۋىر

# خىيالىمدا يانغان چىراغلار

## چۈش نەغمىسى

لىرىك بىر ئاھاڭغا يۆتكەپ نەغمىنى،
چۈش كەبى دۇنياغا باشلىدىڭ مېنى.
ھەممە ئۆلۈپ كەتكەن گۈزەللەر تۇرغان
ئاجايىپ بىر باغقا تاشلىدىڭ مېنى.
بارچە گۈزەللىكنى قىلدىم تاماشا،
ئاشۇرۇپ كۆڭلۈمنىڭ زوقى-شوقىنى.
ئۇچەتتە بىر توپ قىز، بۇ چەتتە بىر توپ،
ھەممىسى شارابقا چىلىلايدۇ مېنى.
بارچە ئايجامالار چۆرەڭدە تۇرسا،
بىلمەكمۇ تەس ئىكەن نەرخى-پەرقىنى.
باردۇ گۈزەللىكتە ئۇلارنىڭ شاھى،
ئىزدەپ تاپالمىدىم ھەممە يېقىنى.
بىر چاغ كۆزۈم چۈشتى بىر ئابىدىگە،
ئۇنىڭغا ئويۇشقان چۈش نەغمىسىنى.
شۇ تاشقا پۈتۈلگەن قۇرلاردا ئىچچام
تىرىكلەر دۇنياسى تاپقان ئەكسىنى.
يارقىن تەسۋىرلەپتۇ بىزنىڭ دۇنيانى
گۈزەللەر بېغىدىن گۈزەلمىش تالاي.
بىزدە بار تۆت پەسىل ئۇلاردا يوقكەن،
يوق ئىكەن تۇغۇلۇش، ئۆلۈم، باي، گاداي.
ئۇلاردا يىغا يوق كۈلكىلا بارمىش،
يىغلىساق دەيدىكەن بىراق ئامال يوق.
جېدەل-ماجىرالارمۇ بولماسمىش زادى،
مۇھىمى، ئۇلاردا ھېس ۋە خىيال يوق.
توختاتقىن نەغمەڭنى جايىمغا كېتەي،
ياشاشقا ئالدىراي ئۆز دۇنيايىمدا.
دېسكو مۇزىكىسى ئويۇنىغىن بىردەم،
قىمىر قىلما، دېسەڭ ياتقان جايىمدا.
دېسكودەك شاۋقۇنلۇق بىزنىڭ بۇ ھايات،
بارچە ھەرىكىتىمىز بىر گۈزەل ئۇسسۇل.

ھاياتنىڭ قەدرىگە يەتسەڭ دوستلىرىم،
گۈزەللەر بېغىدەك گۈزەل ئۇلۇغ ۋە سول.

## مەن يەردىلا ياشاۋاتىمەن

بەزەن تاغلارغىمۇ يامىشىپ باقتىم،
بىلمەيمەن كەتمەكچى ئۆزۈم قەيەرگە.
بەزەن ئۆگزىلەردىن سەكرەپمۇ كۆردۈم،
تاشلانغان كېسەكتەك چاپلاشتىم يەرگە.
ھەركىملەر پۇتۇمغا پىشاڭلار قويۇپ،
مېنى مۇئەللەققە سەكرىتىپ باقتى.
تاماكا چەككەنلەر چىقارغان ئىسنى،
بۇلۇت ئاشۇ، دېدى سەگىتىپ باقتى.
ئۆزۈمدە ئۆزۈمچە ئېغىرلىق باركەن،
يەرگە چاپلاشقانچە ياشاۋاتىمەن.
ئەسلى قوم-توپىغا كۆنگەن بۇ تېنىم،
قەيەردىم قېچىشسا قاشلاۋاتىمەن.
يەرگە چاپلاشقانچە ياشاۋاتىمەن
توپىدىن بىر ئۇۋا ياساۋاتىمەن.

## ئىككى چىراغ، ئىككى پەنجىرە

ئېغىر ياتقۇ، چۈشكە پاتقان،
مەھەللە تامام.
ياشاڭغۇراپ كۆيەر پەقەت
ئىككى ئۆيدە شام.
ئۆيلەر يېقىن، پەنجىرىلەر
روبىرو تۇرار.
چۈشكەن نۇرغا پەرۋانىلەر،
ئۆزىنى ئۇرار.

*        *

يىللار باتۇر، ئۆرۈپ ئالدى
ئارۇز بوۋاينى.
تۆشەك ئۆزرە دۆۋىلىدى
بىر باغ قوراينى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۆمۈر بويى بويتاق ئۆتكەن
بوۋاينىڭ ھالى —
لەرزىگە سەپ قويدى مانا
قوشنا مومايىنى.
نەچچە ۋاقىت بالىلىرى
توسقانغا باقماي،
يوقلاپ تۇردى كۈندە ئۇنى
بارنى ئايىماي.
بالا دېگەن چۈشىنەمدۇ
ئانا قەلبىنى.
چۈشىنەمدۇ كىشىلىكتە
قوشنا ھەققىنى.
مۆمكىن بولسا سۆزلەپ بەرسە
موماي ئۆتكەننى.
بالىلىرى چۈشەنسىمۇ
دىلغا پۈككەننى.
شام كۆيىدۇ، ياش تۆكۈدۇ،
ئادا قىلىپ پەرز.
غايىب بىر ئۈن ئاڭلىنىدۇ،
گويا سۆيلەپ قەرز.

* *

گۈزەل بىر قىز، نە قىز، بىر ئوت
ياندى مەلىدە.
نە مەلىدە، ياندى بىر توپ
يىگىت قەلبىدە.
ئارزۇ توستى قىز يولىنى
بەختىنى سىناپ.
جاۋاب بەرمەس قىزچاق زادى
ئارزۇنى قىيناپ.
قىز ئاخىرى دېدى ئاڭا
كۆزۈمگە قارا!
ئۆيۈڭگە بار، ئەينەك تېپىپ
يۈزۈڭگە قارا.
قىز كۆزىگە باقتى ئارزۇ
بىر جۈپ چولپانغا.

يەك يۇلتۇزى خىرەلەشتى
بىرلا باققانغا.
ئارزۇ ئارتقا بۇرۇلدى-دە،
جۆنىدى، كەتتى.
خورلۇق، ئەلەم تۇتتى ئۇنى
گاس-گاراڭ ئەتتى.
راس، چەپ كۆزۈم بالىلىقتا
چېچەكتە كەتكەن.
تەقدىر مېنى مانا شۇنداق
يەك چەشمە ئەتكەن.
بىرنى ئېلىپ، بىرنى ئالماي
كەتكەن ئەي خۇدا.
گۇناھ نېمە، جازالايسەن
مېنى سەن ئۇدا؟
كۆرمىسە كۆز، ئاشۇ ئوتقا
چۈشمەيتتىم پەقەت.
ئىككىسىنى ئالغان بولساڭ
يوق ماڭا بۇ دەرت...
قىسمەم ئىچتى ئارزۇ شۇندا
بويتاق ئۆتۈشكە
ئاتلاندى ئۇ ياقا يۇرتنى
پاناھ ئېتىشكە.
مەڭدىدى قىز، ئۆز گېپىدىن
پۇشايمان يېدى.
پاك نىيەتنى خورلىغىنىم
گۇناھقۇ، دېدى.
ئۆز خىلىمغا قوشالمىدىم
زادىلا سېنى.
بىراق تەگدىم غۇرۇرىڭغا
كەچۈرگىن مېنى...

* *

يىگىت كېتىپ، قېرىپ ياندى،
ئۆز يۇرتىغا ئۇ.
قېرىلىقنى تەنھا ئالدى
ئۆز بويىنىغا ئۇ.

ئۇنى سەرسان قىلغان ئۆزۈم
دەپ ئويلار موماي.
ياشلىق دېگەن باشقا ئىشكەن
دەپ ئويلار بوۋاي.
بوۋاي غېرىب، موماي غېرىب،
ئىككى ئۆيگە بەنت.
موماي كۆتەر گۇناھىنى
يۈيۈدىغان پەيت.
بالىلارغا ئىنساپ بەرسە،
بىلسە ئاخىرى؛
بىرلا چىراغ يانسا تۆندە
ۋە ئۆچسە بىرى.

*     *

ئېغىر ياتقۇ، چۈش قوينىدا
مەھەللە تولۇق.
ئىككى ئۆينىڭ پەنجىرىسى
تېخىچە يورۇق.

**شېئىرىيەت ئىلاھى، ئېپ كەتمە ئۇنى**
**(شائىر تېيىپجاننىڭ نامىزدا ئويلىغانلىرىم)**

بىزلەرنى شۇ قەدەر قاقشىتىپ زار-زار،
شېئىرىيەت ئىلاھى ئېپ كەتمە ئۇنى.
پۈتۈڭغا باش قويدۇم، كەتمىسۇن بىكار،
ئەجەلگە تىك تۇرغىن ئىللاھ، بىر قېنى!
ئىللاھلىق كۆرەيلى بىر رەت سېنىڭدىن،
يېتىم قىلما ئۇيغۇر شېئىرىيەتنى.
يېتىملەر زارىغا كۆمۈلگىنىڭدىن
تۈزەتكىن ئەجەلنىڭ تەرتىپ-رېتىنى.
ئۇ ئېيتقان: «مەن قېرىپ ئالجىغان چاغدا
ئۆزۈم ئەزرائىلنى ئىزدەپ بارىمەن.»
ئۇ ياشلىق باھارىنى باشلىغان قايتا
شېئىرىيەت سېپىدە جۇشقۇن ۋە تېمەن.
ئۇنىڭ ئاشۇ پىكرى يەتكەن بولغىيدى
شېئىرىيەت ئىلاھى قۇلاقلىرىڭغا؟!
بىلمەيمەن، ئەقلىڭنى نېمە بۇلغىدى،
جاۋاب بەر، ئىلاھىم، سوراقلىرىمغا!
ئۇنىڭ ئاشۇ پىكرى چىن پىكىر ئىدى،
ھەتتا كۆزىمىزدىن ئۇيقۇ قاچۇردى.
ياش تۇرۇپ ئالجىغان تۇلۇم چاشقانلار
شائىر قىممىتىڭنى ھەسسە ئاشۇردى.
پىكىر دېگەننىڭغۇ قىلىدۇ ئادەم،
شېئىر دېگەننىڭغۇ يازىدۇ ئادەم.
شۇنداق پىكىرلەردىن قېنى نەچچىنى
ئاڭلىدى بىز ياشاپ تۇرغان بۇ ئالەم؟

**خىرە يانغان چىراغلار**
**(قىز قەلبىدىن)**

خىرە يانغان چىراغلار،
كىم پىكىمگە قونساڭچۇ؟!
قاردىچۇقۇمغا يەتمىدى،
نۇرلىرىڭنى سۇنساڭچۇ؟!

ماڭسام، ماڭسام يىراقلاپ،
مېنى تاشلاپ قاچىمغىن.
كىرپىكىمدە ياش كۆرۈپ،
سەنمۇ كۆڭۈل ئاچمىغىن.

ئۇغۇ كەتتى، سەن كەتمە،
مېنى مازاق ئەتمىگىن.
ئاڭا كەتمەك ئاسانكەن،
ئاھ... تەس مېنىڭ يەتمىكىم.

خىرە يانغان چىراغلار،
كۆز يېشىمنى تېشىپ ئۆتم
تال-تال ئالتۇن نۇرۇڭنى
كىرپىكىمگە ئىشىپ ئۆت؟!

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

**مامۇت زايىت**

# غەزەللەر

1

يۈرمەن دىلبەر، ئۆزۈڭگە تەلپۈنۈپ،
سېھىرگەر جادۇ كۆزۈڭگە تەلپۈنۈپ.
ئىچمىدىم ۋەسلىڭ مەيىدىن بىر يۇتۇم،
بال كەبى شېرىن سۆزۈڭگە تەلپۈنۈپ،
بولدى ۋەدەڭ مەن ئۈچۈن تەسكىن - ئوزۇق
ياز ئۆتۈپ كەتتى كۆزۈڭگە تەلپۈنۈپ.
تىكمىدىم تويلۇق لىباسىنى تېخىچە،
پۈتمىگەن شايى - بۆزۈڭگە تەلپۈنۈپ.
بەر جاۋاب، مامۇت ئەمەس باقىي جاھان،
بولمىسۇن تۇپراق، يۈزۈڭگە تەلپۈنۈپ...

2

پىراقىڭدىن كۆزۈم ياش - نەم بولۇپتۇ،
«ئېلىپ» قەددىم گويا «دال» - خەم بولۇپتۇ
ۋاپا بابىدا چەكتىم كۆپ رىيازەت،
ئوزۇق - رىسقىم ھەمىشە غەم بولۇپتۇ.
رەقىبلەر ئاتتى غەيۋەت رەشكىدىن تاش،
يارامغا رىغبىتىڭ مەلھەم بولۇپتۇ.
ئۆتۈپتۇ كۈنلىرىم ھىجرىڭدە سەرسان،
ئۈمىد - غەيرەت ماڭا ھەمدەم بولۇپتۇ.
قاچان دېيسەن نىگار: «مامۇتقا سۇنغان
ۋىسالىمنىڭ شارابى كەم بولۇپتۇ»...

3

دىلرەبا، سەن بىرلە بەزمە تۈزمىدىم،
ساقلىدىم، غۇنچە گۈلۈڭنى ئۈزمىدىم.
مەن تۇرۇپ غەۋۋاس مۇھەببەت بەھرىدە،
قۇت - ۋىسالىڭدىن گۆھەرلەر سۈزمىدىم.
توستى ئالدىمنى رەشىك تەمساقلىرى،
كۆللىرىڭدە شوخ بېلىقتەك ئۈزمىدىم.
سۇندى باشقا نازىنىن تەكلىپ ماڭا،
ئۆزگە بىرلە ئەھدۇ - پەيمان تۈزمىدىم.
كۈتتى مامۇت، سېغىنىپ ھەردەم سېنى،
باشتىكى ۋەدەمنى ئەسلا بۇزمىدىم...

4

مەندەك مەرد يىگىتنىڭ بولدۇڭ جانانى
تەلپۈندى كۆڭلۈمنىڭ زېمىن - ئاسمانى.
«سۆيىمەن» — بۇ گېپىڭ پاك ئەقىدەمنىڭ
بولدى بىر مۇقەددەس قىبلە - ئىمانى.
سەن دېدىڭ: «بۇلبۇلسەن، مېنى كۈيلىگەن»
ياڭرىدى قەلبىمنىڭ ساڭا داستانى.
كۈيۈمدىن ئەل ئارا چىقتى شۆھرىتىڭ،
ئاتالدىڭ گۈزەللىك، سۆيگۈ سۇلتانى.
مىڭ ئەپسۇس، ئالداپسەن مامۇتنى دىلبەر،
ئاخىرى چۆل بولدى ۋاپا بوستانى...

5

ئاي يۈزۈڭنىڭ ئالدىدا مەن لال، سەنەم،
مەن ئەمەس كۈرمىڭ يىگىت بى ھال، سەنەم.
مۇپتىلا بولغان چېغىمدا ياش ئىدىم،
يەتمەيىن ۋەسلىڭگە بولدۇم چال، سەنەم.
بەردىمۇ خىزىر ساڭا ئابىھايات،
تۇرىسەنغۇ يانا ياش - نىھال، سەنەم.
قانچە يىل ھىجرىڭدە تارتتىم دەرد - پىراق،
بەردى رىغبەت قايتىدىن ئىقبال، سەنەم.
قىل نىگاھ، مامۇتقا بۇسە سوغا تۇت،
پاك ئەقىدە بولمىسۇن پايىمال، سەنەم...

6

بەختىيارمەن جان نىگارىم سەن بىلەن،
لېۋى گۈل، كۆزى خۇمارىم سەن بىلەن.
دەشتتە يۈرسەممۇ كۆرۈنگەي ماڭا باغ،
قىشتىمۇ ياشنار باھارىم سەن بىلەن.

سەن ئىلاھە، ماڭا يول كۆرسەتكۈچى،
تۈگىمەس جۇرئەت-مادارىم سەن بىلەن.
سەن لىرا سەن، بەرگۈچى ئىلھام ماڭا،
كۆلدى نەزمە لالىزارىم سەن بىلەن.
قىلدى ئالەمگە جاكار مامۇت شۇنى:
بىر ئۆمۈر ئۆتمەك قارارىم سەن بىلەن.

7

سەھەر ۋاقتى سەن ئويغاندىڭ، دىل ئىپچىلدى،
دىماغىمغا چاچلىرىڭدىن ھىد چېچىلدى.
بۇ ھىدىڭنىڭ ئالدىدا خوتەن ئاھۇسى،
سوراپ قالدى: «ئۇ ئىپار قانداق يېتىلدى؟»
دېدىم: «نىگار چېچىمۇ ئىپار ئىشلەيدۇ،
مۇشكى-ئەنبەر سېپىپگە خۇشبۇي قېتىلدى»
دەيدۇ تېخى يار چېچى: ئىپارىم ھىدى
ئەسلى ئاھۇ تەرەپتىن بۇلاپ كېتىلدى.
«نىگار، مەڭگۈ كەتمىسۇن مۇشىك ھىدى سەندىن»
دېدى مامۇت، تىلەكتىن غەزەل پۈتۈلدى...

8

پەقىرلىق ئىستىمە دىلبەر، غېمى ياخشى.
گاداي بولساڭ، دېمەس ھېچكىم سېنى ياخشى.
شەرەپشان تەختىدىن موللا قىلدى غۇربەت،
بۇگۈن دەيدۇ پەقىرنى كىم قېنى «ياخشى»
تۇغۇلماس باي-گاداي ئۇنۇۋاندا ئىنسان،
ئەقىللىق، مەرد ۋە ئىشچاننىڭ كۈنى ياخشى.
بوشاڭ، ھۇرۇن كىشىدە بولمىغاي ئابروي،
ئۇلارنىڭ ياپرىماس ئۆمرى-جېنى ياخشى،
ئەگەر غۇربەتتە قويسا سېنى بۇ مامۇت،
دېگىن كاززاپ، دېمە ئەسلا ئۇنى ياخشى...

9

تۇغۇلدۇڭ، ئەركىن ئۆستۇڭ بۇ ۋەتەندە،
قىزىلگۈلسەن ئېچىلغان ئۆز چىمەندە.
ۋاپا بابىدا بىلدىم سېنى تەنھا،
ئۆزۈم بۇلبۇل، ھاياتىم ساڭا بەندە.
قاچان كۆردۇم سېنى، باغلاندى كۆڭلۈم،
كويۇڭدا شېئىرىي ئىلھام ئۇردى خەندە.
چىرايلىق، ئاقىل، ئىشچان، شوخ نىگار سەن،
ئاقار ئىشقىڭ قېنى جىسمۇ-بەدەندە.
بەختلىك بولدى مامۇت قۇچتى ۋەسلىڭ،
سېنى قوغدايدۇ ئاسراپ جانۇ-تەندە.

10

ئىدىڭ ئىشقىم كۆكىمنىڭ ئۆز ھىلالى،
خۇشاللىق بېغىمنىڭ نوتا-نىھالى.
ماڭا ھىجرىڭدە تۈنلەر ئۇيقۇ ھارام،
سەھەر-شامدا ۋىسالىڭنىڭ خىيالى.
تالاي خەت-نامىلەر قالدى جاۋابسىز،
سېنىڭسىز ئاشتى كۆڭلۈمنىڭ مالالى.
ئۇنۇتتۇڭمۇ مېنى يا، بولمىسا گەر،
نېمىشقا دېمىدىڭ «قانداقتۇ ھالى؟»
ئازاب خۇمدانىدا كۆيمەكتە مامۇت،
جاۋاب ياز، بولمىسا ساڭا ئۇۋالى...

11

ۋەدە بەردىڭ، قىلمىدىڭ ئەمما ۋاپا،
خۇددى زالىمدەك ماڭا سالدىڭ جاپا.
ھىجرۇ-پۇرقەت دەشتىگە تاشلاپ مېنى،
يات بىلەن پىنھاندا تۈزدۇڭ كەيىپ-ساپا.
ئالدىماق بولدۇڭ، قالدىڭ ئالدىنىپ،
غەيرىلەر قىلدى سېنى قۇچاق-لاتا.
كېچىكىپ تاپتىڭ ئەقىلنى سۆيگۈدە،
«ئاھ!» دېدىڭ، ماڭغان يولۇڭ بولغاچ خاتا.
تۇۋا، ئالدىمغا كېلىپسەن نازلىنىپ،
سۆيمىگەي مامۇت سېنى، بولما خاپا...

12

سانسىز ئىنسان قېرىدى، ئالەم قىز قالدى،
كۆرمىدىڭ قەسىر پەسلىدى، كۆك ئېگىز قالدى.
ئابىھايات ئىستىدى كىشىلەر، ئەمما،
ئەجەل كۆرمەي نە ئورۇق، نە سېمىز قالدى؟

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



تالاي شاراب ئىچىلدى، قانلار تۆكۈلدى،
يەر شارىدا يانا قان، مەي ـ قىمىز قالدى.
تارىخ، پەلەك سەتھىدە ئادەملەر يازغان،
جەڭ ـ تىنىچلىق، كەچمىش قامۇس ـ ئىز قالدى.
غاپىل بولما ئەي مامۇت. قىسقا ئۆمرۈڭدە
بۇ جاھاندا نى ئۇلۇغ، نى ئەزىز قالدى؟...

13

كەلگەندە ئامەت ـ ياز ماڭا.
ياڭراتتىڭ ئالقىش ـ ساز ماڭا.
ئېيتتىڭ «ۋاپادارىڭ بولاي»،
قىلدىڭ كەرەشمە ـ ناز ماڭا.
نەپ ـ پايدا ئالدىڭ. يايرىدىڭ،
دائىم بولۇپ ھەمراز ماڭا.
نەدىن بىلەي يۈز ئۆرىدىڭ،
كەلگەندە جۇت ـ ئاياز ماڭا.
مامۇت دىدى: مەن دۆت ـ نادان،
بۇ كۆرگۈلۈكمۇ ئاز ماڭا.

14

ماڭا ئىشقىڭ چۆلى گۈلزار ـ چىمەندۇر،
نە گۈلزار، خۇددى پىر دەۋرىسى ۋەتەندۇر،
سىنىڭ يادىڭ، خىيالىڭ مەن ئۈچۈن قۇت،
سىنىڭسىز ھىدلىغان گۈل خار ـ تىكەندۇر،
سىنىڭسىز كەڭرى ئەرشىمۇ ماڭا زىندان،
ئۆزۈڭ بار گەمە. غار ئەرشتىن بەلەندۇر،
سىنىڭسىز تەختى جەمشىد، شاھى لىباس،
ماڭا مۇزدەك لەھەت، جۇل ـ جۇل كېپەندۇر.
رەقىبلەر بەرسە بال، ئوغا تۇيۇلغاي،
ئۆزۈڭ تۇتقان زەھەرمۇ ماڭا قەندۇر.
ۋىسالدىن قىلمىغىن مامۇتنى مەھرۇم،
ئۆمۈرلۈك دىلرەباسى بىرلا سەندۇر.



# قارىغايسۇ جىلغىسىدىكى كۈلكە ۋە كۆز يېشى

زوردۇن سابىر

(ھېكايە)

قارىغاي بىلەن سۇ مەنزىرە گۈزەللىكىنىڭ ئاساسى. جانلىق تەبىئەتتىمۇ، رەسساملاردىمۇ شۇنداق: بۈك قارىغايلىق ئارىسىدا قوزىدەك قىيغىتىپ ئېقىۋاتقان بۇژغۇنلۇق تاغ سۈيى كىشىگە ئۆز تىلىدا سۆزلەيدۇ، ھېسسىيات، ئىلھام سۇنىدۇ. سىز بۇ سوۋغىنىڭ كۈچى بىلەن بەرگىدە شەبنەم يالتىراپ تۇرغان بۇ تاغ گۈللىرىنى، سۈزۈك سۇ ئاستىدا كۈلۈپ تۇرغان رەڭدار تاشلارنى ھېسسىياتىڭىزدا پىشقان گۈزەل مىسرالار بىلەن مەدھىيىلەيسىز. شۇنداق، قارىغاي بىلەن سۇ ھەرقانداق بىر نورمال يۈرەكتە شېئىرىي پىكىرلەرنى پەيدا قىلىدۇ. تەڭرىتاغنىڭ بۇ كىچىككىنە غولچىسىغا «قارىغايسۇ» دەپ ئىسىم قويغۇچىنى ئۆلمەس بىر مىسرا شېئىر قالدۇرۇپ كەتكەن نامسىز شائىر دېيىشكە ھەقلىق بىز. چۈنكى بىز ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ غەمخورلۇقى بىلەن بۇ غولچىدا تەبىئەت ئۆز قوينىدا يوشۇرۇپ كەلگەن گۈزەللىكنىڭ راھىتىنى كۆردۇق. بۇ غولنىڭ ئىككى قانىتىدىكى قويۇق قارىغايلار، كېچە-كۈندۈز سۆزلەپ تۇرىدىغان تىلسىز تاتلىق تاغ سۈيى بىزگە بۇ يەردىكى ھېكمەتلىك ئىشلاردىن نۇرغۇن ھېكايىلارنى سۆزلەپ بەردى. ئەلۋەتتە تەبىئەتمۇ ئادەملەرنىڭ غېمىنى يەيدۇ. ئۇلار بۇ غولغا جايلاشقان تەجرىبە پونكىتىدا ئىشلىگۈچى ياشلار توغرىسىدا كۆپرەك سۆزلىدى، ياشلار بار يەردە كۈلكە-ناخشا بازار تاپىدۇ، كۈلكە كۆز يېشىنىڭ ئانىسى. كۈلكە بىلەن كۆز يېشى بىر-بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ.

— كىم توغرىسىدا يازماقچىسەن، ھەي چاباش يازغۇچى؟ — قېرى قارىغاي مەندىن سورىدى.

— ھۆرىگۈلگە تولىمۇ ئامراق ئىكەنسىلەر، — دېدىم مەن قېرى قارىغايغا، — شۇ قىز توغرىسىدا ئېيتىپ بەرگەنلىرىڭنى يېزىپ چىقسام قانداق دەيسەن؟

— جايىدا، شۇ قىزنى ياز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

... هۆردگۈل ئالىي مەكتەپنىڭ يۇ-
قۇملۇق كىسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش
كەسپىنى ئەلا پۈتتۈرۈپ بۇ ناھىيىگە
تەقسىم قىلىنىشتىن بۇرۇنلا قارىغايسۇ غول-
چىسىدىكى تەجرىبە پونكىتىنىڭ داڭقىنى
ئاڭلىغان، بۇ يەرگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىن-
غاندىن كېيىن بولسا ئۆرۈمچىدە قالالمىغانلى-
قى ئۈچۈن روھسىزلانغانلىقىنى تېزلا ئۇن-
تۇپ، ئاخىرقى باھار بىلەن ياز ئايلىرىنى
كۆڭۈللۈك لابوراتورىيە ئىلمىي ئىشى ۋە
يايلاق قېدىرىپ تەكشۈرۈش بىلەن ئۆت-
كۈزگەن ھېسسىياتچان، خۇش خۇي قىز. بۇ
قىز سەككىز ـ توققۇز يىگىتنىڭ ئارىسىدا
يالغۇز ئىشلەيدۇ. پۈتۈن يايلاقنىڭ نەچچە
ئون مىڭ تۇياق مېلىنى يۇقۇملۇق كېسەل
ئاپىتىدىن ساقلاپ قېلىشىنى ئۆز ئۈستىگە
ئېلىشقان بۇ ياشلارنىڭ ئىشى تولىمۇ ئالدى-
راش. ئۇلار بۇ غولچىدا ئۈچ ـ تۆت ئاي
ئىشلەيدۇ، ئەمما پۈتتۈرگەن ئىشلىرى تو-
لىمۇ كۆپ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار دائىم
مۇكاپات ئالىدۇ، ماختىلىدۇ، لېكىن يىگىت-
لەرنىڭ ئىچى پۇشۇدىغان چاغلار كۆپ
بولىدۇ، ئۇلار ھەرقانچە ئالدىراش بولسى-
مۇ قىزلار توغرىسىدا سۆزلەش، ئويلاشنى
ئۇنتۇپ قالمايدۇ. يىگىتلەرنىڭ ھەممىسىلا
يالغۇزقىز ھۆردگۈلگە سۇركىلىپ بېقىشقا پۇر-
سەت ئىزدەيدۇ. لېكىن قىز ئۆزئىشى بىلەن سۇ-
غۇر، ئۇزۇن قۇيرۇق سېرىق تۇلۇم چاشقان تۇ-
تۇش، گۇمانلىق جايدىكى سۇغۇرنىڭ سانىنى
ئېلىش ئۈچۈن بىر گېكتار يەردىكى سۇغۇر
تۆشۈكلىرىنى ئېتىپ قويۇپ، ئەتىگەنلىكى
نەچچىسى چىققانلىقىنى ساناپ چىقىش،
قايتىپ كېلىپ گۆللەر ئارىسىدىكى كۆچمە
لابوراتورىيىدە مۇداپىئە كىيىملىرىنى كى-
يىپ، مۇداپىئە بۆلۈمىدە گۇمانلىق تاغ

ھايۋانلىرىنىڭ جىگەر، تال كەسمىلىرىدىن
باكتېرىيە ياساپ، ئاندىن ئۇنى ھاۋانچىدا
ئېزىپ ئاق چاشقانغا ئوكۇل قىلىپ سىپلىش
ۋە باشقا لابوراتورىيىلىك تەكشۈرۈشلەرنى
ئېلىپ بېرىش بىلەن ئالدىراش. شۇنداقتى-
مۇ تاغ مەنزىرىسىدىن، تاغنىڭ پۇراقلىق
ھاۋاسىدىن لەززەتلىنىپ شېئىردي ھېسسى-
يات بىلەن ناخشا ئېيتىشنى ئۇنتۇپ قال-
مايدۇ، ئۇنىڭ ئاق سېرىق يۈزىدە، كۆكۈچ
ئويناق ئوماق كۆزلىرىدە تاغ مەنزىرىسىگە
بولغان مۇھەببەت نۇرلىنىپ تۇرىدۇ، تاغ
ھاۋاسىمۇ ئۇنىڭغا كېكەچ ئاشپەز يىگىتنىڭ
مەززىلىك تاماقىدەك لەززەتلىك بىلىنگەچكە،
ئۇ مانا بۇ يەرگە كېلىپ ئىككى ئاي ئۆت-
مەيلا ئىككى مەڭزىدىن قان تېمىپ تۇر-
دىغان، ئاۋازى جاراڭلىق، قول ـ پۇتلىرى كۆچ-
لۈك، ساغلام تاغ قىزىغا ئايلاندى، ئاخشاملىرى
كېكەچ ئاشپەزنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ئېلېكتر
ماشىنىسىنىڭ چىراغلىرىدىن نۇرلانغان
چىمەنلىك سەينادا سەپداشلىرى بىلەن
تانسا ئويناپ زادىلا چارچىمايدۇ. قاچانلا
قارىسىڭىز ئۇنىڭ چىرايىدىن كۈلكە، كۆز-
لىرىدىن بەخت يېغىپ تۇرىدۇ، ئۇ ناخشا
ئېيتىپ تۇرۇپ تانسا ئوينايدۇ، بۇ يەردى-
كى يىگىتلەردىن ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلمايدىغىنى يوق. ئۇ يالغۇز بولغىنى ئۈچۈنمۇ
ياكى راستىنلا ئوماقىمۇ بۇ تەرىپى
ياشلارغىمۇ قاراڭغۇ. ئۇنى بەزىدە
كېكەچ ئاشپەز خاپا قىلىپمۇ قويىدۇ. ھەتتا تانسا ئويناشتىنمۇ زېرىكتۈ-
رۈپ قويىدۇ، ئۇ قىزنىڭ بېلىنى بىلەكلىرى
بىلەن يېرىم قۇچاقلاپ تۇتۇۋېلىپ، قىزنىڭ
كۆزىگە تىكىلىپ قارىۋېلىپ، پۇتى تانسىغا
كەلمىسىمۇ قىزنى ئاسانلىقچە قويۇۋەتمەيدۇ. قىز ئىچىدە تېرىكىدۇ، لېكىن كېكەچنى

كەچۈرۈۋېتىدۇ ۋە بۇ كۆڭۈلسىزلىكنى تېزلا ئۇنتۇپ:

— ئابۇش ياخشى، تانسىنىمۇ ياخشى ئوينايدۇ!— دەپ بارمىقىنى كۆرسىتىپ قويىدۇ، جىسمانىي جەھەتتە ئەيىبلىك بولغان ئادەملەر باشقىلارنىڭ ماختىشىغا تولىمۇ موھتاج بولىدۇ-دە، كېكەچ قىزنىڭ ھۆرىگۈل دېگەن ئىسمىنى دېيەلمىسىمۇ ھۆ ھۆ ھۆ!... دەپ ئاۋازىنىڭ بارىچە گاراڭ-گۇرۇڭ، خىرىلداپ كۈلۈپ كېتىدۇ. ئۇ ھۆرىگۈلنىڭ ماختىشى بىلەن مەست بولۇپ، چۈشلۈك تاماقتا ئالاھىدە زوق بىلەن ئىشلەيدۇ.

ھۆرىگۈل بۇ يەردىكى يىگىتلەر ئىچىدە ھەممىدىن مۇشۇ تىلسىز يىگىتنى يېقىن كۆرىدۇ. ئۇ باشقا يىگىتلەردەك قىزغا قوپال چاقچاقلارنى قىلالمايدۇ، ياكى ئەستەرلىك گەپلەر بىلەن ئۆز نىيىتىنى ئىپادىلىيەلمەيدۇ، ياكى يالىڭاچ مۇھەببەت قوشاقلىرى بىلەن ناخشا ئېيتىپ قىزنىڭ چىشىغا تېگەلمەيدۇ. ئۇ كېچىلىرى كەم ئۇخلايدۇ. شوخ يىگىتلەر بىر كۈنلۈك ئالدىراش ئىشتىن كېيىن ئاخشاملىرى ئازتولا ئىچىۋالىدۇ-دە، يېرىم كېچىدە، قىزنىڭ كىچىككىنە چېدىرىنىڭ ئىشىكىنى سىيپاشتۇرىدۇ، بۇنداق چاغلاردا ئابۇش شوخ يىگىتنى ئۈن-تىنسىزلا قارىغايلىقتا سۆرەپ ئاپىرىدۇ-دە، «ياۋاش» قىلىپ قويىدۇ، ئۇ بويى پاكار بولغىنى بىلەن تولىمۇ قاۋۇل، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشتىن قورقۇپ ھېچكىم قىزغا چېقىلالمايدۇ...

ھۆرىگۈل شۇنىڭ ئۈچۈن ئابۇشنىڭ قوپاللىقلىرىنى ئوڭايلا ئۇنتۇپ كېتىدۇ. لېكىن بەزىدە ئابۇش ئاشۇرۇۋېتىدۇ-دە، قىزنىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ. تۈنۈگۈن ئابۇش بىر قېتىم جازالاندى. ئۇلار تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن بۇ يىل 180 سۇغۇر، 95 ئىت ئاتتى. بۇلارنىڭ تولىسىنى ئابۇش ئاتقان. ئۇ بۇ پۇنكىتتىكىلەر ئىچىدە بىرىنچى دەرىجىلىك مەرگەن-دە! ئۇلار تىك تاغقا بىر ئاتقا مىنگىشىپ چىقتى، كەچقۇرۇن يەنە شۇ ئات بىلەن چۈشتى، قىزنىڭ كەينىگە مىنگەشكەن ئابۇش قىزنى شۇنچىلىك چىڭ قۇچاقلىدىكى، قىز ئۇنىڭ قوللىرىنى جەينىكى بىلەن ئىتتىرىپمۇ قويدى، لېكىن قىز بۇ قۇچاقلاشنى ئاتنىڭ ئالدىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتمەسلىكتىن مۇداپىئە قىلىش دەپ چۈشەندى، كېتىۋېتىپ ئابۇشنىڭ تۇرۇپلا شوخلۇقى تۇتتى-دە، ئاتنىڭ بېقىنىغا دىۋىتىپ پەسكە چاپتۇردى. قىز قورقۇپ ئاتتىن يۇمشاق چىمەنلىككە ئۆزىنى ئاتتى. قىز بىلەن كېكەچمۇ بىللە دومىلىدى. ئۇ قىزنى قۇچاقلاپ يانتۇ يوتىدىن سايىنىڭ تاپىنىغىچە دومىلىدى، ھۆرىگۈل بۇ كۆڭۈللۈك تاماشىدىن قاقاقلاپ كۈلدى. لېكىن سايىنىڭ تاپىنىغا چۈشۈپ يۇمشاق چىمەنلىكتە ئوڭدا يېتىپ كۆزىنى ئاچتى-دە، ئۈستىدە ھۆزۈرلىنىپ ياتقان ئابۇشنى كۆردى. ئابۇش ئۇنىڭ بويۇن-تاماقلىرىنى سۆيمەكتە ئىدى. قىزنىڭ تېخى ئەر كىشى بەدىنىدىن ھالاۋەت تاپمىغان ۋۇجۇدى بىر دەقىقىگە ئېرىگەندەك بولدى، ئۇ كۆزىنى يۇمدى-يۇ، بەدىنىدىكى تەبىئىي قىزلىق تەلەپ بىردىنلا مەنىۋى قارشىلىق بىلەن ئالماشتى. ئۇ ئابۇشنىڭ بۇدۇر چاچلىرىدىن قاتتىق سىلكىپ، كاچىتىغا بىرنى ئۇردى. ئابۇش ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى-دە، ئاشخانا تەرەپكە يۈگۈردى.

كەچتە ئۇ دۆۋدىگاتىپلىنىمۇ تۈزۈمىدى. ئۇنىڭ
روھى چۈشكۈن ئىدى. باشقىلار ئۇنىڭغا ئىش
بۇيرۇسا مىدىرلاپمۇ قويمىدى، ھۆرىگۈل
ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ كۈلدى:

— بولۇڭ، توكنى ياندۇرۇڭ، تانسا
قىلىمىز. تانسا، بۈگۈن سىزگە رۇمبا
ئۆگىتىمەن!

بىر ئېغىزلا گەپ بىلەن ئابۇشىنىڭ
ئاياغلىرى شۇنداق تېز ھەرىكەتكە كەلدى-
كى، قىز ئۇنىڭدىكى ھېسسىياتنىڭ ئادەت-
تىكى غەمخورلۇق ئەمەسلىكىنى بىرىنچى
قېتىم ھېس قىلدى.

ئۇ ئاخشىمى ئابۇشقا رۇمبا ئۆگەتتى.
قىز ئۇنىڭ قوللىرىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى
سەزدى، لېكىن چاندۇرماستىن كۈلۈپ
تۇرۇپ:

— نېمانچە بوش تۇتىسىز؟ كۈندى-
كىدەك چىڭ تۇتۇڭ، مۈرىكىزغا قولاق سې-
لىڭ، سول پۇتىڭىزنى مانا مۇنداق، ھە!...

قىزنىڭ مۇلايىم، يېقىملىق كۈلكىسى،
نازۇك بەل، يۇمشاق قوللىرى ئابۇشىنىڭ
كۆڭلىدىكى غەم-ئەندىشە بۇلۇتلىرىنى بىر-
دەمدىلا تارقىتىۋەتتى.

ئۇلار ئەتىسى يەنە ئاتلىنىپ تاغ ئۈس-
تىگە چىقتى، ھۆرىگۈلنىڭ قورقۇدىغىنى ما-
نا مۇشۇ تاغقا چىقىش، ئۇ ئېگەرنىڭ قې-
شىنى چىڭ تۇتۇپ سەل مۈكچىيىپ، ئەندى-
كىپ ئولتۇردى، ئۇنىڭ ئېتىنىڭ تىزگىنى-
نى ئابۇش تۇتۇۋالغان، ئۇ قىز بىلەن يان-
مۇيان، بەزىدە ئالدىدا ماڭىدۇ، ئۇلارنىڭ
ئاتلىرى قارىغاي ئارىسىدىكى چىغىر يولدا
ئاستا، ئېھتىيات بىلەن ماڭىدۇ. ماڭغانسېرى
ئۇلارنىڭ چېدىرلىرى شۇنچە تۆۋەندە قا-
لىدۇ. ئۆرلىگەنسېرى قىزنىڭ ئەندىشىسىمۇ
كۆچىيىدۇ، ئۇ بەزىدە ئاتلار قارىغاي يىل-
تىزلىرىدىن مۆدۈرۈپ سەكرەپ ئۆتكەندە
ۋارقىرىۋېتىدۇ ۋە بۇنداق چاغدا ئابۇش ئۇ-
نىڭغا يانداشسىپ ئېگىلىپ تۇرۇپ ئۆزىنى
ئاستا قۇچاقلاپ قويىدۇ. بۇ ئۇنىڭ قورقماڭ،
مانا مەن يېنىڭىزدا، دېگىنى.

تاغ ئۈستى چۆپلىرى ئۆسكەلەڭ،
گۈللەر غۇچچىدە ئېچىلغان تۈزلەڭلىك.
نېرىدىكى، ئۇلارنىڭ ئاستىدىكى قاپتاللار
قويۇق قارىغايلىق، شىمالى تەرەپ قىزىل-
قوڭۇر تاشلىق تىك تاغ، ئۇ يەردە تاغ
تېكىسى تولا، ئابۇش بۇ چوققىلارغا يامى-
شىپ چىقىپ تاغ تېكىسىمۇ ئاتقانىدى.
بىر-بىرىگە مىنگىشىپ مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا
كەتكەن تىزما تاغلاردىن ئابۇش بىلمەيدى-
غان چوققا ياكى غول يوق ئوخشايدۇ. ئۇ
كاۋاپ، سامسا، نارىن ئوخشاش غىزالارغا
قانچىلىك ئۇستا بولسا تاغدا يۈرۈشكىمۇ
شۇنچىلىك ئۇستا، قىز شۇنىڭ ئۈچۈن بۈ-
گۈنكى سۈغۇر سانىنى ئېنىقلاش ئىشىغا
چىقىشىدا ئابۇشنى ئېلىۋالغان، مانا ئۇلار
غۇر-غۇر شاماللىق، گۈللەر پۇراق چېچىپ
تۇرغان تاغ ئۈستىدىكى بۇ يايلاقتا ئىككى
سائەتتىن بېرى ئاتلىرىنى بىرخىل ماڭدۇ-
رۇپ كېتىپ بارىدۇ. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى
ئاددىي: بىر سائەتتە قانچە سۈغۇر ئۇچرى-
تىدىغانلىقىنى بىلىش. ئابۇشنىڭ كۆزلىرى
شۇڭقارنىڭ كۆزلىرىدەك ئۆتكۈر بولغاچقا،
ئۇ بۇ ئىشقا تولىمۇ يارامىلىق. قىز سائى-
تىگە قارايدۇ. ئابۇش ئۆزىگە خاس ئاۋاز
بىلەن بارماقلىرىنى كۆرسىتىپ ۋارقىرايدۇ.
قىز خاتىرىسىگە يازىدۇ؛ ئالدىنقى بىر سا-
ئەتتە يەتتە سۈغۇر ئۇچرىدى، كېيىنكى
بىر سائەتتە ئارانلا ئۈچ سۈغۇر ئۇچرىدى،
بۇ سانىنى فورمۇلىغا سالسىلا بىر گېكتار
يەردىكى سۈغۇرنىڭ سانى چىقىدۇ. ئۇلار-

نىڭ ۋەزىپىسى ئۆزلىرىگە قاراشلىق بولغان 40 مىڭ گېكتار يەردىكى سۇغۇرنىڭ ھەقىقىي سانىنى بىلىش. بۇنىڭ ئۈچۈن خېلى يىراقلارغىچە يول مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ. مەيلى قانچىلىك ماڭسىمۇ ئۇلار ئۈچۈن سەپەر كۆڭۈللۈك، بولۇپمۇ ئابۇش ئۈچۈن.

تاغ ھاۋاسى ئۇچىمە كۆڭۈل يىگىتلەرنىڭ كۆڭلىگە ئوخشايدۇ، بىردەمدىلا ئىسسىپ، بىردەمدىلا سوۋۇيدۇ، قار - يامغۇرلىرىمۇ نازۇك قىزلارنىڭ كۆز يېشىدەك تەييارلا تۇرىدۇ. ئۇلار بىر بەلدىن ئېشىپ، قويۇق قارىغايلىق، كۆمۈش رەڭ شارقىراتمىلىق غولغا چۈشكەندە، بىردىنلا ئۇلارنىڭ ئۈستىدە قارا بۇلۇت پەيدا بولدى - دە. ئۇلار قارىغاي تېگىنى دالدا قىلغۇچىلا شار - شار يامغۇر يېغىپ كەتتى. يامغۇر شۇنداقمۇ قاتتىق ياغقان بارمۇ؟ غول - غولدىن قىيان كەلدى، قىيان تاغلاردىن شاخ - شېغىللارنى ئېقىتىپ چۈشتى، مانا، قاراڭغۇ چۈشتى، يامغۇر ھېچ توختار ئەمەس، قارىغاي تېگىدە ئابۇش بىلەن بىللە تۇنەش قىز ئۈچۈن ئەپسىز، ھەتتا قورقۇنچلۇق، لېكىن باشقا يەنە قانداق ئامال بار؟ يامغۇرلۇق كېچىدە ئۇلار ئۆز چېدىرلىرىنى تېپىپ بارالامدۇ؟

— ھە، ھە، ھۇ!— ئابۇشنىڭ قوللىرىنى شىلتىپ قىلغان بۇ سۆزلىرىدىن قىز ھېچنېمە چۈشەنمىدى.

— شۇنداقمۇ قېرى قارىغاي؟

— دۇرۇس، ئۇلارنى بىز دالدىمىزدا ساقلىدۇق. لېكىن...

— ئابۇشنى ماختىماقچىمۇسەن قارىغاي بوۋاي؟ ئابۇش چاقىقان يىگىت، بۇنداق چاغلاردا ئۇ ئامال تېپىشقا تولىمۇ ئۇستا، دېمەكچىمۇسەن؟

ئابۇش بىردەمدىلا ئىككى ئاتنىڭ ئېگەرلىرىنى ئېلىپ قارىغاي يىلتىزلىرى ئارىسىغا سالدى ۋە ئاتلارنى بىر چەتكە باغلاپ قويدى. قىز ئېگەر ئۈستىدە شۈمشىيىپ ئولتۇردى. ئۇ غالىلداپ تىترەشكە باشلىدى. ئابۇش نەلەردىندۇر قۇرۇق شاخلارنى تېپىپ كېلىپ گۈلخان ياقتى، قىز گۈلخان ئەتراپىدا ئولتۇرۇپ گۆش بىلەن نان يېدى، لېكىن تاماقمۇ، گۈلخانمۇ ئۇنى ئىسسىتالمىدى. ئۇ ھامان تىترەيتتى، ئابۇش پايىپېتەك بولۇپ، بىردە ئۇنىڭ بېشانىسىنى تۇتاتتى، بىردە ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ يالاڭ چاپىنىنى ياپاتتى. لېكىن قىز ئۆزىنىڭ سوغۇقتىن ئەمەس، ۋەھىمىدىن تىترەۋاتقانلىقىنى چۈشەندى: قارىغاينىڭ تۈۋىدە بىر تىلسىز يىگىت بىلەن بىر كېچە بىللە بولۇش ئۇنىڭ ئۈچۈن نېمىلا بولمىسۇن قورقۇنچلۇق ئىدى.

تاغ ھاۋاسى ئۆزگىرىشچان. كېچە تېمپېراتۇرىسى بىردىنلا نۆلدىن تۆۋەن چۈشۈپ، سايدا ئېقىۋاتقان شوخ سۇنىڭ چەت - چۆرىسى چاۋاق بولۇپ قېتىشتى. ئاتلارنىڭ توقۇم ئىشمەكلىرىنى يەرگە سېلىپ يانپاشلاپ ياتقان بىلەن دۈمبە ۋە يانپاشلارنى تاغ سوغۇقى ئاچ بۆرە ئۆلۈك كالىنى غاجىلىغاندەك چىشلەپ ئۆتەتتى. قىز جالاقلاپ تىترىدى، تىترىگەنسېرى ئابۇش يۆگۈرۈپ يۈرۈپ گۈلخان ياقاتتى، توقۇمنى ئوتقا قاقلاپ ئىسسىتىپ قىزنىڭ دۈمبىسىگە ياپاتتى. ئۆزى بولسا قىسقا يەڭ، ياقىسىز مايكا بىلەنلا يۈرەتتى. ئۇ نە تىترىمەيتتى، نە غولىنى قورۇمايتتى، بە، بە، ھۇ ھە... دېگەندەك چۈشىنىكسىز بىرنېمىلەرنى دەپ قوللىرىنى

www.uyghurkitap.com

شىلدىيتتى، لېكىن قىز ھېچنېمە چۈشەنمەيتتى.



قىز مۈگدەشكە باشلىدى، ئۇنىڭ قۇلىقىغا غول-غوللاردىن چۈشۈۋاتقان تاغ سۇلىرىنىڭ شارقىرىشى، نەلەردىندۇر بۇغا-مارالـلارنىڭ ئەنسىز ۋارقىراشلىرى، قارىغايلارنىڭ قاراسلاشلىرى بارغانسېرى خىرە ئاڭلىنىشقا باشلىدى. قىز ئۇخلاپ قالماسلىق ئۈچۈن كۆزىنى ئۇۋۇلىدى. لېكىن ئۇيقۇ ئۇنىڭ سەزگۈلىرىنى بىھوش قىلىپ، ئۇنى يېتىشقا — توقۇم ئۈستىدە دۈگدىيىپ يېتىپ، بېشىنى ئېگەرگە قويۇپ ئۇخلاشقا قىستايتتى، لېكىن ئۇ ئۇخلاپ قالسىلا تىلسىز يىگىت ئۇنىڭغا چېقىلىدىغاندەك ئەن-

سىزچىلىككە چۈشكەن. ئۇ ئابۇشنىڭ ھېلىقى چاغدىكى قوپال، قىزغىن سۆيۈشلىرىنى ئۇنتۇمىغانىدى. ۋەھىمە بىلەن ئارام ئۇنىڭ بەدىنىدە كۆرەش قىلماقتا، ئابۇش بولسا توختىماي گۈلخان يېقىپ، كۆزىنى قىزدىن ئۈزمەستىن كۈلۈپ تۇراتتى. بۇ خىل كۈلكىدىن ھۆردگۈل تولىمۇ قورقىدۇ. ئۇ ئۈرۈمچىدە ئاخىرقى پىراكتىكا يىلى مۈشۈنداق كۈلۈپلا تۇرىدىغان بىر كادىر بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدى. ئۇلار تۆت خىل ۋاكسىنا ئوكۇلى سېلىپ يۈرۈپ ئۈرۈمچىگە يېقىن بىر چارۋىچىلىق مەيدانىدا بىركېچە قونۇپ قالغانىدى. ھېلىقى كۈلۈپلا تۇرىدىغان كادىر ھۆردگۈلنىڭ ياتاقتا يالغۇز قالغانلىقىنى كۆرۈپ مۈشۈنداق كۈلۈپ كىرىپ كەلدى، كۈلۈپ تۇرۇپ قىزنىڭ بېشىنى سىيلىدى، قىز رەھىمدىل ئاكىلارنىڭ غەمخورلۇقى مۈشۈنداق بولىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ جىم تۇرۇۋىدى، ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ قىزنىڭ بوينىغا گىرە سېلىشقا قول سۇنغانىدى، قىز سەسكىنىپ ئۇنىڭ مەيدىسىدىن ئىتتىرىۋەتكەن ۋە ئوغۇللار ياتىقىغا بىلگە بەرگەنىدى، ھېلىقى ئادەم يەنە ھېچنەرسە بولمىغاندەك كۈلۈپ تۇرۇپ كەينىگە شوخشىغانىدى... ھۆردگۈل مانا مۈشۇ ئابۇشنىڭ كۈلۈپ تۇرۇشىدىنمۇ شۇنىڭ ئۈچۈن قورقىدۇ، ئاخىر ئارام تەلىپى ۋەھىمىنى يەڭدى، قىز ئۇخلاپ قالدى. ئۇ چۈشىدە ئىسسىق يوتقان يېپىندى، يوتقان ئۇنى چىڭ قۇچاقلاۋاتقۇدەك، قىز چۆچۈپ ئويغاندى، ئۇنى راستىنلا ئابۇش چىڭ قۇچاقلىۋاپتۇ. قىز ئۇنى ئىتتەردى، لېكىن تىلسىز يىگىت ئۇنى قويۇۋەتمىدى، ئۇ: ھە، ھۆ، ئى... گى... دەپ قوللىرى بىلەن ھاۋانى، ھۆردگۈلنى كۆرسىتىپ بىر نېمىلەر-

نى دېدى. ھۆرنىگۈل ئۇنىڭ بۇ شەرەتلىرىدىن ھاۋا سوغۇق. قۇچاقلىۋالمىسام ئاغرىپ قالىسەن دېگەن مەنىنى چۈشەندى، قىزنىڭ بەدىنىمۇ شۇ تاپتا مۇشۇنداق بەدىنى ئىسسىق بىرسىنىڭ ئۆزىنى چىڭ قۇچاقلىشىنى تەلەپ قىلاتتى. قىز بوپتۇ، قۇچاقلىسۇن، ئۇ بەرىبىر بىرسىگە دېيەلمەيدۇ، تېنىم ئارام تاپسا بولامدىمۇ، دەپ ئويلىدى-دە، ئۆزىمۇ ئىختىيارسىز تىلسىز يىگىتنى چىڭ قۇچاقلىدى...

ئەتىسى كەچ ئۇلارغا بىر قازاق چارۋىچىنىڭ كېگىز ئۆيىدە مېھمان بولۇشقا توغرا كەلدى. بۇ ئۆيدە يايلاققا ئوينىغىلى چىققان ناھىيە كادىرلىرى لىق ئىدى، ئابۇش نارىن بىلەن كاۋاپقا ئىختىيارسىز ئارىلاشتى. ئۇنىڭ ئەتكەن نارىنى ئاچچىق-چۈچۈك، ئەجەب تەملىك، قېنى كاۋىپىچۇ تېخى؟ بۇ خىل كاۋاپنى ئابۇشتىن باشقا ھېچكىم قىلالمايتتى: كاۋاپ، نارىن، ھاراق، قىمىز ئەجەب ماسلىشىدۇ-دە، ھاراققا كاۋاپتىن باشقا زاكۇسكا قاملاشمايدۇ، ئەلۋەتتە نارىنغا قىمىز بولمىسا بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاراقتا مەست بولغان ئادەمنى قىمىز تېزلا جۆندەيدۇ، قىمىز سىڭمىسە بىرلا رومكا ھاراق بىلەن ئاسانلا يوقاپ كېتىدۇ. شۇڭا مېھمانلار يېرىم كېچىگىچە مېھمان بولۇشتى، ئاخىرىدا يىگىرمە نەچچە ئادەم مۇشۇ كىگىز ئۆيدە ياتىدىغان بولدى. بۇ كېچە ھۆرنىگۈل ئويلاپ ئولتۇرمايلا ئابۇشنىڭ يېنىدا قىڭغايدى، ئۇلار چىراغ ئۆچكەندىن كېيىنلا بىر يوتقاندا يەنە قارىغاي تۈۋىدىكىدەك چىڭ قۇچاقلاشتى، ھۆرنىگۈل كېچە يىگىتتىن مۇھىم جايلىرىدىن باشقا ھېچنەرسىنى قاچۇرمىدى. ئابۇشنىڭ بەدى-

نىدىن كېلىدىغان كۈچلۈك ھارارەت ئۇنىڭ قەلبىدە ھالاۋەت ھېسسى پەيدا قىلاتتى. لېكىن بۇ ھېس قىزلار بىلەن يىگىتلەر سۆركىلىشىپ يېتىشقاندا پەيدا بولىدىغان ھېسسىياتقا قارىغاندا قىزلار بىلەن قىزلار سۆركىلىشىپ ياتقاندا پەيدا بولىدىغان ھېسسىياتقا ئوخشاپ كېتەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن قىز نومۇس قىلمايتتى، قورۇنمايتتى، ھاياجانلىنىپ ھوشىنى يوقىتىپمۇ قويمايتتى. لېكىن ئابۇشنىڭ قانداق ھېسسىياتتا ئىكەنلىكى ئۇنىڭغا قاراڭغۇ. چۈنكى ئابۇش شەرەت بىلەن بۇ ھېسسىياتنى ئۇقتۇرۇشقا ئاجىز ئىدى.

ئۇلار بىر ھەپتە بولغاندا 40 گېكتار ئوتلاقتىكى سۇغۇرلارنىڭ سانىنى ئېنىقلاپ، چېدىرلىرىغا قايتىپ كەلدى.

شۇ كۈنى قارىغايسۇدا كۆڭۈللۈك زىياپەت، ئويۇن-تاماشا بولدى: ئۇلارنىڭ جاپالىق خىزمىتى يۇقىرىنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىگە ئېرىشىپ، ئۇلارغا بىر «تويوتا» ماشىنا بىلەن بەش مىڭ سوم مۇكاپات بېرىلگەنىدى.

قىز بۇ ئاخشام ھەممە يىگىتلەر بىلەن تانسا ئويناپ چىقتى، مەست يىگىتلەرنىڭ قوپال ھەرىكەتلىرىگىمۇ پىسەنت قىلمىدى. كېرەم ئىسىملىك كەمسۆز، كۆزلىرى كىشىگە نەشتەردەك قادىلىدىغان بۇدۇر چاچ يىگىتنى ھۆرنىگۈل ھۆرمەت قىلاتتى، ئۇ تولىمۇ ئىشچان ئىدى. بۈگۈن شۇ يىگىتمۇ مەست بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ كۈلكىسى بۆلەكچىلا كۆپ، ئۇ ئادەتتە تانگودىن باشقىنى ئوينىيالمايتتى. بۈگۈن رومبا، ۋالسلارغىمۇ ھۆرنىگۈلنى تەكلىپ قىلغىلى تۇردى. ئۇنىڭ پۇتىمۇ، قىزنى تۇتۇشلىرىمۇ توغرا ئەمەس ئىدى. قىز نو-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇس قىلىپ ئۇنىڭغا:

— كېرەم ئاكا، مەست بولۇپ قاپسىز، — دېدى.

— قانداقسىغا؟... — يىگىت قىزارغان كۆزلىرى بىلەن قىزنىڭ كۆزلىرىگە قادالدى.

— پۇتىڭىزمۇ كەلمىدى، قاراڭا، قوللىرىڭىز نەلەردە يۈردۇ؟

— بۇ يەرلىرىڭىزنى مەندىن ئايامسىزا؟

— قويۇۋېتىڭ! — قىز كېرەمنى سىلكىۋېتىپ، قازان بېشىغا بېرىۋالدى، ئابۇش خام سەي تەييارلىۋېتىپ، پىياز يۇقى مۇشتۇمىنى كېرەمگە قارىتىپ پۇلاڭلاتتى.

قىز كېرەمنىڭ ھاقارىتى تۇپەيلى زادىلا ئۇخلىيالمىدى، يېرىم كېچە بىرسى چېدىرغا كىرىپ كەلدى، بۇ چاغدا دىۋژۇك توختىغان، توك يوق ئىدى.

— ئابۇش!... — قىز ئابۇش تەسەللى بەرگىلى كىردى دەپ ئويلىدى.

— ئۈنىڭىزنى چىقارماڭ، بەش مىنۇت...

قىز ئورنىدىن چاچراپ تۇردى:

— چىقىڭ كېرىم، ھېلى ۋارقىرايمەن، بىكار جازالىنىسىز!

— ۋارقىراڭ، ۋارقىراتقىلى كىردىم! — ئۇ قىزنى كاردۋاتقا باسماقچى بولدى. قىز ئۇنىڭ نەرگىدۇر تەپتى، كېرىم تولغىنىپ مۆكچىيىپ تۇرۇپ قىزنى تىللىدى:

— كېكەچتىن ئاشقان سېسىق بەدىنىڭنى مەندىن ئاياپ كەتتىڭما، قان...جى...ق...

قىز بۇ كۆڭۈلسىز ئىشنى ھېچكىمگە دېمىدى. ئۇ ئەتىسىدىن باشلاپ لابوراتورىيىدىن چىقمايدىغان بولۇۋالدى. ئابۇش ئۇنىڭغا تاماق ئېلىپ كىرسىمۇ قىز ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمىدى، بۇنىڭ بىلەن ئابۇشمۇ تۇتۇلۇپ تېرىككەك بولۇۋالدى، ئۇ ھېچ ئىش قىلماي يىغىما كاردۋاتتا ئاسمانغا قاراپ ئوڭدا ياتاتتى. ئۇ ئىچىدە قىزنى تىللايتتى: ۋۇي يۈزسىز. مېنى قۇچاقلايسەنۇ، باشقىغا كۆڭۈل بېرىسەن! قىزمۇ ئىچىدە ئۇنى تىللايتتى. خۇدايىم بىلىپ كېكەچ قىلىپ قويۇپتىكەن، بولمىسا ھۆردىگۈلدىن بالا تاپتىم دەپ يالغان گەپ قىلاركەنسەن. سەن كېكەچ مېنىڭ قۇچاقلاپ قويغىنىمنى شەرەت بىلەن ئۇقتۇرمىغان بولساڭ كېرەم بۇ دىمەت ھېلىقى گەپنى نەدىن قىلاتتى؟

قارىغايسۇنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى ئۇلارغا كۆڭۈلسىز بىلىنىشكە باشلىدى، ئاخشىمى ئابۇش ئامېرىكىنىڭ سىنالغۇ لېنتىلىرىنى قويۇۋېلىپ، قىز - يىگىتلەر سۆيۈشكەن يەرلەر چىققاندا ھۆردىگۈلگە قاراپ - قاراپ قوياتتى. قىز ياتىقىغا قايتىپ چىقىۋېلىپ، ۋۇي ھايۋان، ئۆزىچە مېنى شۇنداق ئويلاپتىكەن - دە، ئەرلەرنىڭ ھەممىسىگە لەنەت! دەپ تىللايتتى ۋە كۆز يېشى قىلاتتى.

قارىغايسۇدىكى كۆز يېشى يازنىڭ شار - شار يامغۇرىدەك تېزلا ئۆتۈپ كېتىدۇ - دە، يەنە ياشلارنىڭ كۆڭلى يامغۇردىن كېيىنكى نۇرلانغان ئورمانلىقتەك يېڭىچە گۈزەللىك، خۇشاللىق بىلەن لەززەتلىنىدۇ. مانا يەنە كۆڭۈللۈك ھايات:

... قارىغايسۇ، ئۇلارنىڭ ياتىقى ھەم ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ ياز ھاۋاسىنى ھەۋەس قىلغۇچى يېقىنلىرىنى ئوينىتىدىغان ئەتىۋارلىق سەيلىگاھى. بۇ يەردىن مېھمان ئۈزۈلمەيدۇ. بەزى چاغلاردا چېدىرلار مېھمانلار بىلەن تولۇپ، بۇ تەجرىبە پونكىتىنىڭ خادىملىرى سىرتتا يې-

تىشقا مەجبۇر بولىدۇ، لېكىن بۇ يىگىتلەر
بۇنىڭغا نارازى بولۇش ئورنىغا خۇشال
بولىدۇ، چۈنكى ئۇلار مېھمانلارنىڭ ئاغزى ـ
دىن قارىغايسۇ توغرىسىدىكى ماختاشلارنى
ئاڭلايدۇ ـ دە، كىملا بولمىسۇن قارىغايسۇ
ئىسىملىك بۇ جاينى ماختىسىلا بۇ يىگىت ـ
لەر خۇددى ئۆزلىرى ماختالغاندەك خۇشال
بولۇپ، ئۇ مېھمانىنىڭ خىزمىتىنى قىلىدۇ،
بولۇپمۇ ھەممىدىن خۇشال بولىدىغىنى
ئاشۇ ئابۇش. ئۇ بۇنداق كۈنلىرى ئون
ئادەمنىڭ خىزمىتىنى قىلىدۇ، بەش مىنۇت ـ
تىلا بىر پاخلاننىڭ گۆشىنى تېرىسىدىن
ئاجرىتىپ، پارچىلاپ قازانغا سېلىپ بولۇپ،
گۆش پىشقىچە باشقا ئىشلارنى: خېمىر
يۇغۇرۇش، بېلىق پىشۇرۇش، كىگىزلەرنى
چىمەن ئۈستىگە سېلىپ داستىخان تەي ـ
يارلاش، نان پىشۇرۇش قاتارلىق ئىشلار ـ
نى قىلىپ بولىدۇ. بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ
چىرايىدىن كۈلكە يېغىپ، كۆزلىرى خۇ ـ
شاللىق ئۇچقۇنلىرى بىلەن نۇرلىنىدۇ، ئۇ
ھۆرىگۈلنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسى، ئالىيىپ
قاراشلىرىنى مانا شۇ خۇشاللىق بىلەن
تېزلا ئۇنتۇيدۇ ـ دە، ناھىيە رەھبەرلىرى
بىلەن مېھمانلارنىڭ ئۇنىڭ قولىدا پىشقان
قىيما كاۋىپىنى ماختاپ ئىشتىھا بىلەن
يېيىشلىرىگە قاراپ ھۇزۇرلىنىدۇ ۋە تەي ـ
يارلىنىۋاتقان نارىنغا پەمىدۇر، قىزىلمۇچ
ئارىلاشتۇرۇپ، ئۆزگىچە تەم كىرگۈزۈش
ئۈچۈن پۈتۈن زېھنى بىلەن بېرىلىپ
كېتىدۇ...

— بىزنىڭ بۇ تەجرىبە پونكىتىمىز، —
دەپ گەپ باشلىدى ئورۇق ناھىيە ھاكى ـ
مى قىمىزدىن بىر يۇتۇم ئېتىپ قويۇپ،
كەچكى شەپەقتە ئۇچلىرى نۇرلانغان قو ـ
يۇق قارىغايلارغا قاراپ قويۇپ، — چار ـ
ۋىلاردا بولىدىغان بىر خىل كېسەللىكتىن
مۇداپىئە كۆرۈشنى سىناق قىلىدۇ. بۇلار
يازنىڭ مۇشۇ ئايلىرىدا بۇ يەردە ئۈچ ـ
تۆت ئايلا ئىشلەيدۇ، لېكىن ئۇلار نۇرغۇن
ئىش قىلىدۇ. بىر كۈن دەم ئالمايدۇ، با ـ
زارغا كىرمەيدۇ، جاپالىق ئىشتىن راھەت
تاپىدۇ. تۆت خىل ۋاكسىنا بويىچە پىلان ـ
لىق تەمىنلەش ۋەزىپىسىنى سەكسەنبەش
پىرسەنتكە يەتكۈزۈش پىلانلانغان بولسىمۇ،
ئۇلار يۈز پىرسەنتكە يەتكۈزدى، بۇلارنىڭ
پونكىت باشلىقى ئۇدا ئۈچ يىل نەمۇنىچى
بولدى، مەملىكەتلىك نەمۇنىچى بولۇپ بېي ـ
جىڭغا بېرىپمۇ كەلدى. قارىماققا بۇلار
مەنزىرىسى چىرايلىق يەردە راھەت كۆرۈ ـ
ۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ، لېكىن مەنزىرىنىڭ
راھىتىنى بىز كۆرىمىز. جاپاسىنى بۇلار
تارتىدۇ!...

ئابۇش قولىدىكى قىڭغىراقنى ئوينىتىش ـ
نى توختىتىپ تۇرۇپ پۈتۈن زېھنى بىلەن
بۇ گەپلەرنى ئاڭلىدى ـ دە، گەپ تۈگەش بى ـ
لەن ئورۇمچىدىن كەلگەن مېھمانلارنىڭ
رازى بولۇپ كۈلۈشكىنىنى كۆرۈپ
ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال بولدى ۋە قىڭ ـ
غىراقنى قايتىدىن ئاجايىپ ماھا ـ
رەت بىلەن پىياز ئۈستىدە ئوينىتىۋەتتى،
كەچتە تانسا بولدى. ئورۇمچىدىن كەلگەن
يىگىت ھۆرىگۈل بىلەن تانسا ئويناۋېتىپ
نېمىلەرنى دېدىكىن، ھۆرىگۈل قاقاقلاپ
كۈلۈپ كەتتى. مانا، قىز ئاجايىپ چىراي ـ
لىق كۈلۈپ كەتكەن يۈزىنى يىگىتكە يې ـ
قىن ئەكىلىپ، يىگىتنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ
بىر نېمىلەرنى دېيىشكە باشلىدى، ئابۇش
تاقەت قىلالمىدى. ئۇ ناھىيىنىڭ شوپۇرى ـ
نى تانسا مەيدانىغا سۆرەپ چۈشتى. شو ـ
پۇر مەست ئىدى. ئۇ ئىككى قولىنى ئابۇش ـ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

نىڭ ئىككى مۈرىسىگە سالدى، ئابۇش ئۇنىڭ بېلىدىن تۇتۇپ سىنئالغۇدا كۆرىدىغان چەت ئەللىك ئادەملەردەك لەرزان تانسا ئويناپ، ھۆرنىگۈلنىڭ نېمىلەرنى دەۋاتقىنىغا قۇلاق سالدى.

— ۋىيەي، نېمە دەيدىغانسىز، — دېدى قىز قاپاقلىرىنى سۈزۈپ نازلىنىپ تۇرۇپ، — ئىككىڭلار ئاجايىپ ياخشى ئىدىڭلارغۇ، ياق، ئىشەنمەيمەن.

— شەيئىلەر ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، — دېدى يىگىت چىرايلىق كۆزلىرى بىلەن قىزنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ، — بولۇپمۇ 80 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا شەيئىلەر تېز ئۆزگىرىدىغان بولۇپ قالدى.

— سىز ئۆزگەرگەنسىز ھەقىچان، ياق، ئەرلەر گۇناھنى قىزلارغا ئارتىشقا ئۇستا كېلىدۇ، مەن ئىشەنمەيمەن، مېنىڭ دوستلىرىم ئىچىدە ئۇنداق ئۆجمە كۆڭۈللەر يوق.

— ئۇنداقتا مەن ئۆجمە كۆڭۈل ئىكەنمەن ـ دە، — دېدى يىگىت ئاپئاق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلۈپ، — ئۇنداق بولسا مەندىن پەخەس بولۇڭ!

— پاھ تېخىي، ھەيۋىسىنى ھا ھا ھا!...

قىزنىڭ كۈلكىسى يېقىملىق مۇزىكا ياكى تاغ سۈيىنىڭ كېچىدىكى شىلدىرلىشىغا ئوخشايتتى. ئابۇش قىزنىڭ مۇنداق گۈزەل ئاھاڭدا كۈلگىنىنى ئاڭلىمىغانىدى. ئاھ سىرلىق دۇنيا، ئابۇش شۇنچە يېقىن يۈرۈپ، بىر قىزنىڭ نەچچە خىل كۈلىدىغىنىنىمۇ بىلەلمەپتۇ. ئۇ تېخى ئۆزىنى قولىدىن جىق ئىش كېلىدىغان يىگىت ھېسابلاپ يۈرگەن ئەمەسمىدى؟ ھۆرنىگۈل دائىم ئۇنىڭغا كۈلۈپ بېرەتتى. ئۇ كۈلكىلەر مۇنداق يېقىملىق ئەمەس ئىدىغۇ، ئۇ كۈلكىلەر ئابۇشقا تاغ توخۇسىنىڭ ۋاكىلدىشىدەك، ياكى سۇغۇرنىڭ ئالدى ئاياغلىرىنى تىك قىلىۋېلىپ چۇقان سېلىشىدەك ئاڭلىناتتى.

ئابۇشنىڭ پۇتلىرى ئەمدى چالا ـ بۇلا ئۆگەنگەن تاڭگوغىمۇ كەلمىگىلى تۇردى. ئۇ ھەدېسىلا شوپۇرنىڭ پۇتلىرىنى دەسسەيتتى.

— ھەي ئابۇش، ئاۋۇ قىزنىڭ كۈلكىسىنى ئاڭلاپ خوتۇنۇڭ يادىڭغا چۈشتىمۇ نېمە، پۇتلىرىڭ كالۋالاشقىلى تۇردىمۇ؟!

شوپۇرنىڭ «خوتۇنۇڭ» دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ ئابۇش چۆچۈپ كەتتى، ھە راست، ئۇنىڭ دادىسى ئېلىپ بەرگەن ئۇزۇنتۇرا، ئۇيقۇغا ئامراق، كەمسۆز خوتۇنى بار ئەمەسمىدى. ئۇ نېمىشقا خوتۇنىنى ئۇنتۇپ قالدى؟ بەلكى ئۇ كېكەچ بولغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەر ياراتمايدىغان ئاشۇنداق قىزلارنىڭ لايىقىدۇر، ئۇنىڭ مۇنۇ ھۆرنىگۈلدەك قىزلارنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشى بەلكى گۇناھ، ئەيىب ھېسابلىنار. بايىقى يىگىت ئېيتقان «ئۆجمە كۆڭۈل» يىگىت بەلكى مۇشۇ ئابۇشنىڭ ئۆزىدۇر. خوتۇنى بار تۇرۇپ ئۇ نېمىشقا بىرۋىنىڭ قىزىنى باشقىلاردىن قىزغىنىدۇ؟...لېكىن بۇ سوئاللار بىلەن ئۇ ئۆزىنى باسالمىدى. ئۇ: «دادام ئېلىپ بەرگەن ئايالغا كۆڭلۈم چۈشمىسە، مۇنۇ قىزنى ھەر بىر مىنۇتتا كۆرۈشنى خالىسام، بۇ مېنىڭ ئەيىبىممۇ، قىز ماڭا سۆركەلمىگەن بولسا مەندە ھازىرقى ئازاب پەيدا بولماس ئىدى. چىرايلىق قىزلار باشقىلارنى ئازابلاش ئۈچۈن يارالغان بولسا كېرەك. ئاھ، مېنىڭ دادام ئېلىپ بەرگەن ئايالىم يا ئازابلاشنى، يا

خۇشال قىلىپ سۆيۈشنىمۇ بىلمەيدۇ - دە، ئۇ بىر موددىن قالغان كىيىمگە ئوخشايدۇ. ئۇنى كىيىمەك تۇگۇل كىشىنىڭ تۇتقىسىمۇ كەلمەيدۇ. ھەي، ھۆردگۈل نەدىن بۇ قارىغايۇغا پەيدا بولدۇڭ. سەن كەلمىگەن بولساڭ بەلكى مەن بىچارە ئايالىمنى بىرنەچچە قېتىم ئەسلىگەن بولاردىم...

تانسىدىن كېيىن، سۇ بويىدىكى ئاشخانىغا مەستبولۇپ قالغان كېرەم كەلدى - دە، ئابۇشنىڭ قولىقىغا:

— ئابۇش، ھېلىقى قانجۇق بۈگۈن ھېچقايسىمىز بىلەن تانسا ئوينىماي ھېلىقى ئۈرۈمچىلىك نېمە بىلەنلا ئوينىدى. چاقىرىپ ئەپچىقىپ ئۇرمايمىزمۇ؟ — دېدى. ئابۇش قولىغا قەدەھراقنى ئېلىپ، قوللىرىنى ھاۋادا پۇلاڭلىتىپ شۇنداق ۋارقىرىدىكى، ئۇنىڭ ئاغىل - تاغىل ئاۋازىدىن نېرىدا — چىمەنلىكتە ئېغىنىشىپ يېتىشقان باشلىق ۋە مېھمانلار چۆچۈپ كېتىشتى.

— ئابۇشنىڭ چىشىغا تەگكەن كىم ئۇ؟ — دېدى ھاكىم كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئۇ تولىمۇ ئىشچان، كۆيۈمچان، سەممىي يىگىت، بۇ يەردە ھېچقانداق ئىش ئۇنىڭسىز پۈتمەيدۇ. قەيەرگە چېدىر تىكىدۇ، قەيەرگە ئاشخانا قۇرىدۇ دېگەنىدەك ئىشلارنى ئۇ بەلگىلەيدۇ. ئابۇشتىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئىلمىي ئىش بىلەن چىقىپ كېتىدۇ. ئۇ شۇنچە مۈلۈك، يېمەك - ئىچمەك بىلەن يالغۇز قالىدۇ. لېكىن ئابۇش ھېچنېمىگە قىيا كۆزىنى سالمايدۇ. تولا ئوبدان يىگىت!

ھاكىم ئابۇشنىڭ ئەيىبىنى بىلمەيدىكەن - دە، ئۇ خوتۇنى بار تۇرۇپ ھۆردگۈلگە ئاشىق بولۇپ قالدى. ئۇنى زورلاپ سۆيدى، تېخى قۇچاقلاپ ياتتى...مانا ھازىر ئۇ ئاشۇ قۇچاقلاشنىڭ ئازابىنى تارتىۋاتىدۇ. ئاشۇ ئازابنىڭ كۈچىدىن بۈگۈن ئىككى قېتىم قولىنى كېسىۋالدى، تۈنۈگۈندىن بېرى قويغان - تۇتقىنىنى بىلمەي مەستخۇش بولۇپ يۈرۈۋاتقىنىنىڭ سەۋەبىمۇ ئاشۇ ئىش. ئۇ كىنولاردا يىگىت - قىزلار بىر - بىرى ئۈچۈن ئازابلىنىپ زەھەر ئىچىۋالسا، ياكى باشقا بىرلىرىنى ئۆلتۈرسە ياكى بىللە ئۆلۈۋالسا قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتەتتى. مانا بۈگۈن بېشىغا كەلگەندە كۈلگىنىگە پۇشايمان قىلماقتا: كىشىلەرنى پۇل، سالامەتلىك، ھەتتا جېنىدىن كەچكۈزىدىغان دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ كۈچ مۇھەببەت ئىكەنلىكىنى ئۇ تولىمۇ كېچىكىپ — يېشى ئوتتۇزغا بارغاندا بىلگىنى نېمىسى؟...

تۈن تەگرىتاغنىڭ بۇ كىچىككىنە غولچىسىغىمۇ ئۆزىنىڭ ئارامبەخش ئەتەكۈچى قارا يوپۇقىنى يايدى. بۇ يوپۇق ئاستىدا تاغمۇ، قارىغايمۇ، قارا تۇسكە كىردى، يالغۇز - يالغۇز چېدىرلار ھېلال ئاينىڭ سۇس يورۇقىدا ئۆزىنىڭ ئاق ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىپ تۇرۇپتۇ بۇ ئاق چېدىرلار ئىچىدە ھېسسىيات ۋە ئارزۇ ۋەسۋەسىدىن ئۇياق - بۇياققا ئۆرۈلۈپ ئۇخلىيالمايۋاتقان يىگىت - قىزلار بار. ئۇلار تاغنىڭ لەرزان شامىلىدا قىمىرلاۋاتقان قارىغايلارغا ئوخشىمايدۇ، ئۇلارنى ئۇيقۇدىن، ئارامدىن بىزار قىلغان ئەلۋەتتە تاغ شامىلى ئەمەس، بەلكى ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ چوڭ ئارام بۇزغۇچىسى بولغان نەرسە — ھېسسىيات - مۇھەببەت.

مانا شۇ ھېسسىيات - مۇھەببەت ئىشلەپ، تانسا ئويناپ چارچىغان ھۆردگۈلنىڭ ئۇيقۇسىنى قاچۇرۇپ، ئازاب چۈشكىنى ياپتى. قىز خۇمارلاشقان ياشلىق

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كۆزلىرى بىلەن چېدىر تۈڭلۈكىدىن غىلپال كۆرۈنگەن يۇلتۇزلارغا قاراپ، قوللىرىنى بېشىنىڭ ئاستىغا ئېلىپ جىمجىت ياتماقتا. لېكىن ئۇنىڭ خىيالى تاغ كەپتىرىدەك، تاغ شامىلىدەك ئەركىن ئۇچماقتا، بايىقى ئۆرۈمچىدىن كەلگەن يىگىت ئۇنىڭ قەلبىدە يېڭىچە ئۈمىد ئۇچقۇنلىرىنى ياندۇردىغۇ: مۇشۇ تاغدا بىر ئۆمۈر ئىشلەشكە بەل باغلىغان قىزنىڭ قەلبىدە بىردىنلا ئۆرۈمچىگە كېتىش ئارزۇسى پەيدا بولدى. ئۆرۈمچىدە ئۇنىڭ ئىستىقبالى چېچەك ئاچىدۇ. ئۇنىڭ ئەمگىكى، غايىسى شۇ شەھەردە قەدىرلىنىدۇ. ئۇ بەش - ئون يىل تەجرىبىخانىدا ئىشلەيدۇ. ئۇنىڭ ئىلمىي ماقالىلىرى ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىدۇ. ئوتتۇز يېشىدا دوكتۇر، قىرىق يېشىدا پروفېسسور بولالايدۇ. بىرەر ئالىي مەكتەپتە ياكى ئىلمىي تەتقىقات ئورنىدا مەسئۇل خادىم بولۇپ ئىشلەشمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچگەپ ئەمەس. ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ چىرايلىق، بۇدۇر چاچلىق يولدىشى، دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ چىراي ۋە مىجەزىدىكى ئەڭ گۈزەل تەرەپلەرنى ئۆز بەدىنىدە كۆرسەتكۈچى ئوماق بالىلىرى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ توقسەن كۋادرات مېتىردىن كۆپ ئىككى بالكونلۇق، ئاشخانا، مۇنچىلىرى ئالاھىدە تۆت ئېغىزلىق ئۆيى بولىدۇ. ئەتىگەنلىكى شوپۇر تۆۋەندىن سىگنال بەرگەندە ئۇلار ئەر - ئايال ئىككىسى خاتىرجەم ھالدا، ئالدىرىماستىن پەلەمپەيلەرنى دەسسەپ بىللە چۈشىدۇ، پۈتۈن راھەت، شان - شەرەپ چوڭ شەھەرلەردە. ھۆردىگۈلنىڭ بۇ قاردغايسۇ ئىسسىملىك غولچىدا جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىشىمۇ ئاخىرىدا چوڭ شەھەرگە كېتىش ئۈچۈن ئەمەسمىدى، مانا ئارزۇسى رېئاللىققا ئايلانغۇسى، ئۇ مۇنۇ قوپال ھەمراھلىرىدىن ئەمدى قۇتۇلغۇسى... ئۇنىڭ ئون يىللىق پىلانىنى ئىككى ئۈچ ئاي ئىچىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ۋەدە بەرگەن ئاۋۇ ئېگىز بوي، قاڭشارلىق، قاش - كۆزى جايىدا، لەۋلىرى سۇزۇك يىگىتكە ھەممە قىممەتلىك نېمىسىنى: مۇھەببىتى، ۋاقت - ئارامىنى تەقدىم قىلسا، بۇنىڭ پۇشايمان قىلغۇدەك نېمىسى باركەن؟ ئۇلار ئوقۇش پۈتتۈرگەن يىلى ئۆرۈمچىدە قېلىش ئۈچۈن كىملەرگە يالۋۇرمىدى؟ ناۋادا ئاتمىش ياشلىق بوۋاي ئۇنى ئۆرۈمچىگە ئېلىپ قېلىشقا بەل باغلىغان، ئۇنىڭ بەدىلىگە بوۋاي قىزدىن مۇھەببەت تەلەپ قىلغان بولسا، ھۆردىگۈل بوۋاينىڭ تەلپىنى رەت قىلغان بولارمىدى؟ ياق، ھەرگىز رەت قىلمايتتى، چۈنكى قۇربانسىز غەلىبە، بەدەلسىز ئىستىقبال بولغان ئەمەس - تە! چېدىرنىڭ ئىشىكى ئاستا ئېچىلدى. قىز ئورنىدىن چاچراپ تۇردى:

— كىم؟ ھە سىزمىدىڭىز، نېمە قىلىپ يۈرىدىغانسىز - ھە!

قىز غالىلداپ تىترەپ تۇرۇپ چېدىر ئىشىكىنى ئىلدى. يىگىت ئۇنىڭ يېلىڭ كىيىم ئىچىدىكى بەدىنىگە قول تەگكۈزگەندە ئۇ ھوشىنى يوقاتتى. ئۇنىڭ ساغلام، تەلەپچان بەدىنىدە ھازىرغىچە كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر خىل سەزگۈ توك بولۇپ يۈگۈردى، ئۇنىڭ پۇتلىرى جانسىزلىنىپ بېشى قايدى، كۆزلىرى يۇمۇلدى، يىگىت ئۇنى قۇچاقلىغان پېتى كارىۋىتىغا ياتقۇزدى. يىگىتنىڭ ئوتلۇق لەۋلىرى لەۋ، كۆز، بويۇن، تاماق... ھەممىلا يېرىگە تامغا باستى. قىزدا قارشىلىق، نە نازلىنىش ھېسسى پەيدا بولمىدى. ئۇنىڭ

پۈتۈن ۋۇجۇدى يىگىتتىن تېخىمۇ چوڭ ئارام - مۇھەببەتنىڭ ئاخىرقى چېكى ۋە مەقسىتى بولغان ۋۇجۇدبەدەن قوشۇلۇشنىلا تەلەپ قىلاتتى. يىگىت قىزنىڭ بۇ تەلىپىنى ئۈن -تىنسىزلا چۈشەندى - دە، قىزنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرماق بولۇپ، ھاياجان ۋە ھودۇقۇش بىلەن قىزغا ياماشتى. قىزنىڭ قوللىرىمۇ ئىختىيارسىز يىگىتنىڭ يەلكە ۋە چاچلىرىنى سىلاشتۇرۇشقا باشلىدى. لېكىن...

ئىككى ۋۇجۇدنىڭ مۇرادى ھاسىل بولىدىغان مۇشۇ لەززەتلىك پەيتتە چېدىر ئىشىكى سىلكىندى، ئىشىكلا ئەمەس، پۈتۈن چېدىر خۇددى يەر تەۋرىگەندەك قاتتىق سىلكىندى. يىگىت ھودۇقۇپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. قىز بولسا خۇددى تۇيۇقسىز مەسلىكىدىن يېشىلگەندەك ئۇياتتىن ئۆرتەندى. خۇددى تۇيۇقسىز ئوق تەگكەن كىيىكتەك مەقسەتسىز تېپىرلىدى.

— ۋۇي ھاياسىز شەرمەندە!

قىز كېرەممىنىڭ ئاۋازىنى تونۇدى. ئۇ كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى.

كېرەم مېھمان يىگىتنىڭ ياقىسىدىن سىلكىدى:

— سەن ھەزىلەك، بىزنى ئاياغ ئاستى قىلماقچىمۇ تېخى!

— قوپاللىق قىلما ئاداش، سەن مېنى جىنايەت ئۈستىدە تۇتۇۋالغىنىڭ يوق، مەن سېنىڭ كانىيىڭدىن ئالسام بولاتتى. سەن قوپاللىق بىلەن ياشلارنىڭ شەخسىي تۇرمۇشىغا ئارىلاشتىڭ!

— پاھىشىۋازلىقمۇ شەخسىي تۇرمۇشىمۇ سەن خەقنىڭ - ھە؟

— قويۇۋەت، ھوي تازىمۇ تەربىيە كۆرمىگەن نېمىكەنسىنا؟ بۇ يەرنىڭ يىگىتلىرىنى مەرد، ئەدەبلىك دەپ ئاڭلىۋىدىم، سەنزە؟...

— گېپىڭ چوڭمۇ تېخى، ھەي پاھشىۋاز، يەنە نېمە دەپ ئاڭلىغان، ئېيت قېنى؟

— بىر - بىرىنى ياخشى كۆرىدىغان ئىككى يۈرەكنىڭ قوشۇلۇشىنى پاھىشىۋازلىق دەپ چۈشەنسەڭ تازىمۇ ياۋايى نېمە ئىكەنسىنا! بىلەمسەن، بىر - بىرىگە تەلپۈنگەن ئىككى يۈرەكنىڭ قوشۇلۇشى گۈزەللىكنىڭ ئاشكارىلىنىشى بولىدۇ. بۇ گۈزەللىككە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ۋەھشىيلىك، بىلىپ قوي ۋەھشىيلىك!

— مانا ۋەھشىيلىك — كېرەم يىگىتنىڭ ياڭىقىغا بىر مۇشت ئۇردى. يىگىت كاردۇۋاتقا — قىزنىڭ يېنىغا ئىڭغايدى. قىز خۇددى مۇشت ئۆز يۈزىگە تەگكەندەك ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، يىگىتنى ئۆز گەۋدىسى بىلەن توسۇۋالدى.

— مېنى تىللاڭ، مېنى ئۇرۇڭ، بۇ يىگىتنى مەن چىللاپ ئەكىردىم. بۇنىڭدا گۇناھ يوق!

— ۋۇي رەسۋا! — كېرەم قىزنى ئۇرۇش ئۈچۈن ھاۋادا قوللىرىنى پۇلاڭلاتتى. نەق شۇ چاغدا ئىشىكتىن بىرسى ئېتىلىپ كىردى - دە، كېرەممىنىڭ بېلىدىن قۇچاقلاپ يەردىن يۇلۇپ ئېلىپ، تالاغا ئەپچىقىپ كەتتى. قىز بىرسىنىڭ يەرگە گۈپ قىلىپ چۈشۈپ نالە قىلغىنىنى، يەنە بىرسىنىڭ بە، بە، ھۇ، ۋۇ دەپ ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلىدى - دە، ئازار يېگۈچى مېھمان يىگىتنىڭ مۇشت يېگەن ياڭىقىنى ئالقانلىرى بىلەن سىپاپ تۇرۇپ:

— بىچارە ئابۇش! — دېدى.

يىگىت ھېچنەرسىنى چۈشەنمەي:

www.uyghurkitap.com

— ماڭا يېپيېڭى بىر ئىسىم قويۇۋالدىڭىزغۇ؟ مېنىڭ ئىسمىمنى ئۇنتۇپ قالغان ئوخشىماسىز؟ مەن ئاخشام سىز بىلەن ۋەدىلەشكەن يىگىت ئابلەت بولىمەن جۇمۇڭ، مەن ئابۇش ئەمەس!

— قارىغاي بوۋاي، ئېيتقىنا بۇ ياشلارنىڭ شوخلۇقىمۇ ياكى تۇرمۇشنىڭ ئەينى ئۆزىمۇ؟

— ئەينى ئۆزى چاباش يازغۇچى، سىلەر ئىنسانلار ھەممىلا جايدا شۇنداق كۈلكە ھەم كۆز يېشى بىلەن ياشايسىلەر...

قۇياش مىڭمارالنىڭ تىك چوققىسى ئۈستىدە خۇددى تەڭرىتاغنىڭ تاجىسىدەك قىزىرىپ پەيدا بولغاندا ھۆرىگۈل ھاسىراپ-تەرلەپ سول قاناتتىكى تۆپىلىكنىڭ ئۈستىگە چىقالىدى. ئۇنىڭ ئىككى مەڭزى تاڭ سەھەردە ئېچىلغان تاغ لەيلىسىدەك سۈزۈك، كۆزلىرى تۇنجى قۇياش نۇرىدا يورۇغان قارىغاي شاخلىرىدەك شادلانغانىدى. ئۇ شادلانغان كۆزلىرى بىلەن ئەتراپقا قارىدى. تەڭرىتاغ ئاجايىپ گۈزەل، قاتمۇقات چوققىلار، ياپيېشىل يايلاقتا بېسىلغان ئاجايىپ كەشتە - قىزغۇچ-سېرىق نۇرلار يالتىرىغان توپ-توپ قارىغايلار، چەكسىز دېڭىزدا ئاستا ئېقىۋاتقان سانسىز مۇز پارچىلىرىدەك ئاقىرىپ كۆرۈنگەن قويلار، تاغنى جاراڭلىتىپ كىشنەپ، بويىنىنى سوزۇپ يۈگۈرۈپ يۈرگەن سېمىز، شوخ ئايغىر، سالىملىرىنى ھاۋادا پۇلاڭلىتىپ ئات چاپتۇرۇپ يۈرگەن يىلقىچىلار، كىگىز ئۆيلەردىن ئاستا كۆتۈرۈلۈۋاتقان يايلاققا يارىشىملىق كۆكۈچ ئىس، كېچىچە شاۋقۇن-سۈرەن سېلىپ ئەمدى ئاۋازى پەسەيگەن، بۇژغۇنلۇق شوخ تاغ سۈيى...

قىز ھەر كۈنى مۇشۇ تۆپىلىككە چىقىپ ھۇزۇرلىنىپ، زوقلىنىپ كۆزىتىدىغان بۇ تاغ گۈزەللىكىنىڭ بېزەكلىرى بۈگۈن ئۇنىڭغا بۆلەكچىلا گۈزەل كۆرۈندى: سىلەرنى مەڭگۈ تاشلاپ كېتىمەنمۇ؟ ئالىي مەلۇماتقا ئىگە بىرىنچى لابورانت دەپ مېنى بېشىدا كۆتۈرىدىغان مېھرىبان پونكىت باشلىقى، گېپى قوپال، چاقچىقى يىرىك، كۆڭلى تۈز سەپداشلىرىم، مېھرى ئىسسىق چېدىرلار، مېنى يەلكىسىدە ئويىنىتىدىغان سۆيۈملۈك ئاتلار، ھەممىڭلارنى تاشلاپ كېتەمدىم؟ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئاشۇ يىگىتنىڭ بىر كۈنلۈك ھېسسىياتى، تېخى راست-يالغانلىقى سىناقتىن ئۆتمىگەن ۋەدىسىگە تېگىشەمدىمەن؟ بىز قىزلار ئاسانلا ئىشىنىمىز، قۇربان بېرىشكە ئاسانلا تەييارلىنىمىز. تۆت يىللىق كونا سىردىشى، ئىچ-سىر ئېلىشقان قىزغا ۋاپا قىلمىغان يىگىت ماڭا قانچىلىك ۋاپا قىلار؟ ئۇنىڭ بارلىق ۋەدىلىرى مۇشۇ بىر كېچىنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈش ئۈچۈنلا بولىسىچۇ...

قىز ئېگىز تۆپىلىكتە تۇرۇپ شۇلارنى ئويلاۋاتقاندا، چېدىر ئىچىدە ئۈرۈمچىدىن كەلگەن باشلىق ئۆزگىچە تېپىنى ئەيىبلەۋاتاتتى:

— ئۆزىڭىز ياتقان چېدىرنى بىلەلمىگۈدەك دەرىجىدە مەست بولمىغانسىز. توغرا، قىزلارنىڭ ياتىقىغا كىرىش گۇناھ، ئەيىب ئەمەس. لېكىن قىزنى ئالدىغان بولسىڭىزچۇ؟ سىزنىڭ چىرايىڭىز، يۇمشاق تىل، ئارتىسلارغا ئوخشاش ھېسسىياتچانلىقىڭىز سادىدا قىزلارنى ئوڭايلا قىلتاققا چۈشۈرەلەيدۇ، ھۆرىگۈلنى بىزنىڭ ئىدارىنىڭ لابوراتورىيىسىگە يۆتكەپ كېتىشكە ھاكىم ئاخشام قوشۇلمىغان ئىدى. بۈگۈن ئەتىگەن ئۆزىچىلا قىزنى ئېلىڭلار، ياخشى قىز ئىدى، لېكىن سىلەرگە بەرمىسەك بولمىغۇدەك

دەپ كىرىپتۇ. بۇ ئىشنى مەن سىزنىڭ كىچىكلىك زىيارىتىڭىزگە مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراۋاتىمەن. قانداق، قىزنى يۆتكىمەك كېيىن بەل قويۇۋەتمەي چىڭ تۇرالامسىز؟

يىگىت ئۈن-تىنسىز سەپەر سومكىسى بىلەن ئىپتىشماقتا ئىدى.

— نېمىشقا جاۋاب بەرمەيسىز ئابلەت؟

— كادىر يۆتكەش باشقىلارنىڭ ئىشى، مەن نېمە دەيتتىم...

— شۇنداقمۇ؟ بولىدۇ، ئۇنداق بولسا ھازىرلا ماڭىمىز، تەييارلىقىڭىزنى پۈتتۈرۈڭ!

باشلىق كاتىپقا بۇيرۇق بېرىپ قويۇپ، چېدىردىن سىرتقا قاراپ ماڭدى.

«تويوتا» دېگەن لاتىنچە يېزىقى بار كۆك ماشىنا سېرىق گۈللەر ئىچىدە كېتىپ باردۇ. سېرىق گۈللەر پۈتۈن غولىنى، قاپتاللارنى قاپلىغان. ئارىلاپ-ئارىلاپ سۇغۇر ئۇۋىلىرى ئۇچراپ قالىدۇ.

— ھۆردىگۈل، بۇ گۈللەرنى ياخشى كۆرەمسىز؟ — باشلىق كەينىگە قايرىلىپ كاتىپى بىلەن يانمۇيان ئولتۇرغان قىزدىن سورىدى.

— ياق، بۇ گۈللەرگە ئۆچمەن!

— ۋاھ، نېمىشقا؟

— بۇ گۈللەر زىيانلىق. گۈلى چىرايلىق بولغىنى بىلەن بىرىنچىدىن، بۇنى مال يېمەيدۇ، ئىككىنچىدىن، بۇ گۈللەر ئوت-چۆپلەرنىڭ ئۆسۈشىگە زىيان سالىدۇ، بىلمىگەن ئادەم ئۇنىڭغا زوقلىنىدۇ، بىلگەن ئادەم ئۇنى يامان كۆرىدۇ.

— مۇنداق دەڭ. چىرايلىق بولغىنى بىلەن زىيانلىق دەڭا؟

— ھەئە شۇنداق. يېقىندا مەخسۇس مۇشۇ گۈلنىلا يوقىتىدىغان بىر دورىنى چەت ئەلدىن كىرگۈزدۇق، بىز بۇنى يوقىتىمىز.

بۇ گۈل توغرىسىدىكى ئاددىي سۆھبەت خۇددۇكى چان، چېچەن يىگىت ئابلەتنى بىئارام قىلدى:

— دۇنيادا مۇتلەق گۈزەل نەرسىمۇ يوق، مۇتلەق زىيانلىق نەرسىمۇ يوق. قاراڭلار، سېرىق گۈللەر تاغقا قانداق ياراشقان، بۇ غول خۇددى ئالتۇن كۆلگە ئوخشايدىكەن.

— گەپ شەكىلدە ئەمەس، ئۇكام ئابلەت، — دېدى باشلىق كۈلۈپ تۇرۇپ، — رەڭدار بولسىلا گۈزەل بولۇۋەرمەيدۇ، سېرىق بولسىلا ئالتۇن بولۇۋەرمىگەندەكلا.

قىز قاقاقلاپ كۈلدى:

— مەسىلەن، شۇمبۇيىمۇ رەڭلىك، سېرىق يۆگىمەشمۇ ئالتۇندەك رەڭلىك.

باشلىقمۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن بىر ئاتلىق بورانىدەك تېزلىك بىلەن قوغلاپ كېلىۋەتە ئىدى. باشلىق ماشىنىنىڭ ئەينىكىدىن ئۇنى كۆرۈپ قالدى-دە، شوپۇرغا:

— توختا، بىر نېمىمىز ئۇنتۇلۇپ قالغان ئوخشايدۇ! — دېدى.

ئۇلار سېرىق گۈللۈكتىن چىقىپ، تۆپىلىكتە توختىدى. قىز ماشىنىدىن چۈشۈپ ياغلىقىنى ھاۋادا پۇلاڭلىتىپ ۋارقىرىۋەتتى:

— ئابۇش، ھەي ئابۇش، ھەي بىچارە!

باشلىق قىزغا دىققەت بىلەن قارىدى. ئۇ قىزنىڭ كۆزلىرىدە شەبنەمدەك ياشلار غىلىغىپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ قالدى.

www.uyghurkitap.com

— ئېيتقىنا قارىغاي بوۋاي، قىز كېكەچ يىگىتكە ئاشىق بولۇپ قالغانمىدۇ؟

— سىلەر ئىنسانلار ھەممىلا نېمىنى مۇھەببەت تارازىسىدا ئۆلچەشكە ئامراق. سەن ھېكايەڭنى ئاخىرلاشتۇرغىن، سېنىڭ ئەسىرىڭنى ئوقۇغان ياشلار ئۆزلىرى خۇلاسە چىقىرالايدۇ. ئاكاڭ قارىغاي ھەممىنى دەپ بەرسە بولماس!

شۇنداق، ھېكايە ئاخىرلاشتى. ئابۇش مىنگەن تورۇق ئات پۇشۇلداپ، پىرقىراپ ماشىنا يېنىدا تەستە توختىدى.

ئابۇش قوللىرىنى شىلتىپ بىر نېمىلەرنى دېدى، ئۇنىڭ گېپىنى بىر ھۆردۈگۈللا چۈشەندى. ئۇ باشلىق بىلەن ئابلەتكە قاراپ:

— ئەپۇ قىلىڭلار، سىلەرگە ھەمراھ بولالمايدىغان ئوخشايمەن. ئابۇش بۈگۈن ئەتىگەن بىر غالجىر ئىتنى تىرىك تۇتۇۋاپتۇ، ئىتتا خەتەرلىك يۇقۇملۇق كېسەل ئانتىگېنى بار ئوخشايدۇ!

قىز شۇنداق دېدى - دە. ئابۇشنىڭ ئېتىنىڭ ئۈزەڭگىسىگە سول ئايىغىنى كۆتۈردى. ئاللىقاچان ئاتتىن چۈشۈپ تەييار بولغان ئابۇش بىر قولىدا قىزنىڭ قولتۇقىدىن يۆلىدى. قىز ئاتقا مىنگەندىن كېيىن ئابۇش ئۇنىڭ كەينىگە مىنگەشتى - دە، قىزنىڭ بەللىرىدىن قولىنى ئۆتكۈزۈپ، ئېگەرنىڭ ئالدى قېشىدىن چىڭ تۇتتى، بۇ كۆرۈنۈشكە ئابلەت تاقەت قىلالمىدى، ئۇ تىترەڭگۈ ئاۋازدا دېدى:

— ئۆرۈمچىگە، ئۆرۈمچىگە يۆتكىلىدىغان ئىشلىرىڭىزچۇ؟...

قىز قاقاقلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ كەينىگە قايرىلدى:

— كەلگۈسىدە ئويلاپ باقاي!

باشلىق قاقاقلاپ كۈلۈپ، ئاۋۋال ئابلەتكە قارىدى. ئابلەتنىڭ لەۋلىرى كۆكەرگەن، يۈزى تاتىراڭغۇ ئىدى. ئۇ ئاتلىقلارغا قارىدى، ئات سېرىق گۈللەر ئىچىدە بوراندەك چېپىپ بارماقتا ئىدى. قىز قاقاقلاپ كۈلەتتى، ئۇنىڭ كۈلكىسى بارغانسېرى يىراقلىشىپ سۇسىيىپ بارماقتا.

قېرى قارىغاي زۇۋانغا كىردى:

— ئىلاھىم، ئۇنىڭ كۈلكىسى كۆز يېشىغا ئايلانمىسۇن، سىلەر ئىنسانلار ئۇنىڭسىز ياشىيالمايسىلەر!...

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن





ئابدۇرېھىم ئابدۇللا

# داۋانلىق يوللار

(پوۋېست)

## 1

پايانسىز قېلىن جاڭگاللاردا، يىراق باياۋانلاردا ياكى قاتمۇ-قات تاغلار ئارىسىدا شۇنداقمۇ خىلۋەت يۇرتلار بولىدۇكى، بۇ يەرلەرنى پەسىللەرمۇ كېچىكىپ يوقلايدۇ. ئاسمانلىرىدىن باھار قۇشلىرىمۇ پەسلىمەستىن ئۆتۈپ كېتىدۇ. بەزىدە ئۇلارنى تەبىئەتنىڭ يامغۇر، بورانلىرى، گۈلدۈرماما، چاقماقلىرىمۇ تاپالماي قالىدۇ. لېكىن زېمىننىڭ تولىمۇ كىچىك، ئادەملىرىنىڭ ئاز ۋە كەچمىش-شۆھرەتلىرىنىڭ ئايانسىزلىقىدىن ئۇنتۇلۇش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن ئەنە شۇنداق چەت-ياقا يۇرتلاردىمۇ كاتتا شەھەرلەردىكىگە ئوخشاش ئاجايىپ جۇشقۇن ھايات — ياشاش يولىدىكى تەۋرەنمەس ئىشەنچلەر، ئۈمىد-ئىنتىلىشلەر ۋە شەپقەتسىز كۈرەشلەر بولىدۇ. ئىزدىسىڭىز ئىنسان قىسمەتلىرىنىڭ ھەممە ئۈلگىلىرى تېپىلىدۇ.

گويا پۈتۈن گىياھلىرى كۆيۈپ كېتىپ، كۆللىرىنى بوران پاك-پاكىزە ئۇچۇرۇپ كەتكەندەك مىس رەڭگىدە قىزغۇچ تاۋلىنىپ تۇرىدىغان قاقشال تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى بۇ كىچىككىنە ناھىيە ئەنە شۇنداق يۇرتلاردىن ئىدى. تەبىئەت بۇ ماكاننى نېمىدىنىدۇر ئاسرىماقچى بولغاندەك، كۆيۈك تاغلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئالغان، ئاشۇ تاغلارنىڭ ئۈستىدىن قارىسا پەستە شىمالدىن جەنۇبقا پاراللېل تارتىلغان ئۇزۇن-ئۇزۇن قاراڭغۇ ئۈچ باغ ھەم باغلار ئارىسىدا تۇرخۇنلىرىدىن تولغىنىپ-تولغىنىپ ئىس كۆتۈرۈلۈۋاتقان

www.uyghurkitap.com

سارغۇچ، پاكار ئۆگزىلىك مەھەللىلەر كۆرۈنىدۇ، شىمالدىكى تاغ ئېغىزىدىن قاچانلاردىدۇر شىددەت بىلەن تۆرۈلۈپ كەلگەن تومۇز كەلكۈنلىرى بۇ ئالقانچىلىك زېمىننى خۇددى پىچاقبىلەن كەسكەندەك، ئوخشاش كەڭلىكتە تىك ۋە چوڭقۇر قىلىپ ئۈچ سايغا بۆلۈۋەتكەن، سايلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوقچىيىپ تۇرغان ئەنە شۇ تارغىنە ئۈچ تاسما زېمىن بۇ ناھىيىنىڭ ئۆي - ماكان، باغ - ۋاران ۋە تېرىلغۇ يەرلىرىدىن ئىبارەت، لېكىن بۇ كىچىك ئەمما بەرىكەتلىك زېمىندا ئادەملەر خۇددى ئانار دانلىرىدەك غۇژژىدە سىغدىلىشىپ ياشايدۇ. بىر يېزىنىڭ بۇ بېشىدىن ئۆگزىگە چىققان ئادەم يەرگە چۈشمەستىن ئۇ بېشىغا ئۆتەلەيدۇ، تاغلارنىڭ ئارىسىدا ئۇزاق زامانلاردىن بېرى، پىنھان ياشاپ كەلگەچكىمۇ ئادەملىرى خۇددى تاللىۋالغاندەك خىل، ساپ نەسىللىك بولۇپ، بىر - بىرىگە ئاساسەن ئوخشىشىدۇ، ئەرلىرىمۇ ئاياللىرىدەك رەڭدار - تاغ ھاۋاسى مەڭزىنىڭ ئېقى بىلەن قىزىلىنى ئېنىق ئايرىغان، قاشلىرى قويۇق ۋە قاپقارا، بۇرۇنلىرى تۈز ھەم قاڭشارلىق كېلىدۇ. قادىلىپ تىكىلىدىغان چوڭ - چوڭ كۆزلىرىدە ئەقىل ئوتى چاقناپ تۇرىدۇ. ئىشقىلىپ، ھەممىسى ھۈنەرۋەن، ھەممىسى سۆزمەن ۋە بىلەرمەن. گەۋدە، مۇسكۇللىرىمۇ تاغ تاشلىرىدەك مەزمۇت، چىدامliq بولۇپ، ئاۋازلىرى خۇددى پولات خەنجەرنىڭ جاراڭلىشىغا ئوخشايدۇ. سۈرۈشتۈرسىڭىز بىر يېزىنىڭ ئادەملىرىنىڭ ھەممىسى شىرەم بولسىمۇ تۇغقان چىقىدۇ.

بۇ يۇرتنىڭ پەقەتلا ئىككى تاشلىق سۈيى بار، بۇ سۇ يىراقتىكى قاقاس تاغلارنىڭ ئاستىدىن چىققان تارام - تارام سۇلاردىن يىغىلىپ، شىمال تەرەپتىكى ئېگىز سايىنىڭ سۈزۈك تاشلىرى ئۈستىدە كۆمۈشتەك جىمىرلاپ، يىللار داۋامىدا ھاسىل قىلغان تېيىز ۋە تارغىنە ئېرىقى بىلەن يىلاندەك سويلاپ كېلىدۇ. ئۆزلىرىنى ئەۋلادمۇ - ئەۋلاد بېقىپ كەلگەن بۇ بىر ئېرىق سۈنى دېھقانلار سۇ ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي قان، دەپ بىلىدۇ. شۇڭا بۇ يۇرتنىڭ ئادەملىرى باشقا ھەرقانداق مەنپەئەتىنى ئۆزئارا ئۆتۈنۈپ بېرىشىدۇكى، بارى - يوقى بىر سائەتلا پەرق قىلىدىغان سۇ نۆۋىتىنى ھەتتا يېقىن ئۇرۇق - تۇغقان، قۇدا - باجا، ھەقامسايىلىرىغىمۇ ئۆتۈنۈپ بېرىشمەيدۇ. يۇرت بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان كاتتا كېڭەشلەر، ئاممىۋى ئەمگەكلەر، ئايماق ۋە مەھەللىلەر ئارا يۈز بېرىدىغان ۋە كۈنلەپ، ئايلاپ توختىمايدىغان ماجىرالار، ئۆزئارا ياخشى - يامان مۇئامىلىلەر، ھەتتا توما ۋە ئېچىق بېشىدىكى كەتمەن بىلەن چېپىشىپ قان تۆكۈشلەرمۇ ئەنە شۇ سۇ ئۈچۈن بولىدۇ.

لېكىن، سۇغا باغرى قانمىغاچقا، كۆپ ھاللاردا سېرىق تال موھتاجلىقتا ياشايدىغان بۇ جاپالىق يۇرتتىن ئالىممۇ، زالىممۇ، بايمۇ، گادايمۇ چىققانكى، ئەزەلدىن بىرمۇ تىلەمچى چىققان ئەمەس. بۇنىڭدىمۇ بىردىنبىر خاسىيەت شۇكى، سايدا تۇغۇلۇپ، تاشقا دەسسەپ ئۆسكەن بۇ ئىرادىلىك خەلق دۇنيانى، ياشاشنى ۋە ئىنسانىي قىممەتنى چىن مەنىسىدىن ئەمگەك دەپ چۈشىنىدۇ.

2

ئەتراپىنى سېپىلدەك ئوراپ تۇرغان تىك تاغلار ئاستىدىكى بۇ قازاندەك ماكاندا تاڭمۇ باشقىچە ئاتىدۇ.

پەستە — ئېتىز ۋە باغلار ئۈستىدە تېخى سەھەر تۇمانلىرى تارقىماي تۇرۇپ، قۇ-
ياش ئۆزىنى كۆرسەتمەيلا تاغ چوققىلىرىنى دەسلەپكى نېپىز ۋە تىترەپ تۇرغان سال-
قىن شولىسى بىلەن قان رەڭگىدە بوياپ بولىدۇ. قۇياشنىڭ ئۆزى بولسا خېلىدىن
كېيىن قىزارغىنىچە، نازلىق كۈلۈمسىرەپ، تاغ ئۈستىدە پەيدا بولىدۇ. ئاندىن بۇ ناھى-
يىگە نىسبەتەن ئەينى يىللارنىڭ مۆجىزىسى ھېسابىدا قىسقا ۋە چەينەك شەكلىدىكى
بىرلا كوچىلىق بازارنىڭ شەرق تەرىپىدە يېگانە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئوتتۇرا مەكتەپ-
نىڭ يېشىل سىرلانغان قاڭالتىرلىق ئۆگزىسىنى چاقنىتىدۇ. لېكىن بۈگۈنكى سېنتەبىر
قۇياشى كۈندۈز بىلەن كېچىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق كۈندۈزدىنمۇ گۈزەل بولۇپ تۇ-
غۇلىدىغان تاڭ سەھەرنى تەسۋىرلىگۈچى بۇ ئەزەلى ئادەتكە ۋاپا قىلماستىن تاغ بېشى-
دا تۇيۇقسىز پەيدا بولدى- دە، ئالتۇن قالقاندەك ۋاللىداپ، يانغىن ئاۋازىدا گۈرۈلدەپ
ئەتىگەندىلا قاتتىق قىزدۇرۇشقا باشلىدى. دائىملىق تەجرىبىلەرگە قارىغاندا، ئوتتەك
شامال بىلەن چىققان سەھەردىكى بۇنداق قىزغۇچ كۆيۈك ئاپتاپ مۇقەررەر ھالدا
شۇ كۈنى يۈز بېرىدىغان خۇددى تەكلىمانىنىڭكىدەك قارا بوراندىن ياكى سائەتلەپ
توختىمايدىغان تۆكمە يامغۇردىن دېرەك بېرەتتى. بىراق، ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ
بۇ ۋەھىملىك ئالامەتتىن خەۋەرسىز ھالدا قىپقىزىل يالقۇن ئىچىدە جۇلالىنىپ،
ئۇلۇغۋار ۋە خىيالىي تۇسكە كىرگەنىدى. رەتلىك تىكىلگەن ياش دەرەخلەرنىڭ يې-
شىل ياپراقلىرىدىن، سىنىپلارنىڭ دېرىزە ئەينەكلىرىدىن، ھەتتا ئاپئاق ئاقارتىلغان
تاملاردىنمۇ قىزىل نۇر ياناتتى. مەيداندا توپ-توپ بولۇپ تۇرۇشقان ۋە بىر-ئىككى-
دىن بولۇپ ھاياجان ئىچىدە سۆزسىز ئايلىنىپ يۈرۈشكەن ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار-
نىڭ سول بېلىكىدىكى قىزىل يەڭ بەلگىسى قۇياش نۇرىدا تېخىمۇ قىزىرىپ، چوغدەك
يېلىنجايتتى، قىزىل قوغدىغۇچىلار ئۆزلىرىگە چەكسىز ئىستىقبال ۋەدە قىلىپ تۇرغان
يەڭ بەلگىلىرىنى بالىلار ھېيتتا كىيىپ چىققان كىيىمىنى ئاۋايلىغاندەك ئاۋايلىشاتتى ۋە
تىكىلىپ قاراشقا پېتىنالماي، ئوڭ قولى بىلەن ئاۋايلاپ سىيلىغىنىچە خۇددى سىرلىق
ئەڭگۈشتەرگە قارىغاندەك كۆز قۇيرۇقىدا ئەيمىنىپ قارىشاتتى. پۈتۈن مەكتەپ ئىچىدە
غايەت زور يېڭىلىق ئالدىدىكى تەقەززا قىلغۇچى جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. ئاق
قۇشقاچلارمۇ نېمە بولغاننى چۈشىنەلمەستىن سايراشقا جۈرئەت قىلالماي، كۆزلىرىنى
چىمىلدىتىپ، قويۇق شاخلارنىڭ ئاستىدا مارىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. ئادەتتە ئاشۇ قۇشقاچلاردىنمۇ
تىنىمسىز ھالدا چۇرۇقلىشىپ كېتىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ قۇلاقنى پاڭ قىلغۇچى ئىنچىكە
ۋە جاراڭلىق ئاۋازلىرى بۈگۈنكى ئوتتەك ھاۋادا ئېرىپ كەتكەندەك ئىدى. ئۆزلىرى
بولسا يېقىن كەلگۈسىدە كۈتۈپ تۇرغان بىرەر شانلىق مەسئۇلىيەت ئۈچۈن غەمسىز
بالىلىقى بىلەن بۈگۈنلا خوشلاشقاندەك، قاراشلىرى جىددىي ھەم ئېغىرلىشىپ، خېلىلا
تەمكىنلىشىپ قالغانىدى.

مەكتەپ تەنتەربىيە مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئېگىز خادىغا ئورنىتىلغان رادى-
ئو كانىيىدىن دەرھال يىغىلىش بۇيرۇقى ئاڭلاندى. قىزىل پۆپۈكلۈك جاڭ ۋە دۇمباق
كۆتۈرۈشكەن، قەسەمنامە ۋە شوئار يېزىلغان ئېغىر پلاكاتلارنى تۇتۇشقان قىزىل قوغ-

www.uyghurkitap.com

دېڭىزچىلار شۇ ھامان يىغىلىپ سەپ تۈزدى. بۇلار يۈلتۈز ۋە پاگونسىز بولسىمۇ ماش رەڭ رەختلەردە ھەربىيچە كىيىم كىيىشكەندى. بۇنداق كىيىم تەييارلاشقا ئۈلگۈرەلمىگەنلەر بوي-بويى بىلەن چاقماق تېزلىكىدە تىزىلىپ، ئارقا رەتلەردىن ئورۇن ئېلىشتى.

مەيدان ئىچىدە پەقەت مۇرات ئىسىملىك بىرلا ئوقۇغۇچى خۇددى ھېيت كۈنىدىكى يېتىم بالىدەك بوينىنى قىسىپ، بۇ سەپكە تىزىلىش بەختىدىن مەھرۇم ھالدا چەتتە قالدى.

تەنتەنىلىك يۈرۈش باشلاندى.

سەپ ئىچىدىكى بىر قىزنىڭ كۆچىنىپ باشلاپ بېرىشى بىلەن باشلانغان ئۈزۈندە ناخشىسى مەكتەپتىن ئۇچۇپ چىقىپ ۋە تاغلارغا ئۇرۇلۇپ قايتىپ، گۈلدۈرمامىدەك جاراڭلىدى، مىڭلارچە ئاياغلارنىڭ رىتىملىق گۈپۈلدەشلىرىدە مۇراتنىڭ يۈرىكىمۇ قېپىدىن چىقىپ كەتكۈدەك گۈپۈلدىمەكتە. ئۇنىڭ تەنلىرى قىزىپ، قانلىرى قاينىماقتا، ئۆزىگە تاقاش نېسىپ بولمىغان ئاۋۇ قىزىل يەڭ بەلگىلىرىدىكى «قىزىل قوغدىغۇچى» دېگەن زەررەڭ خەتلەر بۈگۈنكى ھاۋادا رەڭدار كېپىنەكتەك پىلدىرلاپ، كۆزلىرىنى چاقناتماقتا، مۇرات شۇ دەمدىكى ساددا بالىلىق قىياسىدا ئۆز ئادالىتى بىلەن پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ بەختى ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ، خاتىرجەملىكىنى قوغدىغۇچى ۋە شۇ خاسىيىتى بىلەن ھەر قاچان ۋە ھەر جايدا ماختىلىشقا ھەم ھۆرمەتلىنىشكە لايىق بۇ غالىب قوشۇننىڭ جەڭگىۋار ئەزالىرىنى دۇنيادىكى ئەڭ پاك، ئەڭ يارامىلىق ۋە ئەڭ بەختىيار كىشىلەر دەپ چۈشىنەتتى...

«مەن نېمىشقا بۇ قوشۇنغا ئەزا بولالمىدىم؟—دەپ ئۆزىگە ئۆزى ئازابلىق سوئال قوياتتى ئۇ يېنىدىكى بىلەكتەك توملۇقتىكى ئىككى يىللىق جىرىمنى يۇلۇۋەتكۈدەك دەرىجىدە قاماللاپ، — يېشىم كىچىكلىك قىلدىمۇ-يا؟ ياق، مېنىڭ يېشىم مەكتەپتىكى دەرس ۋە ئىمتىھانلاردا، ئەمگەك ياكى تەنتەربىيىلەردە، ھەتتا ئۆزۈمدىن چوڭ بالىلار بىلەن تۇتۇشۇپ چېلىشقاندىمۇ ھېچقاچان كىچىكلىك قىلمىغان ئىدىغۇ؟ ئەنە، سەپنىڭ كەينىدە — يېشى مېنىڭكىدىنمۇ كىچىك مەندىنمۇ پاكار بالىلار تۇرىدىغۇ؟ ھەتتا، ئىسمىنىمۇ يازالمايدىغان ئەشۇ بالىلارمۇ يەڭ بەلگىسى تاقاپ سەپكە تىزىلىۋاپتىغۇ؟...»

ئۇ قانچە ئويلانسىمۇ بۈگۈنكى بۇ پاجىئەنىڭ ئېنىقراق سەۋەبىنى تاپالمايتتى، چەكسىز غېرىبسىنىش ۋە چۈشكۈنلۈك ئىچىدە نەپسى بوغۇلۇپ، يىغا تۇتاتتى.

مۇراتنىڭ سىنىپ مەسئۇلى خالىق ئەپەندى سىدام، ئاق سېرىق يۈزىگە قويۇق ۋە ئىنچىكە قورۇقلار چۈشكەن، كىچىككىنە چېقىر كۆزلۈك، بەستلىك ۋە خام سېمىز بولۇشىغا قارىماي تېز ۋە ئۇششاق چامداشلىرىدىن دائىملا ئالدىراش كۆرۈنىدىغان كىشى ئىدى. ئۇ ئەتتىگەندىن بېرى ئىشخانىنىڭ ئىچىدىن مەيدانغا قارايدىغان ئەينەكلىك دېرىزە ئارقىلىق مۇراتنى پۈتۈن دىققىتى بىلەن قىزىقىپ كۆزەتمەكتە ئىدى. ئۇ شۇ دەمدە مۇراتنىڭ قانداق خىياللار بىلەن پۈچىلىنىپ، قانچىلىك زىلزىلىگە كەلگەنلىكىنى گويا ئۆز بەدىنىدە سىناق قىلىۋاتقاندەك، تولۇق چۈشىنىپ تۇراتتى.

3

تونۇگۈن مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسى بىلەن ئىتتىپاق ياچېيكىسى بىرلىشىپ ئاچقان يىغىندا مۇراتنى «كېلىپ چىقىشى ساپ ئەمەس» دەپ «قىزىل قوغدىغۇچى» بولۇشتىن قالدۇرۇپ قويۇشۇۋىدى، خالىق ئەپەندىنىڭ يۈرىكى ئىختىيارسىز ئېچىشىپ كەتتى.

— مۇرات ھەققىدە ئىككى ئېغىز پىكرىم بار، — دېدى ئۇ خورسىنغان ھالدا، — ئەگەر كېلىپ چىقىشى ئۇنداق بولمىغان بولسا، تازا سېپى ئۆزىدىن، چاقماقتەك قىزىل قوغدىغۇچى بولاتتى، بىلىسىلەرغۇ؟ ئۇنىڭ دەرسلەردىكى ئۆتكۈرلۈكىدە گەپ يوق، سىنىپتا شۇ بالىنىڭ كۆزىگە قاراپ سۆزلەيمەن. باشقىلىرى نېمىلا دېسەم كۆزىنى پارقىرىتىپ ئولتۇرغىنى ئولتۇرغان. ئەمما، تەرىتىم بوشراق كۈنى پەقەت ئاشۇ مۇراتتىن ئەيمىنىمەن. سەللا خاتا كەتسەم ئازراقمۇ خاتىرە قىلماستىن باللار ئىچىدە لەت قىلىدۇ، ئەمگەكلەردىمۇ بالىلىرىمىزنىڭ ئەڭ كۆچتۈڭگىرى شۇ، تەنتەربىيىنىڭ ھەممە تۈرلىرىدە مايمۇنىنىڭ ئۆزىلا. سىنىپلار ئارا ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت پائالىيەتلىرىدە ئۆزى يېزىپ، ئۆزى ئوينايدىغان ھەم يازغۇچى ھەم ئارتىسىمىز. شۇڭا ئۇنى سىنىپىمىزنىڭ پەخرى، كۆزى، دەپ قارايمەن. ساۋاقداشلىرىمۇ مۇراتنى خۇددى مېنى ھۆرمەتلىگەندەك ھۆرمەتلەيدۇ. بىر سىنىپتا ئاشۇنداق بالىدىن بەشىلا بولسا، ئوقۇتقۇچى ئۈچۈن سىنىپتىن، مەكتەپتىن كۆڭۈللۈك يەر بولامدۇ؟ ھەر ھالدا بىر قېتىممۇ ئىشەنچ - ئۈمىدىمنى يەردە قويغان بالا ئەمەستى ئۇ! مېنىڭ سىنىپتا ئاشۇ بالا بىلەن ھاردۇقۇم چىقاتتى...

— ئوغۇ شۇنداق، — دەپ گەپنى بۆلدى مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى توختى مەممەت، — ئۇنى ئىدىيە جەھەتتىن ياخشى تەربىيىلەڭ، كېيىنكى ئىپادىسىگە قارايمىز.

يىغىن خالىق ئەپەندى ئۈچۈن ئەنە شۇنداق كۆڭۈلسىز ئاياغلاشتى.

نېمىشقىدۇر خالىق ئەپەندىگە تەلەي ھەمىشە كاجلىق قىلاتتى. ئۇ ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي ھېلىغىچە ياش ئەپەندىچاقلارنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىدى. بۇ تەرىپى ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا ھار كېلەتتى. «كەلمىگەن تەلەيدە ئاناڭنىڭ ئېلىشى بارمۇ؟» دېگەن گەپ راستمۇ نېمە؟ دەيتتى، ئۇ بەزىدە زەردە گۆش بولغان ھالدا ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەپ، — ئابروي - ئىناۋەت دېگەننى پۇلغا سېتىۋالغىلى، قىماردا ئۇتۇۋالغىلى، ياكى باغقا تېرىۋالغىلى بولمىسا، ئۇنى زادى نەدىن ۋە قانداق تاپقۇلۇق؟ تەشكىل ئالدىدا ئەزەلدىن ماقۇل، دېدىمكى، ياق دەپ باقمىدىم. قولۇمدىن كېلىدىغانىنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ باقتىم. ھەتتا، يالغۇز ئوغلۇمغا ھاكىمنىڭ، ئەڭ چىرايلىق قىزىمغا ئايالىنىڭ ئىسمىنى قويدۇم. لېكىن كىچىك - چوڭ سايلاملاردا يا باشلىق، يا پۇقرانىڭ ئېسىگە كېلىپ قويمايمەن. ئۇنداق چاغلاردا ئىسمىم خۇددى بۆرىدىن ئۈركىگەن خوتەكتەك ئۆزۈمدىنمۇ ئۈركۈيدۇ. ئاتانمىغان ئەردىن ئاتانغان دۆڭ ياخشى ئەمەسمۇ؟ يەنە قانچىلىك ياشايمەن، ياش ئەللىككە يەتتى ئەمەسمۇ، ئەللىككە؟!...»

باخشى، داخان، موللا، تېۋىپ دېگەنلەرمۇ كار قىلمايدىغان، ياكى كۆڭلۈم يېقىن دەپ بىرسىگە دېگىلى ۋە مەسلىھەت سورىغىلى بولمايدىغان بۇ يوشۇرۇن دەرد ئۇزۇندىن بېرى ئارام بەرمەستىن ئۇنى ئالما قۇرتىدەك ئىچىدىن يەپ كەلمەكتە ئىدى.

www.uyghurkitap.com

شۇ يەغىن بولغان كېچىسى، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ئۇيقۇمۇ كەلمىدى، «قاچە، مەندىن ئەمدى ئۇيقۇمۇ قاچە!» دەيتتى ئۇ ئۇ يېقىدىن بۇ يېقىغا ئۆرۈلۈۋېتىپ قاراڭغۇدا ئەلەملىك غوتۇلداپ.

تۈن تەڭ بولغاندا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئىختىيارسىز مۇرات پەيدا بولدى.

بۇغداي ئۆڭلۈك، يوغان باش، كەڭ ماڭلايلىق، چوڭ قارا كۆزلىرىدە ئوت چاقناپ تۇرىدىغان بۇ ئىسسىق چىراي بالا شۇدەمدە ئۇنىڭغا بۇرۇنقى شوخ ۋە مەغرۇر مۇراتنىڭ دادىل قاراشلىرىغا زادىلا ئوخشىمايدىغان بىر خىل يۈرەكنى ئەزگۈچى تەلمۈرۈش بىلەن مۆلۈلدەپ تىكىلىپ تۇراتتى، ئۇ ئەمدى ئۆزىنى قويۇپ تۇرۇپ مۇرات ھەققىدە ئويلانماي تۇرالمىدى. ياچېيكا شۇجىسىنىڭ «ئىدىيە جەھەتتىن ياخشى تەربىيىلەڭ، كېيىنكى ئىپادىسىگە قارايمىز» دېگەن سۆزىنى ئەسلىگەندە سەل ئۈمىدلەنگەندەك بولدى. خالىق ئەپەندى بۇ ئۈمىد بىلەن ئۆزىنى ئاستا-ئاستا يەڭگىللىشىپ قېلىۋاتقاندەك، كۆڭلىدىكى ئاچچىق ۋە قارا تۇمانلار تارقاپ، يۈرىكىنى چىرماپ تۇرغان كونا تۈگۈنلەر ئۆزلۈكىدىن يېشىلىۋاتقاندەك ھېس قىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىچ-باغرىنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدە ئەڭ يىراقتىكى كىچىك ۋە يالغۇز يۇلتۇزدەك بىر نۇر چىمىرلاپ قالدى. بۇ نۇر بارغانچە زورىيىپ، روشەنلىشىپ، قەلبىنى ئىللىتىشقا باشلىدى ۋە ئاخىرىدا ئاسمانغا بىراقلا بالقىپ چىققان چولپاندەك كۆڭلىنى پۈتۈنلەي يورۇتىۋەتتى، «مۇراتنىڭ ئىپادىسى نېمىشقا مېنىڭمۇ ئىپادەم بولالمايدىكەن؟» دېدى ئۇ مۇشكۈل بىر تېپىشماقنى يەشكەندەك ھاياجانلىنىپ.

مۆجىزىدەك تۇيۇقسىز باشلانغان بۇ ياخشى خىيالنىڭ ئاخىرىنى قاراڭغۇدا يوقىتىپ قويۇشتىن ئەنسىرىگەن خالىق ئەپەندى تامبالچاق ۋە كۆڭلەكسىز ھالدا ئۈندەرىگەندەك قوپۇپ دەرھال چىراغنى ياندۇردى، ئۇ ئەمدى كۆڭلىدەك يورۇپ قالغان ئۆي ئىچىدە ئۆزىدە يۈز بېرىۋاتقان ئاجايىپ بىر ھالەتنى سەزدى: ئۇ بىردىنلا ھاڭتاڭ قالدى، ئۇنىڭ قەلبى كۆز ئالدىدا پايانسىز ۋادىدەك يېيىلىپ ياتاتتى. ئەنە شۇ ۋادىنىڭ ئۇپۇقتا تاقاشقان گىرۋىكىدە — قەلبىنىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىدە، دەل بايىقى يۇلتۇز چاقنىغان يەردە مۇرات، ئەسلى شەكلىدىن نەچچە يۈز ھەسسە كىچىكلىگەن، لېكىن تولىمۇ روشەن، نۇرانە كۆرۈنۈشتىكى بارماقچىلىك مۇرات ئۆزىگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى، ئۇ چۆچۈش ۋە پۈتۈن بەدىنىنى بويلاپ كېلىۋاتقان شېرىن جۇغۇلداشلار ئىچىدە مۇراتقا قاراپ قالدى. كېيىن ئەنە شۇنداق خىيالىي مەنزىرىلەرنىڭ ئىسكەنجىسىدە بىرھازا تېڭىرقاپ، سوغۇق تەرگە چۆمۈلگەندىن كېيىن سەل ھوشىغا كەلدى ۋە ئۆزىگە بۇنداق سىرلىق قىياپەت بىلەن دوستلارچە كۈلۈمسىرەپ تۇرغان مۇرات بولماستىن، بەلكى مۇرات سىياقىغا كىرگەن تەقدىر ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. دېمەك، قىسمەت ئۇلارنى ياش، ئورۇن ۋە ئارزۇ جەھەتتىكى شۇنچە چوڭ پەرقلىرىگە قارىماي بىر-بىرىگە نىجادچى قىلىپ ئەنە شۇنداق مەھكەم چېتىپ قويغانىدى.

لېكىن بۇ تىلسىملىق بىشارەتنىڭ ئاقىۋىتى خالىق ئەپەندى ئۈچۈن تېخى خېلىلا گۇڭگا بولۇپ، ئۇنىڭغا يېنىلا ئويلاشقا، مېڭە ئىشلىتىشكە توغرا كېلەتتى. ئۇ ئوي-

لىدى. ھەتتا نەپەس ئالماي تۇرۇپ ئويلىدى ۋە ئاخىرىدا تەرەپ-تەرەپتىن بامدات ئەزەنلىرى ئاڭلانغان چاغدا شۇنداق ئەپچىل بىر چارە تاپتىكى، بۇ دانا ۋە چوڭقۇر پىكىرلەرنىڭ تېخى بىرنەچچە سائەتلا ئاۋۋال غوڭ قاپاقتەك ۋاڭشىپ تۇرغان كاللىسىغا نەدىن ۋە قانداقچە كېلىپ قالغانلىقىنى ئۆزىمۇ چۈشەنمەي قالدى.

4

مانا، خالىق ئەپەندى ئۆزىنىمۇ ھاڭ-تاڭدا قويغان بۇ ئاجايىپ چارىسىنىڭ دەسلەپكى نەتىجىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئەتىگەندىن بېرى ئىشخانىنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ، مەيداندا يالغۇز غېرىبسىنىپ قالغان مۇراتنىڭ ئۆزىنى ئىزدەپ كېلىشىنى، بۇقۇلداپ-بۇقۇلداپ بىر يىغلىۋېتىپ، ئاندىن مۇرىلىرىنى تىترەتكەن ھالدا ئېسەدەپ تۇرۇپ يالۋۇرۇشىنى كۈتمەكتە ئىدى. چۈنكى مۇراتنىڭ قىزىل قوغدىغۇچى بولۇشى ئۈچۈن بۇنىڭدىن باشقا يول يوق. دېمەك ئۆزى مۇراتنىڭ بىردىنبىر قۇتقۇزغۇچىسى، مۇراتچۇ؟ مۇراتمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئۇنىڭ قۇتقازغۇچىسى، مۇرات ئۇنىڭغا شۇنچىلىك پارلاق ۋە داغدام ئىستىقبال يولى ئېچىپ بېرىدۇكى، پات يېقىندا مەكتەپ، ھەتتا پۈتۈن ناھىيە ئۇنىڭ بۇ تۇيۇقسىز نۇسرىتىگە «ئاھ!» دېيىشىپ قالىدۇ. لېكىن بۇ پىداكارلىقىنى مۇرات كىمگە مەنپەئەت يەتكۈزىدىغانلىقىنى سەزمەي، ئۆزۈم ئۈچۈنلا دەپ چۈشىنىپ ئاڭسىز قىلغاچقا خالىق ئەپەندىنىڭ ھىممىتى ئالدىدا يەنىلا ۋىجدانەن قەرزدار بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. بۇنداق تانالمايدىغان قەرزدارلار ئۇنى كۈتۈپ تۇرغان كەلگۈسىدىكى بۇنىڭدىنمۇ ئېگىز ۋە مۇشكۈل پەللەر ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، يەنە لازىم بولىدۇ... قاراڭ مانا بۇ خالىق ئەپەندىنىڭ — كەسىپداشلىرى ۋە باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئەزەلدىن تولىدىن ئىش كەلمەس، لېيى خام ھېسابلىنىپ كەلگەن بىزنىڭ خالىق ئەپەندىنىڭ پەم-پاراسىتى!

بىراق، مۇرات زوقلىنىش ۋە ئازابلىنىش ئىلكىدە تېخىچە شۇ بايىقى جايىدا مەڭدىگەن ھالدا، پاراتتىن ئۆتۈۋاتقان قىزىل قوغدىغۇچىلارغا خۇددى سۆكۈتكە قارىغاندەك قاراپ تۇراتتى. خالىق ئەپەندىنىڭ دەسلەپتە ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىدى. بىچارە بالا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىلا بارغانچە ئورۇقلاپ، كىچىكلەپ كېتىۋاتاتتى. لېكىن ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئۇنىڭ سەۋرىسى سوكۇلداپ، كۆڭلىدە مۇراتقا كايىشقا باشلىدى. چۈنكى ئۇنىڭ نەزەرىدىكى ئادەتتىن تاشقىرى بۇ ئەقىللىق بالا ھازىر تولىمۇ گالۋاڭلىق قىلىپ، ۋاقىتنى سوزماقتا ئىدى.

«ھەي، بالا، ھەممە ئىشقا سەۋەب كېرەك، سەۋەب! بۇتتەك قېتىپ تۇرغىچە چاقانراق مېنى ئىزدىمەمسەن؟ ئاندىن، ئۇنىڭ ئۇ يېقىنى ئۆزۈم...»

ھەل قىلغۇچ پەيتتىكى بۇ خىيالنىڭ چاقماقتەك نۇرى ئىشخانىدىن ئۇچۇپ چىقىپ، مۇراتقا تەسىرىنى كۆرسەتتى، ئۇ ئۆزىنى بېسىپ تۇرغان ئېغىر تۇيغۇلاردىن ئويغىنىپ بىر نېمىنى ئەسلىگەندەك بولدى ۋە چۆچۈگەندەك شاققىدە كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئىشخانا تەرەپكە ئۈمىدلىنىپ قارىدى. ئاندىن يېنىك ۋە تېز قەدەملەر بىلەن كېلىشكە باشلىدى.

مانا، كۈتكەن پەيت! خالىق ئەپەندىنىڭ يۈرىكى توزاقىقا چۈشكەن قۇشتەك تىپچەكلەپ كەتتى.




مېنى ئىزدەپ كېلىۋاتىدۇ!
ئالدىغا چىقىش كېرەك!
ئۇلار كارىدوردا ئۇچراشتى.

— مۇئەللىم ... — دېدى مۇرات تىترەپ تۇرغان ئاۋازدا، — مەن نېمىشقا قىزىل قوغدىغۇچى بولالمىدىم؟

ئۇ بۇ گەپنى دەپ بولغىچە ھېچ تۇتۇپ قالغاندەك غىڭقىلداپ قېلىپ، بىرنەچچە قېتىم چوڭ ـ چوڭ يۇتۇندى.

— سەۋەب مۇنداقكەن، — دېدى خالىق ئەپەندىمۇ خۇددى شۇم خەۋەر يەتكۈزۈۋاتقان كىشىدەك پەرىشان ھالدا دۇدۇقلاپ، — ئىككى كۈندىن بېرى مەنمۇ شۇ ئىشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە. ئاخىرى مەكتەپ مۇدىرىدىن سۈرۈشتۈردۇم. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، قىزىل قوغدىغۇچى بولۇش ئۈچۈن پەقەت كېلىپ چىقىش جەھەتتىكى شەرتىڭىز توشمايدىكەن.

— كېلىپ چىقىش؟!

مۇرات ئادەملەر بىر ـ بىرىنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن ئۆزلىرى ئويلاپ تاپقان ۋە ھېچقاچان ئاڭلاپ باقمىغان بۇيات ئاتالغۇنى شۇنچىلىك غەيرىي ۋە نەپرەتلىك ئاھاڭدا تەكرارلىىدىكى، بۇ ئاتالغۇ چىشلىرى ئارىسىدىن گويا شىۋىرغاندەك ۋىژىلداپ چىقتى.

— ھەئە، شۇ ... شۇ كېلىپ چىقىش مەسىلىڭىز چاتاقراق تۇردۇ. لېكىن ئۈمىدسىزلەنمەڭ، — دېدى خالىق ئەپەندى مەقسەت قولۋېقىنىڭ بىرىنچى دوقمۇشتىلا قىرغاققا سوقۇلۇشىدىن ئەنسىرەپ، — ھەرگىز ئۈمىدسىزلەنمەڭ، مەن بار ئەمەسمۇ؟ شۇنداق قاتۇرۇپ بىر ئىلتىماس يېزىۋەتمەمسىز. ئىلتىماسىڭىزنى تازا پىچىقى كېسىدىغىنىنى تېپىپ تۇرۇپ ئۆزۈم تۇتۇپ بېرەي، ئاندىن سىزمۇ چوقۇم ...

مۇراتنىڭ ئۈمىدسىزلىكتىن بوشاشقان قەددى خۇددى يامغۇردىن كېيىنكى چۆلگە ياھىدەك رۇسلاندى. كۆزلىرىمۇ باشقىچە چاقناپ كەتتى.

— قاچان يازىمەن؟

— قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى، — خالىق ئەپەندى سائىتىگە قارىۋالدى، — چوڭ تەنەپپۇسقا يەنە ئىككى سائەت بار ئىكەن. يېزىشنى ھازىرلا باشلاڭ، چۈشلۈك تاماقتىن بۇرۇن ئۆزۈمگە تاپشۇرۇۋېتىڭ.

مۇرات قايتىش ئۈچۈن بۇرۇلۇۋىدى، ئۇ بىر نەرسىنى ئەسكەرتمەكچى بولۇپ چاقىرىۋالدى.

— ھە، توختاڭ، سەمىڭىزگە سېلىپ قويۇشقا تېگىشلىك مۇھىم بىر ئىشنى ئۇنتۇپتىمەن. ئىلتىماسىڭىز قىسقا ۋە مېغىزلىق يېزىلسۇن. ئەڭ مۇھىمى، قەسەم، ۋەدىلىرىڭىزنى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈرەش ئىرادىڭىزنى يېزىڭ. ئەمدىغۇ چۈشەنگەنسىز؟

— چۈشەندىم.

مۇرات كىيىك ئوغلىقىدەك بىرلا ئىرغىپ سىنىپقا كىرىپ كەتتى.

ئاھ، ئىككى سائەت! بۇ ئىككى سائەت خالىق ئەپەندى ئۈچۈن جاھاندىكى كۈتۈشكە توغرا كەلگەن ئەڭ ئۇزۇن بىر مۆھلەت، ئىككى دېگەن سان سانلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كۆپ خانىلىقى بولۇپ ھېسابلاندى. ئۇ مۇرات ئىلتىماسىنى يېزىپ چىققىچە ئۆتكەن بۇ ئىككى سائەت ئىچىدە شۇنچىلىك زارىقتىكى، ئۇزۇن يىل ھىجران ئازابىنى تارتىپ، دىدارلىشىش پەيتىگە ئاز قالغاندا مەشۇقىنى ساقلاۋاتقان ئاشىق يىگىتتەك ئېزىلىپ كەتتى.

ئەنە، مۇراتمۇ چىقتى، ئۇنىڭ قولىدا شۇنداق ئېنىق، كۆركەم يېزىقتا پۈتكەن بىر بەتلىك ئىلتىماس تۇراتتى. خالىق ئەپەندى ئالمان - تالمان ئىلتىماسنى ئالدى، ئالدىيۇ، قۇرلار ئۈستىدە يۈگۈرەۋاتقان قارچىغىنىڭكىدەك قارىچۇقلىرى مۇنۇ جۈملىلەر ئۈستىدە قېتىپ قالدى.

«مۇز تاغلىرىغا چىقىشتىنمۇ، ئوت دېڭىزلىرىغا كىرىشتىنمۇ يانمايمەن...»

ئۇ شادلىقتىن ھاسىراپ، ھۆمۈدەپ كەتتى. بۇ ئۆزى ئۈمىد قىلغاندىنمۇ نەچچە ھەسسە مۇۋاپىق، كېرەكلىك جۈملىلەر ئىدى. پات ئارىدىكى ئىككى كىشىلىك ئويۇن ئۈچۈن ئۇنىڭغا خۇددى مۇشۇ جۈملىلەرنىڭ ئۆزىلا لازىم ئىدى. «ئەگەر،— دەپ ئويلىدى ئۇ مۇراتقا رازىمەنلىك بىلەن قاراۋېتىپ،— ماڭا ھېلىغۇ قىزىل قوغدىغۇچى بولۇش شەرەپ ئىكەن، ئەڭ كاتتا مەنسەپ ۋەدە قىلىشقاندىمۇ ئۆز ساداقىتىمنى چۈشەندۈرۈپ بېرىش ئۈچۈن بۇنداق گۈزەل ۋە قايىل قىلغۇچى جۈملىلەرنى ئۆمۈر بويى ئويلاپ تاپالمىغان بولاتتىم.»

— قاراڭ،— دېدى ئۇ ئىلتىماستىكى ھېلىقى جۈملىلەرنى تىترەپ تۇرغان كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن مۇراتنىڭ ئۆزىگە كۆرسىتىۋېتىپ،— قاراڭ، مۇنۇ جۈملىلىرىڭىز قالتىس، ناۋادا شۇنداق سىناقلارغا دۇچ كەلسىڭىز بۇ ئىرادىڭىزدىن يېنىۋالمايدىغانسىز؟

مۇرات سەل ئاشۇرۇۋەتكەنلىكىنى دەرھال چۈشەندى. لېكىن ئەمدى يېنىۋالالمايتتى، شۇڭا مۇئەللىمنىڭ شۈبھىسىنى بېشى ئارقىلىق رەت قىلدى.

— خاتىرجەم بولۇڭ، ئۆزىڭىز ئېيتقان مۇز تاغلىرىغا چىقىشنىڭ ۋە ئوت دېڭىزلىرىغا كىرىشنىڭ ھاجىتى يوق،— دېدى خالىق ئەپەندى مۇراتنىڭ يەلكىسىنى بۈركۈتتەك قاماللاپ تۇرۇپ،— مۇبادا، لازىم تېپىلسا، ئىرادىڭىزنى ۋە ساداقىتىڭىزنى ئىپادىلەيدىغان ئۇنداق سىناق شەكىللىرىنى سىنىپىڭىز ۋە مەكتەپىڭىز ئىچىدىنلا تېپىۋالىمىز، ئەمما ئەتىكى يىغىنغا ئىدىيە جەھەتتىن تەييارلىنىپ قويۇڭ. ئىلتىماسىڭىزنى ھازىرلا تېگىشلىك جايىغا يەتكۈزىمەن.

— ئەتىكى قانداق يىغىن مۇئەللىم؟

— ۋاقتىدا بىلىسىز،— خالىق ئەپەندى سەل جىددىيلىشىپ، سىرلىق كۈلۈمسىرە-

www.uyghurkitap.com

دى، — ئىشقىلىپ ئەتىكى يىغىن سىز ئۈچۈن ئاددىي، ئەمما ھەل قىلغۇچ سىناق. شۇ سىناقتىن ئۆتەلىسىڭىزلا ئەڭ ئاۋانگارت قىزىل قوغدىغۇچى بولىسىز. ئەمىسە ئىلتىماسىڭىزنى ئېلىپ كەتتىم.

مۇرات باشقىلار ئالدىدا ئانچە ئىناۋىتى بولمىسىمۇ، ساددا ۋە ئازراق ئەخمەقلىقى بىلەن ئۆزىدە ئاز-تولا ھۆرمەت ئويغاتقان، لېكىن بۈگۈن پۈتۈنلەي باشقىچە بىر قىياپەتكە كىرگەن بۇ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ كەينىدىن ھاڭ-تاڭ قالغان ھالدا قاراپ قالدى.

خالىق ئەپەندى مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسى شۇجىسىنىڭ خاس ئىشخانىسىغا كىرگەندە، ئۇ كىشى نۆۋەتتىكى ئىنقىلاب قوللانمىلىرىدىن بىرىنى كۆرۈپ ئولتۇراتتى.

— بۇنى قاراڭ، — دېدى ئىشىكنى چەكمەيلا كىرگەن خالىق ئەپەندى بوسۇغىدىن ئاتلاۋېتىپلا، — بىزنىڭ مۇرات قىزىل قوغدىغۇچى بولۇش ئۈچۈن شۇنداق بىر ئىلتىماس يېزىپ كەپتۇكى ...

ياچېيكا شۇجىسى ئىلتىماسنى پەرۋاسىز ھالدا قولىغا ئېلىۋىدى، خالىق ئەپەندى يەنە ئالدىراپ كەتتى.

— بۇ يەرگە قاراڭ، بۇ يەرگە! — دېدى ئۇ ھېلىقى جۈملىلەرنى كۆرسىتىپ، — ئۇنى قوبۇل قىلايلى.

— نېمىگە؟

— قىزىل قوغدىغۇچىلىققا.

— مۇشۇ بىر ئىلتىماس بىلەنلىما؟

— ياق، نەدە ئۇنداق ئاسان ئىش بولسۇن، ئەتە ...

خالىق ئەپەندى ئىشخانىدا ئۆزلىرىدىن باشقا يەنە ئۈچىنچى بىر ئادەمنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئۆز پىلانى ھەققىدە ماختانغان ھالدا شىۋىرلىدى.

— نېمە؟! ...

بىردىنلا چىرايى ئۆزگەن ياچېيكا شۇجىسى ئورنىدىن دىككىدە تۇرۇپ كەتتى ۋە ئۇنىڭغا چەكچىيىپ قاراپ قالدى.

— بۇ مۇمكىنمۇ؟!

— مۇمكىن، پۈتۈنلەي مۇمكىن؟ — دېدى خالىق ئەپەندى خاتىرجەم ھالدا كۈلۈمسىرەپ، — قاراڭ، ئىلتىماستىكى بۇ جۈملىلەرگە، سىز مۇراتنى ئۇنىڭ سىنىپ مەسئۇلى بولغان مەندەك ئەتراپلىق چۈشەنمەيسىز. ئۇ دېگەن بىر پارچە ئوت ۋە تېخى بىر بالا. قىزىل قوغدىغۇچى بولۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىدا ھازىر بۇ ھېچ قانچىلىك ئىش ئەمەس.

— ئۆزى نېمە دەيدۇ؟

ياچېيكا شۇجىسى خالىق ئەپەندىنىڭ كارامىتىگە سەل قىزىقىپ قالدى.

— ئوچۇقىنى ئېيتمىدىم. لېكىن، شۇ يەرگىچە پۈراتتىم. ئۇ «بۇ يولدا ھەممىگە رازىمەن» دەيدۇ.

— ئۇنداقتا بۇ بىر مۆجىزە بولىدۇ، مۆجىزە! — دېدى ياچېيكا شۇجىسى ئىشخانا

ئىچىدە ئايلانغاچ بارماقلىرىدىن قارس چىقىرىپ، — ئەگەر ئىش سىز دېگەندەكلا قاملاشمىسا كەتسە، مەكتەپكىمۇ، ماگىمۇ، سىزگىمۇ زور ئۈنۈملۈك بۇ!

خالىق ئەپەندىنىڭ شۇئان دېمى سىقىلىپ، سۆزلىرى تىلىدا قېتىپ قالدى.

«ئۆزۈمنىمۇ ئۆتۈپ كەتكەن ئەخمەق، تېتىقسىز ئادەم — دەپ كۆڭلىدە ئۆز-ئۆزىگە كايىپ كەتتى ئۇ، — نېمىشقىمۇ بۇنىڭغا ئالدىراپ دوكلات قىلىپ يۈرگەندىمەن. قارىمامدىغان، ئاغزىمىدىكى لوقمىغا هازىرلا شېرىك بولىدىغان دەۋاتقىنىنى كۆزۈمگە قاراپ تۇرۇپ ‹ماگىمۇ، سىزگىمۇ› دەپ، مېنى ئۆزىنىڭ كەينىدىن سانايدۇغۇ بۇ تېخى! مۈشۈك جېنىدا ئۇلجىسىنى تارتقۇزۇپ قويمايدۇ. مەن دېگەن ئادەم؟ ‹ئىدىيە جەھەتتىن ياخشى تەربىيىلەڭ، كېيىنكى ئىپادىسىگە قارايمىز› دېگەن گېپىگىنى ئېسىمگە دە چىڭ تۇت! بىر ئادەمنى ئىككى كۈن ئىچىدە تەربىيىلەپ شۇ دەرىجىگە ئېلىپ كېلىش مىدىن باشقا يەنە كىمنىڭ قولىدىن كېلىدۇ؟ بۇ غەلىبە پەقەت ماگىلا — خالىقىملا مەنسۇپ! ئۇنىڭغا هېچكىم شېرىك بولالمايدۇ...» ئۇ شۇ خىياللاردىن كېيىن مېيىقىدا مەسخىرە ۋە ئىشەنچ بىلەن كۈلۈمسىرەپ قويدى-دە، ئەتىكى يىغىندا سىرتتىن تەكلىپ قىلىنىدىغانلارنىڭ تىزىملىكىنى ئالدىدىكى «نا ئىنساپ» بىلەن مەسلىھەتلىشىپ تىزىملىۋالغاندىن كېيىن ئالدىراش چىقىپ كەتتى.

خالىق ئەپەندى ئۆز ئىشخانىسىدىمۇ باشقىلارنىڭ كاشىلا قىلىشىدىن ئەنسىرەپ سىرتقا چىقتى-دە، مەكتەپ مەيدانىنىڭ ئەڭ چەت ياقىسىدا ئايلانغاچ ئۆز كەلگۈسىنى چەكسىز هۇزۇر ۋە ئىشەنچ بىلەن ئازادە ۋە ئەتراپلىق تەسەۋۋۇر قىلىشقا باشلىدى.

ئۇ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك رەهبەرلەرنىمۇ تاڭ قالدۇرغۇچى ئەتىكى مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ نەتىجىسىنى مۇنداق مۇئەييەنلەشتۈردى: ئۇ ئۆستى، ئۆسكەندىمۇ شۇنداق تېز سۈرئەت بىلەن ئۆستىكى، ئۆزىگە قاراپ ئۇچۇپ كېلىۋاتقان مەنسەپ بالداقلىرىغا هەتتا پۇتلىرىنى تەگكۈزۈپ قويۇشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي، ئاخىرى ئۆزىمۇ ئۇچۇشقا باشلىدى... پەستە مىڭلىغان كىشىلەر ئۇنىڭغا قاراپ قىقاس-چۇقان بىلەن قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ قېلىشتى. ئۇ بۇ خىيالەن ئۇچۇشتا توختاپ قېلىشقا، هېچ بولمىسا ئاستىراق ئۇچۇپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك جايلاردا ئۆزىنى توختىتىۋالالماي، بۇرۇن ئارزۇ قىلىشقىمۇ ئەيمىنىدىغان مەنسەپ پەللىرىگە بەك بالدۇر، ئۇشتۇمتۇت يېتىپ قالدى-دە، شۇئان يۈرىكى ئېغىپ، بېشى ئايلىنىپ كەتتى...

كەچكە يېقىن كىشىلەر ئۇنى مەكتەپنىڭ بىر بۇلۇڭىدىن خىيالىي هۇزۇر ۋە شادلىقتىن بوشىشىپ، كۆزلىرىنى يېرىم يۇمغىنىچە كۈلۈمسىرەپ، تامغا يۆلىنىپ قالغان هالدا تېپىۋېلىشتى.

5

سىنىپ ئاددىي بېزەلگەن بولسىمۇ نېمىشقىدۇر سۈرلۈك ئىدى. تاملارغا ۋە دوسكىنىڭ ئىككى تەرىپىگە دەبدەبىلىك شوئارلار يېزىلغان رەڭلىك قەغەزلەر چاپلانغان بولۇپ، دوسكىنىڭ ئوڭ دوقمۇشىدىكى مىخقا ئېلىپ قويۇلغان بىر كىشىلىك يەڭ بەلگىسى كۆزگە ئالاهىدە تاشلىنىپ تۇراتتى. چۆلدىن چاڭقاپ چىقىپ سۇپسۇزۇك بۇلاققا يېقىن

www.uyghurkitap.com

قالغاندا مېڭىشقا مادارى يەتمەي يىقىلغان كىشى سۇغا قاراپ تىپىرلىغاندەك، مۇراتمۇ ئۆزىدىن ئۈچ قەدەم يىراقتا تاۋلىنىپ تۇرغان يەڭ بەلگىسىگە تەلپۈنەتتى. تىلەكلەر بىلەن تولغان قەلبى بورانلىق دېڭىزدەك دولقۇنلايتتى. ئادەملەر لىققىدە توشۇپ كەتكەن سىنىپتا پەقەت ھاياجانلانغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەيمىنىپ ئالغان يەڭگىل نەپەسلىرى بىلەن ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ ئېغىر پۇشۇلداشلىرى ئاڭلىناتتى.

ماش رەڭ ئەسكەرچە فورما كىيگەن خالىق ئەپەندى باشقىچە بىر داددىللىق بىلەن سىنىپقا كىرىپ كېلىپ، ئولتۇرغانلارغا غالىبانە نەزەر بىلەن تىكىلگەندە، مۇراتنىڭ كۆزىگە ئۇ خۇددى ھەربىي سەپتىن ئىپتىخار بىلەن قايتقان شانلىق قەھرى جەڭچىدەك كۆرۈندى. مۇرات شۇ دەمدە يۈرىكىنىڭ پۈتۈن سىنىپقا ئاڭلانغۇدەك دەرىجىدە شىددەت بىلەن سوقۇپ كەتكەنلىكىنى سەزدى. ئۇ ئەڭ ئالدىنقى پارتىدا ئولتۇرغاچقا، كەينىدىن تىكىلىۋاتقان كۆزلەر ئۇنىڭ گەجگىسىنى كۆيدۈرۈپ كېتىۋاتقاندەك، سىنىپتا ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان بۇ جىددىي كەيپىيات پەقەت ئۆزىگىلا باغلىقتەك ھېس قىلىشقا باشلىدى.

ئۇنىڭغا نېمە بولدى؟ نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ يۈرىكى تۇزاققا چۈشكەن قۇشتەك بۇنچىۋالا تىپىرلايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن خۇشال بولۇشنىڭ ئورنىغا ئىچى سىقىلىپ، خۇددى ھۆكۈمنى كۈتۈپ تۇرغان مەھبۇستەك تىترەيدۇ؟ بۇ بۈگۈن قىزىل قوغدىغۇچى بولۇپ، ئۆزىنى زارىقتۇرغان ھېلىقى ھەيۋەتلىك سەپكە قېتىلماقچى ئىدىغۇ؟ ئاۋۇ يەڭ بەلگىسى ئۆزى ئۈچۈن ئېلىپ كىرىلگەن يەڭ بەلگىسىغۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ كۆڭلىگە يامغۇر يېغىش ئالدىدا ئاسماندا پەيدا بولىدىغان قارا بۇلۇتلاردەك يېقىمسىز تۇيغۇلار يوپۇرۇلۇپ كېلىدۇ! ياكى ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان مۇنۇ ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ناھىيە رەھبەرلىرىدىن ئەيمىنىپ قېلىۋاتامدۇ - يا؟ ئۇ سىنىپتا پات - پات ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىغان ۋە ئوقۇتقۇچىلارمۇ تىترىشىدىغان نۇقتىلىق ئوچۇق دەرسلەردە ئەڭ مۈشكۈل سوئاللارغا نەچچە ئون مىنۇتلاپ جاۋاب بەرگەندىمۇ، مەكتەپلەر ئارا ئۆتكۈزۈلگەن نۇتۇق سۆزلەش، دىكلاماتسىيە ئوقۇش مۇسابىقىلىرىدىمۇ ھەممىنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرغانىكى، بۈگۈنكىدەك ھودۇقمىغان ئىدىغۇ؟ شۇ سورۇنلاردىمۇ مۇشۇ ئوقۇتقۇچىلار، مۇشۇ رەھبەرلەر بار ئىدىغۇ؟ ئۇلار بۈگۈنكىدەك ئارقا تەرەپتىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا يۈزمۇ يۈز تىكىلىپ ئولتۇرۇشقان ئىدىغۇ؟ ئەمىسە ئۇنىڭدىكى ھازىرقى ھودۇقۇش نېمە ئۈچۈن؟ ياق، ئۇنىڭ سەزگۈسى سەزمەكتە... ھازىرچە نامەلۇم بولغان، لېكىن، بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن يۈز بېرىدىغان بىر كۆڭۈلسىز ئېھتىمالنى سەزمەكتە. چوقۇم بۈگۈنكى يىغىن، بولۇپمۇ خالىق ئەپەندى بىر پارچە يەڭ بەلگىسىگە ئۇنىڭ ئاجايىپ قىممەتلىك بىر نەرسىسىنى تېگىشمەكچى، ئۇنىڭدىن ئاجايىپ زور بەدەل تەلەپ قىلماقچى... بۇ ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق ئوت دېڭىزلىرىغا كىرىشتىن ۋە مۇز تاغلىرىغا چىقىشتىنمۇ مۈشكۈل. بۇنى تۇنۇگۇن خالىق ئەپەندىنىڭ كۆزلىرىدىكى كۆرەڭلىك بىلەن چاقنىغان ئۆتكۈر سېرىق يالقۇنلارپاش قىلىپ قويدى. ئۇ زادى نېمە؟!...

مۇراتنىڭ مۇشۇ ۋەھىمە ئىچىدىكى ھەربىر تىنىقىمۇ ئۇنى خوراتماقتا ئىدى.

— يولداشلار، — دېدى خالىق ئەپەندى ھەممەيلەنگە تەكشى نەزەر تاشلاپ چىققاندىن كېيىن جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، — بىز بۈگۈن سىنىپىمىزدا ئەڭ ئىلغار ۋە ئەڭ جانلىق شەكىلدە بىر مەيدان سىنىپىي كۆرەش ئېلىپ بارماقچىمىز. قېنى ئەمىسە!

ئۇ ئالدىدىن بەلگىلەپ قويغان بولسا كېرەك، ئىشىك تەرەپتە ئولتۇرغان ئىككى قىزىل قوغدىغۇچىغا يەڭگىل ئەمما كەسكىن باش ئىشارىسى قىلىۋىدى، ئۇلار دەرھال چىقىپ كەتتى. ئارقىدىنلا كارىدوردا قالايمىقان ئاياغ تاۋۇشلىرى، نېمىنىدۇر سۆرەپ يۇلقۇشلىغان شەپىلەر ۋە بىرىۋۈنىڭ ئىنجىق ئارىلاش بوش، لېكىن ئازابلىق ئېڭىراشلىرى ئاڭلىنىپ، بارغانسېرى يېقىنلاشتى. ئارقىدىنلا سىنىپنىڭ ئىشىكى تاراقلاپ ئېچىلىپ، ھېلىقى چىقىپ كەتكەن قىزىل قوغدىغۇچىلار چاچ - ساقاللىرى ئاپئاق، لېكىن گەدەنلىرى كۆيۈپ قارايغان، گەۋدىلىك ئەمما تولىمۇ ئورۇق بىر بوۋاينى گەجگىسىدىن قاماللاپ، پېشانىسى يەرگە تەگكۈچە ئېڭىشتۇرۇپ ئېلىپ كىردى. بوۋاينىڭ دۈمبىسى ئىشىكتە كۆرۈنگەندىلا مۇراتنىڭ يۈرىكى قارت قىلغاندەك بولدى. ئۇ ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ تونۇدى، بوۋاينى چىرايىدىن ئەمەس ھىدىدىن تونۇدى؛ كۆزلىرىدىن بۇرۇن يۈرىكى تونۇدى. ئۇ ھەممىنى چۈشەندى ... مۇرات قىزىل قوغدىغۇچى بولۇش يولىدا ئۆزىنى ھەرقانداق پىداكارلىققا ئاتاپ قويغان ئىدىكى، بۇنچىلىك پاجىئەلىك سىناققا دۇچ كېلەرمەن دەپ ئويلىمىغانىدى.

— ئىنقىلابىي يولداشلار، ئالدىڭلاردا تۇرغان بۇ قېرى تۈلكە، بۇ خەلق دۈشمىنى كىم؟ — دېدى خالىق ئەپەندى بىگىز بارمىقىنى ئىككى جۈپ قولىنىڭ ئاستىدا پۈكۈلۈپ قالغان بوۋاينىڭ دۈمبىسىگە شىلتىپ، — بۇ بولسا ئىنقىلابىي سېپىمىزگە قايتىپ، بۈگۈن شەرەپ بىلەن قىزىل قوغدىغۇچى بولۇش ئالدىدا تۇرغان يولداش مۇراتنىڭ دادىسى پەيزۇللا خوجا بولىدۇ. يولداش مۇرات ھازىر ئۆز دادىسىدىن چەك - چېگرا ئاجرىتىپ ۋە ئۇنىڭ بىلەن تېغمۇ تىغ ئېلىشىپ، ئۆزىنىڭ ئىنقىلابىي ساداقىتىنى كۆرسىتىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق قىزىل قوغدىغۇچى بولۇش شەرتىنى ھازىرلايدۇ.

شۇئان سىنىپنى كۆتۈرۈۋەتكۈدەك ئالقىش ياڭرىدى. بىراق بۇ چاۋاكلار مۇراتنىڭ باش - كۆزىگە قامچىدەك تارسىلداپ تەگدى. ئۇ شۇ دەمدە ھەممىنى ئۇنتۇپ، پەقەت دادىسىدىن ئۇيالدى. يۈزلىرىدە تولىمۇ سوغۇق مىڭلاردەك ھاشارات ئۆمىلەشكەباشلىدى.

«قېرى تۈلكە»، «خەلق دۈشمىنى»

سۆيۈملۈك دادىسىنى ئوقۇتقۇچىسى خالىق ئەپەندى شۇنداق دەپ ئاتىغاندا ئۇنىڭ ۋىجدانى شۇنچىلىك قاقشىدىكى، بۇ كۈتۈلمىگەن ھاقارەت ۋە خورلۇقتىن تولغىنىپ، پارتىنى غىسىلدىتىپ قاماللىغان بارماقلىرىنىڭ ھەربىر ئۆگىسىدىن قاراس چىقىپ كەتتى.

— مۇرات قېنى پاش...

خالىق ئەپەندى گويا تىلىنى چىشلىۋالغاندەك گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي مۇراتقا تىكىلگىنىچە داڭ قېتىپ قالدى. چۈنكى بۇ چاغدا يۈزلىرى لاۋۇلداپ يانغان مۇرات ئاللىقاچان تەرگە چۆمۈلۈپ كەتكەن بولۇپ، ئىككى تال چېكە تومۇرى كۆپۈپ

www.uyghurkitap.com

چىققان ۋە قان قۇيغاندەك ئوت ئالغان كۆزلىرى باللارغا خاس بولمىغان بىر دەھشەتتە ئۇنىڭغا نەشتەردەك قادىلىپ قالغاندى.

شۇنداقتىمۇ خالىق ئەپەندى ئۆزىنى سەل تۇختىتىۋېلىپ، بۇزۇلغان چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتتى.

— قېنى مۇرات، پاش قىلىشنى باشلاڭ!

— نېمىنى پاش قىلىمەن؟

— بۇ خەلق دۈشمىنىنىڭ باشقىلار بىلمەيدىغان قىلمىشلىرىنى.

— نېمە دەۋاتىسىز مۇئەللىم، بۇ مېنىڭ ئاتام!

قوللارنىڭ ئاستىدا تىزلىرى تىترەپ، ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ تۇرغان بوۋاي شۇ چاغدا كۈتۈلمىگەن بىر يۆلۈنۈش بىلەن بېشىنى كۆتۈرۈپ، مۇراتقا كۆزلىرىنى تولدۇرۇپ بىر قارىۋالدى-دە، غۇرت قىلىپ يۇتۇندى. بولۇق-بولۇقىدىن ئۇلۇق-كىچىك تىنىشلار ئاڭلاندى.

— يولداش مۇرات، — دېدى خالىق ئەپەندى يەنىلا ئۈممىدلىك ۋە ۋەمشاق تەلەپپۇزدا، — بۇ سىزدەك ئىنقىلابىي يولداشقا مۇناسىپ دادا ئەمەس. دەرھال چەك-چېگرا ئاجراتمىسىڭىز قىزىل قوغدىغۇچى بولالمايسىز.

— مۇئەللىم، ئۇنداق بولسا مەن سىزدىن شۇنى سورىۋالاي، — دېدى مۇرات كىنايە بىلەن، — دادامغا قارشى تۇرۇپ قىزىل قوغدىغۇچى بولغاندىن كېيىن يەنە نېمىنى قوغدايمەن؟

مۇراتنىڭ مەسخىرىسىنى مەسلىھەت سوراش دەپ چۈشەنگەن خالىق ئەپەندىنىڭ چىرايىغا ۋىللىدە قان تېپىپ، كۆزلىرى چاقناپ كەتتى.

— ئەلۋەتتە پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى بىلەن ئىنقىلابىي ئاممىنى قوغدايسىز، يولداش مۇرات!

— ئۆز دادىسىنى قوغدىيالمىغان قىزىل قوغدىغۇچى باشقىلارنى قانداق قوغدىيالايدۇ، مۇئەللىم؟!

خالىق ئەپەندى غىمىلداپ كەتتى. ئۇ سىنىپ ئىچىگە ھىمايە ئىزدەپ تىكىلدۇدى، ئۇنىڭغا جاۋابەن بولۇق-بولۇقىدىن بېشىنى پارتىغا تىقىۋالغانلارنىڭ پىخ ...پىخ ... قىلىشقان دىماغ كۈلكىلىرى ئاڭلاندى. بۇ كۈلكىلەرنى بوۋاينىڭ پۈتۈن دادىللىق مېھرى ۋە رازىلىقى جەملەنگەن، لېكىن ئېكىشىپ تۇرغاچقا گويا قۇدۇقنىڭ ئاستىدىن چىقىۋاتقاندەك ئاڭلانغان مۇڭلۇق ئېچىنىشلىق نىداسى بېسىپ كەتتى:

— جېنىم بالام ... مەن سىزدىن ھەر ئىككى دۇنيادا رازى، بالام ... مەن ... مەيلى، ئۆزىڭىزنى ئاياڭ! ... مەن رازى ... مەن ...

مۇراتنىڭ بىردىنلا تىلى سەمىرىپ، بوغۇزىغا تىقىلىپ قالغاندەك بولدى. ئۇ ئىككى قىزىل قوغدىغۇچىنىڭ بۈركۈتنىڭكىدەك پەنجىلىرى ئاستىداتوگۈلۈپ مۆكچىيىپ قالغان دادىسىنىڭ كىيىملىرىنى تېشىۋەتكۈدەك دەرىجىدە بۆرتۈپ چىققان سۆڭەكلىرىگە، قاردەك ساپاقتەك قورۇلۇپ قالغان ھەم پەيلىرى تارتىشىپ كەتكەن بويىنىغا ۋە تىزلىرى ئۈستىدە ھالسىز ساڭگىلاپ تۇرغان ئاپئاق بېشىغا تولغىنىپ-تولغىنىپ تىكىلگەندە، گويا

ئىچ-باغرىغا بىرسى چوغ تاشلىۋەتكەندەك بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ تىزلىرى تىترەپ پۈكۈلدى. كۆڭلىلا ئەمەس، پۈتۈن بەدىنى ئېرىپ سۇغا ئايلاندى. كۆزلىرىدىن ياش ئورنىغا يۈرىكى بىلەن قارىچۇقى ئېقىپ چىقىۋاتقاندەك بىلىندى...

ئالداشقا بالا ياخشى، چۈنكى ئۇلار قىزىقىدىغان نەرسىلەرنىڭ تۈرى كۆپ، دائىرىسى كەڭ، ئەمما ۋاقتى چەكلىك بولىدۇ. يېڭى ئارزۇلىرى ئۈچۈن كونا ئارزۇلىرىدىن، بۈگۈن ياخشى كۆرگەن نەرسىسى ئۈچۈن تۈنۈگۈن ياخشى كۆرگەن نەرسىسىدىن ئاسانلا كېچەلەيدۇ. بالىلارنى ئالداشقا توغرا كەلسە مانا مۇشۇ نۇقتىدىن ئالداش مۇمكىن، بىراق، بالىلارنى ئالدىغۇچىلار ئاتا-ئانىسىدىن يىراقلاشتۇرۇش شەرتى بىلەن ئۇلارغا ھەرقانداق زور بەدەل بەرگەندىمۇ مۇقەررەر مەغلۇپ بولىدۇ. بالىلاردا مۇستەقىل ياشاش ئىقتىدارى بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ ئەنە شۇنداق داۋاملىق يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان تىلەكلىرى پەقەت ئاتا-ئانىسىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدىلا ۋۇجۇدقا چىقالايدۇ. شۇڭا بالىلار ئاپىسىنىڭ باغرىدا يايرىسا، دادىسىنىڭ كۈچلۈكلۈكى بىلەن پەخىرلىنىدۇ، ئاپىسىنى ئەڭ مېھرىبان ھېسابلىسا، دادىسىنى ھەممىگە قادىر ۋە قابىل دەپ ئىشىنىدۇ. ئۇلار ھاياتنىڭ نۇر ۋە ھاۋادىن باشقا زۆرۈرىيەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئاتا-ئانىسىدىن ئالغاچقا، ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، پۈتۈن كاپالىتىنى، غەمسىز ھاياتىنى شۇلاردىن ئايرىپ قارىيالمايدۇ. قىسقىسى، ئۇلار ھاياتنىڭ مەنبەسىنى ئاتا-ئانا دەپ چۈشىنىدۇ. ئۇلار بۇ تەبىئىي باغلىنىشنى ئاڭلىق ۋە ئاڭسىز ھالدا مۇستەھكەم ئېتىقاد بىلەن قەدىرلەيدۇ ھەم ئېسىدىن چىقارمايدۇ.

ئادىمىي ۋىجدانىنىڭ بالىلار قەلبىدىكى بۇ پاكىز جەۋھىرىنى چۈشىنىش ۋە كۆرۈش ئىقتىدارى نېسىپ بولمىغان خالىق ئەپەندى بالىلارنى ئالداش ئارقىلىق خىزمەت كۆرسىتىپ مەنسەپكە ئېرىشىش يولىدا ئەنە شۇنداق خاتاغا يول قويدى.

مۇراتنىڭ ئاتىسى بىلەن خالىق ئەپەندىگە تىكىلىپ ياشقا تولغان كۆزلىرىگە ئانىسىنىڭ باغرىدا ئۆتكەن باللىق دەۋرى ئېسىنى تاپقان چاغلىرىدىن باشلىنىدىغان ئاجايىپ شېرىن خاتىرىلەرنى قوزغاپ كۆرۈنۈشكە باشلىدى:

ئۇنى دادىسى ھەم ئاپا ھەمدادا بولۇپ، قىش كۈنلىرى قوينىغا سېلىۋېلىپ، ياز كۈنلىرى بوينىغا ئېلىۋېلىپ باققان ئەمەسمىدى؟ ھەتتا دادىسى ئۇنى كۆزىدىن بىر دەممۇ يىراق تۇتقۇسى كەلمەي ئېتىز-ئېرىقلارغا بىللە ئېلىپ چىقىپ، چاپىنىنى شاخ-شۇمبىلارغا ئىلىشتۇرۇپ كىچىك ساتما ياساپ بېرەتتىغۇ؟! ئۇنى ھېلىغىچە بىرەر قېتىم سەنلەپ باقمىغان، ئوغلى كۈلسە كۈلۈپ، يىغلىسا تەڭ يىغلايدىغان دادا ئەمەسمىدى؟ پەرزەنت كۆرۈش بەختىدىن ئۈمىد ئۈزۈپ، بوۋاي قاتارىغا ئۆتكەندە مۆجىزىدەك تۇغۇلغان بۇ يالغۇز ئوغلىغا كۈندۈزى باغرى قانمايدىغان دادا كېچىلىرى ئۇنىڭ ئۇخلىشىغا قاراپ بېشىدا ئېگىشىپ چىراغ تۇتۇپ ئولتۇراتتىغۇ؟ قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە ئەدەبىياتتىنمۇ ياخشى ئىلىم ئالغان بۇ دادا ئوغلى ئەقىل تاپقاندىن تارتىپ ئۇنىڭغا ياخشى خۇلق ئۆگىتىش ئۈچۈن، ناۋايى، فۇزۇلى، گۇمنام غەزەللىرىنى مۇڭلۇق كۈيدەك يادلاپ بېرىپ، ئۇنىڭغا تۇنجى قېتىم ئەدەبىيات ھەۋىسى ئويغاتقان ئەمەسمىدى؟ يالغۇزلۇق ۋە موھتاجلىقتا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىر - بىرىگە ئىجىل بولۇشۇپ قالغان بۇ ئاتا - بالا تالاي تۈنلەرنى خۇددى دوستلارغا
ئوخشاش مۇڭدىشىپ ئۆتكۈزگەنتىغۇ؟ ئۆتمۈشتە ھاللىقراق ئائىلىدىن كېلىپ چىققانلىق
ئەيىبى ئۈچۈن ئەنە شۇنداق سۈيۈملۈك دادىسىنى باشقىلاردەك دۈشمەن دەپ تو-
نۇش ۋە ئۇنىڭدىن چەك - چېگرا ئاجرىتىش مۇمكىنمىدى؟ ئۆمۈر قۇياشى تاغقا پېتىۋات-
قان خىزىردەك بوۋاي ئاخىرقى كۈنلىرىدە كىم ۋە نېمە ئۈچۈن بۇ خورلۇقلارغا
ئۇچراۋاتىدۇ؟ …

مۇرات ھېلىقى يەڭ بەلگىسىگە قارىۋىدى، ئۆزىگە ھېلىلا ئىستىقبال ۋەدە قىلىپ،
چوغدەك تاۋلىنىپ تۇرغان ئۇ قىزىل لاتا ئەمدىلىكتە دادىسىنىڭ سۆلەتلىك - ئاپئاق
ساقىلىغا تۇتۇشۇۋاتقان ئوتتەك كۆرۈندى.

— دادام ھەقىقىي ياخشى ئادەم، — دېدى مۇرات گويا ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەۋات-
قاندەك قەتئىي ۋە غەزەپلىك ئاھاڭدا، — ئۇ ماڭا دائىم ياخشى ئوقۇ، ھۆرمەتلەشكە
لايىق ئوقۇغۇچىلىرىڭىزنى ئاتا ئورنىدا ھۆرمەتلەڭ، چۈنكى ھەقىقىي ئۇستاز ئاتىدىن
ئۇلۇغ، دەپ تەربىيە بېرەتتى.

— ھەي كۈچۈك، ھەي بۆرىنىڭ كۈچۈكى تۈز سۆزلە! — ئۈممىدسىزلەنگەن خالىق
ئەپەندى بىردىنلا ئەسەبىيلىشىپ ۋارقىرىدى، — ھۆرمەتلەشكە لايىق ئەمەس ئوقۇتقۇچىمۇ
بولامدىكەن؟

— بولىدىكەن.

مۇراتنىڭ ئاۋازىدا ئەمدى ھەل قىلغۇچ پەيتتە ئۆز شەنى ئۈچۈن
ھەممىدىن كېچىپ، ئۆلۈمگە تەييارلانغان مەھكۇمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خىتابىدىكى تەمكىنلىك،
خاتىرجەملىك ۋە غالىبلىق تۈيغۇسى بار ئىدى.

— دادام شۇنداق دېگەن چاغدا مەنمۇ سىزدەكلا ھەيران قالغانىدىم، — دېدى
ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — چۈنكى ئۇ چاغدا مېنىڭ نەزەرىمدىمۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ
ھەممىسى ئەڭ ئالىيجاناب كىشىلەردىن ئىدى. لېكىن، بۈگۈن — مۇشۇ مەيدانىڭ ئۆزى-
دە بىلدىمكى، ئەمەلىيەت ئۇنداق ئەمەسكەن. تەشكىلىنىڭ تەقسىماتى بىلەن ئوقۇتقۇ-
چى بولۇپ قالغان كىشىلەر ئىچىدىمۇ ئەڭ پەزىلەتسىز، يىرگىنىچلىك ئادەملەر بولى-
دىكەن. ئۆزىڭىز دەپ بېقىڭچۇ مۇئەللىم، ئىناق ياشاۋاتقان ئاتا - بالىنى بىر - بىرىگە
دۈشمەن قىلىپ، مەجبۇرىي كۈرەشكە سالغان ئوقۇتقۇچىنىمۇ ھۆرمەتلەشكە بولامدۇ؟

— سەن … سەن بۆرىنىڭ كۈچۈكى مېنى … مېنى دېمەكچىمۇ؟! خالىق ئەپەندى
چالا بوغۇزلىنىپ قويۇپ كەتكەن تورپاقتەك ھۆركىرەپ، ئۆزىنى ھەريانغا ئۇرۇپ باقتى-
دە، ئاخىرى ئېتىلىپ كەلگىنىچە مۇراتنىڭ ياقىسىدىن قاماللاپ، ئۇنى پارتا بىلەن قو-
شۇپ بىر دەم جالاقشىتىپ سىلكىگەندىن كېيىن بىراقلا قاڭقىتىپ سۆرەپ چىقتى.

سىنىپتا يېڭى كۈرەش باشلاندى. شۇنىڭ بىلەن مۇراتنىڭمۇ بېشىغا ماس كەل-
مەيدىغان يېڭى قىسمەتلىرى باشلاندى …

6

مۇڭ باسقان ئۇزۇن ۋە قاقاس سايدا مۇرات يالغۇز كەلمەكتە، يۇرتتا بىرمۇ ئا-
دەم قالمىغاندەك ئەتراپنى گۆرىستان تىمتاسلىقى قاپلىغان، ياز بويى قاپقارىغۇ كۆرۈ-

نىدىغان ئىككى تەرەپتىكى باراخسان باغلار ئەمدى يالىڭاچلىنىپ قاقشال سىياقىغا كىرگەندى. تۇمانلار ئىچىدە گويا كونا مىس لىگەندەك خىرە-شىرە كۆرۈنۈپ تۇرغان دىكابىر قۇياشى زېمىنگە هارارەت ئەمەس، بەلكى مۇز پۈركۈۋاتقاندەك ئىدى. شىمال تەرەپتىن شۇۋىرغان ئۇرۇپ تۇرغاچقا، سايدىكى چېغىر يول بويىغا قادالغان خامان مومىسىدەك پاكار سىم تاناپ تۈۋرۈكلىرى ئىغاڭلاپ غىچىرلىسا، سىملار ئاچچىق هۇشقىتاتتى. سارغىيىپ توزۇپ تۇرغان ساي شىۋاقلىرى ئاستىدىن تورغايلار پۇر-پۇر كۆتۈرۈلۈپ، نالە قىلغاندەك چۇرۇلدايتتى.

مۇرات ئارقار تېرىسىدە تىكىلگەن قۇلاقچىسىنى چۇشۇرۇپ ئېڭەكلەپ چىگدى ۋە كۇرەك جۇۋىسىنىڭ ياقىسىنى كۆتۈرۈۋېتىپ ئاتىسىنى ئويلىدى: «بىچارە ئاتام... بۇ يىل بۆلەكچىلا قېرىپ، جۇدەپ قاپتىكەن، كىيىملىرىمۇ يېلىڭ ئىدى. قانداق قىلىۋاتىدىغاندۇ، ئاڭلىشىمچە، ئۇ تاغ ئاغزىدا بۇنداق سوغۇقتا ئادەم ئەمەس، ئىتمۇ چىدىمايمىش...»

مۇرات ئاتىسىنى كۆرمىگىلى توپتوغرا ئۈچ ئاي بولدى. سىنىپتىكى ھېلىقى ۋەقەدىن كېيىن ئۇنى ئۆيىگە كەلگۈزمىدى. ئاتىسى نەچچە قېتىم يوقلاپ كېلىپ، مەكتەپ دەرۋازىسىدا يۇم-يۇم يىغلاپ يالۋۇرسىمۇ قىزىل بەلگە تاقىغانلار ھەيۋە بىلەن رەت قىلىپ، كۆرۈشتۈرمىدى. بىچارە ئاتا يەنە بىر قېتىم بارغاندا مەكتەپتىن گۈلدۈرمىدەك ياڭراپ تۇرغان شوئار سادالىرىنىڭ ئىچىدە ئوغلىنىڭ ئىسمىنى «يوقالسۇن!» دېگەن قاغىشلىق تىلەك بىلەن قوشۇپ ئاڭلاپ بېشى ئايلىنىپ، دەرۋازا تۈۋىدىلا يىقىلىپ قالدى.

مۇرات ئوقۇتقۇچىسىنىڭ تەلىپىگە كۆنمىگەندىن كېيىن، بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا مەكتەپتىن چىقىرىۋېتىلگەن بولسا مەكتەپ ۋە ساۋاقداشلىرىغا كۆزى قىيمىغانلىقتىن بۇ چوقۇم ئۇنىڭغا ھار كەلگەن بولاتتى. لېكىن ئۈچ ئايدىن بېرى ئۇزۇلمەي بېرىلىۋاتقان زەربىلەر دەستىدىن ئەسلىدىكى بۇ گۈزەل ۋە سۆيۈملۈك ماكان ئۇنىڭغا تۇرمىدىنمۇ دەھشەتلىك بىلىندى، بۇ ئاچچىق ئەمەلىيەت مۇراتنى مەكتەپ ۋە مائارىپنىڭ ئۆز تەسەۋۋۇرىدىكى كەلگۈسى پارلاق ئىستىقبالىدىن پۈتۈنلەي ئۈمىدسىزلەندۈردى. ساۋاقداشلىرىمۇ ئۇنىڭغا ئۇ ئىشەنگەندەك قەدىردانى چىقمىدى. دەسلەپ خالىق ئەپەندى خۇددى مۇراتنى ئاتىسى بىلەن كۆرەش قىلىشقا قىستىغاندەك، ساۋاقداشلىرىنىمۇ ئۇنىڭ بىلەن كۆرەش قىلىشقا قىستىدى. باللار بىرنەچچە كۈن ئۈنچىقمىدى، لېكىن، كۆپ بەرداشلىق بېرەلمەي ھەممىسىلا ئۇنى «پاش قىلىش» ئارقىلىق ئاكتىپ بولۇشتى.

تۈنۈگۈن چۈشتىن كېيىن مەكتەپ بويىچە داغدۇغىلىق يىغىن ئېچىلدى. ئۇنىڭ ھازىرىدىن باشلاپ مەكتەپتىن قوغلانغانلىقى ۋە بۇنىڭدىن كېيىن يېزىدا كەمبەغەل-تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ نازارىتى ئاستىدا ياۋاشلىق بىلەن ئىشلىشى لازىملىقى ئېلان قىلىندى.

مۇرات كەچكە يېقىن ئۆيىگە كەلسە ئاتىسى يوق بولۇپ چىقتى. ئىشىك قۇلۇپلانغانىدى. تام-تورۇسلىرى تۆكۈلۈپ تۇرغان ئۆي بىر غۇلاچچە ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دەك، كەڭرى هويلا خۇددى تۈزلىنىپ كەتكەن قەبرىستانلىقتەك غېرىبانە كۆرۈندى. مۇرات هويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا گاڭگىراپ تۇرغىنىدا پۈتۈن سالمىقىنى هاسىغا تاشلىغان، دۈمچەيگەن بىر موماي كىرىپ كەلدى-دە، ئۇنىڭغا يېرىم قەدەم قالغىچە يېقىنلاپ كېلىپ، تېخى پۈتمىگەن جاراھەت ئاغزىدەك شالۋەرەپ تۇرغان قاش، كىرپىكسىز كىچىككىنە كۆزلىرىدە بىر هازا سىنچىلاپ قارىدى. ئاندىن:

— هوي، مۇراتمۇسەن، بالام؟ — دېدى.

— ئاتام قېنى، ئايشىخان ئانا؟

— هاشاغا كەتتى بالام، هاشاغا.

ئۇھ ... هۆ ... ئۇھ ... هۆ ... ئۇھ ...! — موماي يۆتەل دەستىدىن مۈشتەك تۈگۈلۈپ قالدى-دە، بىردەم هاسىراپ دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى، — يۇرتتا مەندەكلەر قالدۇق، بالام. بۈگۈن-ئەتە خۇدانىڭ دەرگاھىغا ماڭسام جىنازامنى كۆتۈرگۈدەك ئەركەك قالمىدى. ئۇھ... مە ئۆيىڭنىڭ ئاچقۇچى بۇ، ئاتاڭ ماڭا بېرىپ قويغان. ھە، بالام، سېنى ساۋاقدىن توختىتىپتۇ دەپ ئاڭلىدىمغۇ؟

— ھەئە، يېزىغا ھەيدىدى.

— موللاڭ بىلەن ئېيتىشمىغۇلۇقتى، بالام، ئەتە سېنىمۇ ئالدىغا سېلىپ ماڭسا تولا بويۇنداشما، ھېچ بولمىسا ئاتاڭ بىلەن گۆك-مۈك بولۇشۇپ ئىشلەرسەن...

مۇرات يوغان قولاقچىسىنى چۆكۈرۈپ ئۈزۈن، لېكىن يەڭگىل كۈردەك جۇۋىسىغا يۆگىنىپ، قەبرىدىلىپ ئەنە شۇلارنى ئويلا-ئويلا ئالاھەزەل ئۈچ سائەتچە ماڭغاندىن كېيىن، بىردىنلا ئالدى تەرەپتىكى تۇمان ۋە چاڭ-توزانلار ئىچىدىن قاپقارا بىر تاغ كۆرۈندى. شۇ هالدا ئۈستىنى كۆرگىلى بولمايدىغان بۇ ھەيۋەتلىك تىك تاغ بىر قاراشتا يەردىن كۆككە ئەمەس، بەلكى بۇلۇتلۇق ۋە تۇمانلىق ئاسماندىن ئاجايىپ ئېغىر سالماق بىلەن يەرگە سوزۇلۇپ چۈشۈۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ تاغقا يېقىنلاپ كەلگەنسېرى ئالدىدىكى تۇمان بىرئاز سۇزۇلدى-دە، كۆز ئالدىدىكى تەبىئەتنىڭ مۆجىزىسىگە ھەيران قالدى: شۇنچە ھەيۋەتلىك تاغنىڭ غول يېرىدە ئەڭ ئېگىز چوققىسىدىن يەرگىچە كېسىپ چۈشكەن گويا چوڭراق دەرزگە ئوخشاش تولىمۇ تار بىر ئېغىز تۇراتتى. بۇ تاغ ئاغزىنىڭ ئاستى سەل كەڭرەك بولسىمۇ، ئۈستى ئۇچقۇر كىمىيىكلەر ئاتلاپ ئۆتەلىگۈدەك دەرىجىدە تار بولۇپ، ھەر ئىككى تەرەپتىن ئۆيدەك-ئۆيدەك قاپقارا تاشلار مۇئەللەقتىن پەسكە ساڭگىلاپ قالغانىدى. دەل مانا شۇ ئېسىلىپ تۇرغان تاشلار ئاستىدا كۆپ ۋە زىچلىقىدىن تولىمۇ ئوخشاش بولۇپ كۆرۈنگەن، كونا ۋە تۈزتۈك بولسىمۇ ھەرخىل كىيىنگەنلىكىدىن رەڭگارەڭ تۈس ئالغان مىڭلارچە كىشى ئىشلەۋاتاتتى.

ئادەملەر قاپ، تاغارلاردا، زەمبىللەردە، هارۋىلاردا شېغىل توشۇپ تاغ ئاغزىغا توغان ئۈچۈن دۆۋىلەۋاتاتتى. مىڭلىغان جوتۇ، كۈرەكلەرنىڭ تاشقا تېگىپ تاراڭلاشلىرى، شېغىللارنىڭ شاراقلاشلىرى بىلەن بۇ تاغ ئاغزىدا قۇدرەتلىك شاۋقۇن ھاسىل بولغانىدى.

مۇرات توڭلاپ چويۇندەك قېتىپ كەتكەن بۇ سايغا تېخى بىر جوتۇ، ياكى بىر كۈرەك سالماي تۇرۇپلا ئىچ-ئىچىدىن هالسىراپ، كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۇ ئادەملەرگە،

ئۆلاغلارغا، ھارۋا، زەمبىللەرگە سۆركىلىپ مۆدۈرۈپ يۈرۈپ تاغ ئاغزىنىڭ سول قاسنىقىغا ئۆتۈپ قالدى ۋە شۇ يەردىن ئاتىسىنى بىر ھارۋىغا شېغىل ئۇسۇۋاتقان ھالدا كەينىدىن كۆرۈپ يۈرىكى دۈپۈلدەپ كەتتى. يىراقتىنلا بىلدىكى، ئاتىسى مۇشۇ ئۈچ ئاي ئىچىدە ئۈچ يىللىق قېرىپتۇ، كىچىكلەپتۇ، ئۇ نېمىشقىدۇر ئاتىسىنىڭ قېشىغا بۇنداق ئۇشتۇمتۇت، ئۇدۇللا بېرىشقا پېتىنالمىدى. ئايلىنىپ يىراقتىن ئالدىغا ئۆتتى. بوۋاي ھېلىقى ھارۋىنى شېغىل بىلەن توشقۇزۇپ ماڭغۇزۇۋەتكەندىن كېيىن، بېشىنى سەل كۆتۈرۈپ يېنىدىكى بىر كىشى بىلەن كۆرەككە تايانغاچ پاراڭغا چۈشتى، مۇرات ئۇلارنى بۇ يەردىن ئېنىق كۆرۈپ تۇراتتى. قۇتراۋاتقان شىۋىرغان ئاتىسىنىڭ ئۇزۇن ۋە ئاپئاق ساقاللىرىنى گويا يۇلۇپ، ئۇچۇرۇپ كېتىدىغاندەك سىلكىپ يەلپۈسە، جۇۋىسىنىڭ پېشىنى ئۆتۈكىنىڭ قونجىسىغا پاق-پاق قىلىپ زەرب بىلەن ئۇراتتى. تۇۋا، مۇرات ئاستا-ئاستا يېقىنلاپ كېلىۋېتىپ، كۆپ ياشىغان، نەچچە دەۋرنىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتكەن، ئەمدىلىكتە قېرىپ ھالىدىن كەتكەن بۇ بوۋاينىڭ كۆزلىرىدىن بۇ يەردىكى ئەڭ بەردەم يىگىتلەرنىڭ كۆزلىرىدىمۇ تېپىلمايدىغان بىر نەرسىنى — تېخى ئۆلمىگەن بىر قەلبنىڭ، ئۆچمىگەن بىر ئۈمىدنىڭ چاقناشلىرىنى كۆردى. دەل شۇ چاغدا بۇ ئىككى جۈپ كۆز گويا يىپ بىلەن تارتىپ كەلگەندەك ئۇچرىشىپ قالدى، بوۋاي قولىدىكى كۆرەكنى سايغا تاراڭ-تۇرۇڭ تاشلاپلا يۈگۈردى. ئاتا-بالا قۇچاقلىشىپ، پۇراشتى.

— جېنىم بالام! سىز... سىزمۇ چىقتىڭىزمۇ بۇ يەرگە؟

شۇ سۆزگىمۇ ئاران قۇربى يېتىپ ئاۋازى قېيىپ، تىترەپ كەتكەن بوۋاي ئوغلىنى ئالدىدا بېشىنى ئەيىبكارلارچە ئېگىپ يەرگە تىكىلدى. قوم-توپا كىرىپ قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىدىن ئازابلىرى ئېغىر ئىككى تامچە ياش بولۇپ سىرغىپ چىقتى-دە، قارامتۇل مەڭزىلىرىدىن دومىلاپ چۈشۈپ، ساقاللىرى ئارىسىدا غايىب بولدى.

بوۋاي ئوغلىنىڭ جۇۋىسى ئاستىدىن سەل تومپىيىپ قالغان بېلىگە قاراپ غۇرت قىلىپ يۇتۇندى.

— نان ئېلىپ چىقالىدىڭىزمۇ؟

— ئۆيدە بىر چىمدىممۇ ئۇن يوقكەن. ئەتىگەن ئايشىخان ئانام ئىككى نان بەرگەنتى. يەمسىز؟

— يەي.

بوۋاي ئوغلى ئۇزاتقان قاتتىق ناننى كۆچەپ ئۇشتۇپ يېرىمىنى قوينىغا سالدى-دە، يېرىمىنى شۇنداق بىر قاسىدىكى، مەڭزىنىڭ گۆشلىرى ئۇستىگە تۈرۈلۈپ، كۆزلىرى قىسىلىپ، بوشاپ قالغان چىشلىرىنىڭ قىپقىزىل مىلىكلىرى چىققىلىپ، پۇلتىيىپ كەتتى. بوۋاي ناننى شۇنداق بىرنەچچە قاساپ، يۇمشىمىسىمۇ ئۆمەللەپ، تۇگۈلۈپ تۇرۇپ يۇتۇۋەتكەندىن كېيىن قېنىپ سۇ ئىچىۋالغان كىشىدەك ئوھ! دەپ بىر تىنىۋالدى. ئاندىن ئۇۋۇلۇپ چۈشكەن پۇرچاقتەك نان پارچىسىنى شېغىل ئىچىدىن ئىزدەپ تېپىپ، ساقال-بۇرۇتلىرى ئارىسىدىكى ئاغزىغا تاشلىدى.

— جاھاننىڭ كارى-بارى مۇشۇنداق بالام، — دېدى بوۋاي بەش مېتىرچە ئېگىز-

لگەن، تۆت يۈز قەدەمچە ئۈزۈنلۈقتىكى تۈغاننى بېشى بىلەن كۆرسىتىپ، — كۆرمەمسىز، بۈلارنىڭ ئامبار ياسىغىلى تاپقان يېرىنى!

بوۋاينىڭ ئاقۇش، ئۆسكىلەڭ قاشلىرى ئاستىدىكى ھېلىمۇ نۇرىنى يوقاتمىغان كۆزلىرىدە روشەن بىر ئوت — كۆچلۈك بىر مەسخىرە چاقنىدى.

— لېكىن، — دېدى بوۋاي يەنە چىرايىغا بىردىنلا قايغۇ ئولاشتۇرۇپ، — ئەر ئۆمرۈمدە نى ئىشلار تۈگىگەن، بۇ ئىشلارمۇ تۈگەيتتى. ھەممىدىن ئاچلىق يامان قىلىدىغان بولدى. بالام، بۇ يەردە بەرگەن تاماقنا كىچىك بالىمۇ تويمايدۇ. ئىش ئېغىر، پۈت - قولدا ماغدۇر قالمىدى. باشقىلارغىمۇ ئۆيلىرىدىن ئىككى كۈندە بىر نان چىقىرىدۇ. بىز قانداق قىلدۇق ئەمدى؟... ئۆيىمىز تاقالدى ئەمەسمۇ؟ كىمىمىز بارىمىزنىڭ...

— ھەي، ئىككىڭ!!!

يۈرەك مۈزلاپ قالغۇدەك دەرىجىدىكى بۇ زەھەرلىك چىقىراق ئاۋازدىن ئاتا - بالا شۈنداق چۆچۈشتىكى، بوۋاي ئارقىسىغا بىرۈلۈۋېتىپ ئۆندەرەپ دۆگجۈپ كەتتى.

— نېمە دېيىشىۋاتىسەن؟!

ناھاللىق ئۆتۈكىدە تاشلارنى غاچىرلىتىپ ئېتىلىپ كېلىۋاتقان بۇئادەمنى مۇرات دەرھال تونۇدى. بېشى مۈشتەك، ئۆزى ئىنچىكە ئۈزۈن بويلۇق، ھەربىر نەرسىگە تېشىۋەتكۈدەك شەپقەتسىز تىكىلىدىغان بۇقارا، قاتما چىراي ئادەمنى مۇرات كىچىك چاغلىرىدىن تارتىپلا يامان كۆرەتتى. ئىشىك ئالدىدا ئويناپ ئولتۇرغان چاغدا ئۇ كېلىپ قالسا، نېمىشقىدۇر، ئېختىيارسىز قورقۇنچ بېسىپ ئۆيىگە قېچىپ كىرىۋالاتتى. بىر قەدەممۇ ئارىلىق قويماي قىستاپ كەلگەن بۇ ئادەم ئاتا - بالىغا دەممۇدەم نەشتەردەك تىكىلدى. شالاڭ، ئىنچىكە بۇرۇتى غەلىتە لىكىلداپ، كۆزلىرى سوقۇشۇۋاتقان خورازنىڭكىدەك دۈپىدۈگىلەك بولۇپ كەتتى.

— ئېيتىشە! چەتكە چىقىۋېلىپ نېمە كۇسۇلداشتىڭ؟!

— نېمە دېيىشەتتۇق، شامۇتاخۇن، بالام ھازىر چىقىپتىكەن. ئۆيىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدىم، — دېدى بوۋاي.

— ئۆيىنىڭ ئەھۋالىنى سوراپتىمىش، تاقاپ قويغان تۆت تېمىدا نېمە ئەھۋال بولاتتى. پەش دەيدىغان مۈشۈكۈك بولمىسا؟ ئەتە - ئۆگۈن سورىساڭمۇ بولىدۇ. بالاڭ سەيلىگە چىقمىدى، مەكتەپتىن قوغلاندى بولۇپ سەندەك ئىشلىگىلى چىقتى!

بوۋاي چىرايىقىيشىيىپ، ئۈشتۈمتۈت سانجىق تۇرۇپ قالغاندەك تولغىنىپ كەتتى.

— سەن مەيەرگە كەل! — شامۇت مۇراتنى ئالدىغا سېلىپ بېرىپ بىر ئايال ھەيدەپ ماڭغان ھارۋىنى كۆرسەتتى، — ھەيدە بۇ ھارۋىنى!

ئەترەتنىڭ بولسا كېرەك، تۆت ئايىغى ئوخشاش تىترەپ تۇرغان مۈشتەك بىر چامبۇل ئېشەك شالاقشىپ، چېتىقلىرى ئاجراپ كېتەي دەپ قالغان كىپەكسىز ھارۋىنىڭ ئىچىدە خۇددى مۈشۈكتەك دۈگدىيىپ تۇراتتى، ھارۋا تۈغنىڭ ئۈستىگە چىقىش ئۈچۈن قاپتال بويلاپ قىيپاش ياسالغان يولغا ياماشتى. ئالدىدا ۋە ئارقىدا ئونلىغان ھارۋا بۇ تارغىنە يولدا قاتارلىشىپ، زورۇقۇپ سىلجىپ يۈقىرىغا ئۆرلىمەكتە. مۇرات

ھەيدەۋاتقان لىقىدە شىغىل ئۇسۇلغان بۇ ھارۋا ئىشەكنى ھە دېگەندە كەينىگە داجىتىپ، پەسكە سۈرىمەكتە، مۇرات ھارۋىنى باستۇرما ياغىچىدىن تۇتۇپ، ئىشەك بىلەن قوشۇپ يۇقىرىغا تارتماقتا ئىدى. ئەگەر مۇرات ئۇنچىلىك كۈچەنمەي، ھارۋا كەينىگە يېنىپ كەتسە، شۇنداق بىر خەتەر يۈز بېرەتتىكى، ئارقىدىن چىقىۋاتقان نەچچە ئون ھارۋا ئادەم ۋە ئۇلاغلىرى بىلەن قوشۇلۇپ پەسكە ئاغدۇرۇلۇپ كېتەتتى.

مۇرات ھارۋىنى سۈرەپ ئەنە شۇنداق ئۆرلەۋاتقاندا، ئۆز ئايىغىدا دەسسىلىپ قالغان جۇۋىسىنىڭ پېشىدىن ئالقاندىن چوڭراق بىر پارچە تېرە ئۈزۈلۈپ چۈشۈپ قالدى.

بەلكىم بۇ ئامباردا ئەمدى نەچچە يىل ئىشلەرمەن، بۇ ھارۋىنى مۇشۇ داۋاندىن نەچچە يۈز، نەچچە مىڭ قېتىملاپ ئېلىپ چىقارمەن؛ ھارۋىلار ئالدى-كەينىمدە تۇرنىدەك تىزىلىپ ئازراقمۇ ئۆكسۈمەيدىغان بۇ داۋاندا ھارۋىنى ئىشەك بىلەن قوشۇپ داۋاملىق مۇشۇنداق سۈرەپ يۈرۈپ... ئاھ، پەيلىرىم ئۈزۈلۈپ كېتىدىكەن-دە؟...

ئۇ چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمۈلگەن ھالدا ئاخىر ھارۋىنى سۈرەپ تۇغنىڭ ئۈستىگە چىقتى-دە، ئالدى تەرەپتىكى كەلگۈسى سۇ ئامبىرىغا قاراپ داڭ قېتىپ قالدى.

ئامبارغا پىلانلانغان يەر قىيان تارتىپ ھاڭ ۋە تىك يارلىقلا ئايلانغان ھەم تولىمۇ ئېگىزدىن باشلىنىدىغان ئۈچ جىلغىنىڭ قويۇلۇش ئاغزىدىكى كىچىككىنە يانتۇ سايلىق ئىدى. تۇغنى ھەرقانچە ئېگىز قىلىپ كۆتۈرگەندىمۇ ھامان ئەنە شۇ جىلغىلاردىن كۆپ پەستە قالاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە غەرب تەرەپتىكى جىلغىدىن كېلىدىغان ناھىيىنىڭ ئاقاۋە سۈيىمۇ① بۇ يەرگە يېقىن ۋە خېلىلا ئېگىزدە كۆرۈنىدىغان ھەربىر جەينەك-بۇرۇلۇشلاردا ئۈزۈك-ئۈزۈك چاقناپ، شارقىراپ چۈشۈۋاتاتتى. بۇ سۇ ھازىرچە تۇغنىڭ شەرق تەرىپىدىن تاغنى يالىتىپ ئېقىتىپ تۇرۇلغان بولسىمۇ تۇغنىڭ ئېگىزلىكى توختىغاندا چوقۇم سېپونتتىن قاپقاق قويۇلۇپ، بۇ ئېغىزمۇ توسۇلاتتى. ئۇ چاغدا پۈتكۈل قاقشال تاغلىرىنى گۆلدۈرلىتىپ، ھەيۋەتلىك نەرە بىلەن ئۆيدەك-ئۆيدەك تاشلارنى غۇلىتىپ، كالا، قوتاز، تۆگىلەرنى لەيلىتىپ، قارا بوراندەك باستۇرۇپ كېلىدىغان تومۇزنىڭ ياۋايى كەلكۈنلىرى توغانغا بىرلا ئېتىلىپ، ئارقىسىغا ئازراقمۇ قايتماستىن ھالقىپ ئۆتۈپ كېتەتتى. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، تاغ تاپىنىدىكى بۇ يانتۇلۇقتا ئۇنداق كەلكۈن ئەمەس، بىر ھەيۋەتلىك ئاقاۋە سۈيىمۇ سىغمايتتى.

مۇرات ئادەتتىن تاشقىرى روھلۇق، چىداملىق بۇ يۇرتداشلىرىنىڭ ئەمگەك ئۈستىدىكى شۇ قەدەر چۈشكۈنلۈكىنىڭ سەۋەبىنى ئەمدى چۈشەندى، «دۇنيادا زايا كەتكەن ئەمگەكتىنمۇ ئېغىر بەدەل، ئاچچىق ھەسرەت بولامدۇ؟ بۇ سۇ ئامبىرىنى قانداق قاپاقباش ئىنژېنېر پىلانلىغاندۇ؟ ئۇ ئىنژېنېر سۇ ئامبىرىنىڭ يەر شارائىتىنى ئەڭ ئاددىي گېئومېترىيىلىك ئۆلچەم بىلەنمۇ كۆزىتىپ باقمىغانمىدۇ؟ تۇغاننىڭ ئالدىدا سۇ قايىدىغان ئازراق تەكشىلىك بولمىسا، ئۇنى قانداقمۇ سۇ ئامبىرى دېگىلى بولىدۇ؟...

① ئاقاۋە — قارا سۇ.

— ھەي، ھاڭۋاقتى! ھارۋاڭ قېنى؟!

ھېلىقى تونۇش زەھەرلىك ئاۋاز مۇراتنىڭ قۇلىقىنىڭ تۈۋىدە يەنە جاراڭلىدى-دە، يەلكىسىنى قامالالىغان بىر قول جۇۋىسىنىڭ غولىنى ۋەرت قىلىپ يىرتىپ تاشلاپ ساڭگىلىتىپ قويدى.

مۇرات خىيالىدىن چۆچۈپ يىغىنىپ قايرىلىپ قارىغىنىدا شامۇت ئۇنىڭغا بايىقىدىنمۇ قورقۇنچلۇق ئەلپازدا قادىلىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم بىراۋدىن «ھاڭۋاقتى» دېگەن ئاھانەتنى ئاڭلىدى، ئۇنىمۇ يەنە شامۇتتىن ئاڭلىدى. ئۇ ھازىر ھەقىقەتەن شۇنچىلىك ھاڭۋاقتىلىق قىلدىكى، يۈلۈنى ئۈزۈلۈپ كەتكۈدەك بولۇپ سۆرەپ چىققان ھارۋىنى ئىشىكى بىلەن قوشۇپ يوقىتىپ قويدى.

— ھارۋاڭ قېنى دەيمەن؟!

شامۇت ئەمدى مۇراتنىڭ ياقىسىدىن بوغدى. مۇرات كۆزلىرى چىڭقىلىپ، خىرىلداپ قالدى.

— ماۋۇ ... ئامبار بولىدىغان يەرگە قاراپ قاپتىمەن... ھارۋا...

— ھەي، كالۋا! ھەي كالۋا! پەيلىڭ مۇشۇنداقلا بولسا سەنمۇ ئۇزاققا قالماي ئاتاڭدەك قالپاق كىيىپ، بالا ئۇنسۇر بولغۇدەكسەن، ماڭ! بېزىرىپ تۇرماي ھارۋىنى تاپ!

شۇ چاغدا تاغ ئاغزى بىردەملىككە شۇنچىلىك تىمتاسلىققا چۆكتىكى — ھەيران قالغان مۇرات بىلەن شامۇت يان - يېنىغا بېقىشتى - دە، ھەممە ئادەمنىڭ ئىز ئورنىدا ئىشتىن توختاپ، باشلىرىنى كەينىگە تاشلىشىپ، تاغنىڭ ئۈستىگە قاراپ قېلىشقانلىقىنى كۆردى ۋە ئۆزلىرىمۇ قاراشتى.

كىم ئەڭ بالدۇر كۆرۈپ قالغاندۇ؟ ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقان قۇياشنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرى چۈشۈپ، قىزغۇچ تاۋلىنىپ تۇرغان چوققىدا بىر تاغ تېكىسى يوغان مۈڭگۈزلىرىنى دۈمبىسىگە تىرەپ، سۈلەت بىلەن يەنىمۇ ئېگىزگە قاراپ تۇراتتى. كەچكە يېقىن كۆپكۆك بولۇپ سۈزۈلگەن ئاسماننىڭ ئاستىدا نۇرغا چۆلغىنىپ تۇرغان ئۇ تېكىنىڭ مەزمۇت پۇتلىرى، ئاپپاق قورسىقى، سېمىز ساغرىسى خەمسىز چاقناپ، يىراقلارغا تىكىلگەن چوڭ، چىرايلىق قارا كۆزلىرى شۇنچىلىك ئېنىق كۆرۈنىدىكى، قۇياش تەسۋىرلەپ تۇرغان بۇ گۈزەل سۈرەتكە كىشىلەر نەپەس ئالماستىن، بويۇنلىرىنىڭ تېلىپ، ئاغرىپ كەتكىنىنىمۇ سەزمەستىن قاراپ قېلىشتى، ئۈمىدسىزلىكتىن خىرەلىشىپ قالغان شۇنچە كۆزلەر ئېگىز چوققىدا ھۆرلۈكنى ئەسلىتىپ، ئۆز سائادىتىنى نامايىش قىلىۋاتقان ئۇ تەلەيلىك تېكىگە زوقلىنىپ، يۇلتۇزدەك چاقنىشىپ كەتتى.

7

مۇراتنىڭ چىرايى ئىككى ئاي ئىچىدىلا تامامەن دېگۈدەك تونۇغۇسىز بىر ھالغا كەلدى، ئۇنىڭ سۈزۈك، قىپقىزىل مەڭزىلىرىدىن قان قېچىپ، يۈزلىرى قارىداپ، پوستلاپ كەتتى. بويۇنلىرى ئۇزىراپ، قاڭشىرى ئىنچىكە قىرلىنىپ ياڭاق سۆڭەكلىرىمۇ چوقچىيىپ چىقتى. ئەسلىدىكى باللارغا خاس بوغۇم-بوغۇم بىلەكلىرىدە ئەمدى كۆك تومۇرلار لىپىلداپ، پەيلىرى تارتىشىپ قالدى. قوشۇمىسىدا خۇددى تاتۇقتەك تىرەن

بىر سىزىق، كۆزلىرىدە يۈرەككە بېرىپ تېگىدىغان غەيرىي بىر چاقناش پەيدا بولدى. مەينەت ـ مۇشەققەتنى ئۆزىلا تارتىپ ئايرىباش بولماي، بۇ تەكسىز قارا قايىنامغا ئوغلىنىمۇ بىللە سۆرەپ كىرگەن ئاتا ئەمدى ئۇنىڭغا ئەيمىنىپ، كەمدىن ـ كەم سۆزلەيدىغان، سۆزلەشكە توغرا كەلگەندە بۇرۇنقىدەك كۆزلىرىدىمۇ ئەركىلىتىپ، سۆيۈنۈپ قارىيالماستىن، يەرگە ياكى باشقا تەرەپكە قاراپ سۆزلەيدىغان بولدى، شامۇتىمۇ يېقىندىن بېرى مۇراتنىڭ كۆزلىرىدىن ئۆزىگە نىسبەتەن بۇ ياشتىكى بالىلاردا بولماي، بەلكى يېتىلگەن قارام يىگىتلەردە بولىدىغان ھەممە ھەرىكەتكە ئايلىنىش ئېھتىمالى بولغان بىر خىل قىساسلىق تەھدىتىنى بايقاپ قالدى.

لېكىن مۇراتنى ھەر كۈنى كەچتىكى ئىشتىن قايتىش مەنزىرىسى ئىختىيارسىز كۈلدۈرۈۋېتەتتى. مانا، بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى.

ئىشتىن چۈشۈشنى جاكارلىغۇچى سۆيۈملۈك جاڭ بىرىنچى قېتىم سوقۇلۇشى بىلەن تاغ ئاغزى شۇنداق جانلىنىپ تەۋرەپ كەتتىكى، قەدەملىرىنى ئاران يۆتكىشىپ، ھالسىز ئېغاڭلىشىپ يۈرگەن ئادەملەر بىردىنلا كىيىكتەك سەكرىشىپ، ئىككى قەدەمنى بىر دەسسىگىنىچە ئالىدىغىنىنى ئېلىشىپ، قويىدىغىنىنى قويۇشۇپ ۋە بىر ـ بىرىنى تاغلار چاڭىلداپ كەتكۈدەك ئاۋازدا چاقىرىشىپ ئالغا قاراپ يۈگۈرۈشتى. كەڭرى سايدا يول تالىشىپ، جالاقلاپ سوقۇشقىنىچە قۇيۇندەك چېپىشىپ كېتىۋاتقان ھارۋىلارغا قوغلاپ يېتىشىپ، ھەيدىگۈچىسىنىڭ رۇخسىتىسىزلا كۆردەك، جۇتۇلىرىنى جاراڭلىتىپ تاشلاشتى ۋە ئۆزلىرىمۇ ھارۋىنىڭ توغرا كەلگەن يەرلىرىگە ئېسىلىپ چىقىۋېلىشتى. ھارۋىغا سىغمىغان ۋە چىقىشقا ئۈلگۈرەلمىگەنلەر ئۇزۇن جۇۋىلىرىنىڭ پەشلىرىنى قىستۇرۇشۇپ پىيادە يۈگۈرۈشتى. گۈگۈمدىكى قىيا ـ چىيا، ھايت ـ ھۇيت ئىچىدە ئومۇمىي بەيگە باشلاندى. ئىككى ئايدىن بېرى سامانغا تويماي ئورۇقلاپ تېخىمۇ كىچىكلەپ كەتكەن ۋە تاغ تەرەپكە قاراپ قەدەم يۆتكەشكە بارغانسېرى قىيىنلىشىپ كېتىۋاتقان ھېلىقى مۇڭلۇق چامبۇل ئېشەكمۇ مۇراتنىڭ قولىدا يۇلقۇنۇشقا باشلىدى، ئاتىسى تېخى ھارۋىغا چىقىپ بولالمىغاچقا، مۇرات ئېشەكنىڭ بېشىنى يېنىغا قايرىپ، چېگە نوختىسىدىن مەھكەم تۇتۇپ تۇراتتى. غەزەپلەنگەن چامبۇل ئۇنىڭدىن قويۇۋېتىشنى تىلەپ، تۇياقلىرىنى تاشقا ئۇراتتى، خارتىلدايتتى، مۇرات بۇ كاج ئېشەكنى تىنچىتالماي ئاتىسىنى ھارۋىغا يۆلەپمۇ قويالمىدى. بوۋاي ئاخىرى ئىنجىقلاپ يۈرۈپ ھارۋىغا چىقتى. چامبۇل كۈن بويى سالپىيىپ تۇرىدىغان ئەسكى چەمدەك توكسىز قۇلاقلىرىنى شۇئان جۈپلەپ دىڭگايتقىنىچە يول تالىشىشتىن شۇنداق چاپتىكى، مايسىراپ كەتكەن ھارۋىنىڭ ئېغىر چاقلىرى يوغان ـ يوغان قورام تاشلارغا ئۇرۇلۇپ خۇددى قۇمۇش قاسقاندەك قاڭقىپ ئۆتكەندە ئاتا ـ بالا ھارۋا ئىچىدە ئۆرلەپ ـ ئۆرلەپ ئىرىدىغا چۈشەتتى. مۇرات ھېلىلا قوشقۇندىن تارتىپ ماڭغۇزغان، لېكىن ئەمدىكى بۇ ئۇچقۇر ئېشەكنى شۇنچە تارتقۇشلاپمۇ ئايلىنىپ ئۆتىدىغان تەكشىرەك يولغا كىرگۈزەلمەي ئاخىرى قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— ھەي، بالام ...، — دېدى ھارۋىدا تۈزۈكرەك ئولتۇرالماي ئۇ بولۇقىدىن بۇ بولۇقىغا تاشلىنىۋاتقان بوۋاي ئوڭايسىز ھالدا كۈلۈپ، — بۇ جانۋارمۇ ئېغىلىغا بىر مىنۇت

www.uyghurkitap.com

بۇرۇن بارسا غاجاپ تۇرغان مۇنۇ جۇمبۇ-جاۋەن، ئىگەر-توقۇملاردىن قۇتۇلۇپ، بىر تۇتام بولسىمۇ سامانغا ئېرىشەلەيدىغىنىنى بىلدۇ. ئەگەر ياتاق ئاشۇ يەردە بولسىمۇ، — بوۋاي ھېلىقى تېكە كۆرۈنگەن چوققىنى كۆرسەتتى — چوقۇم شۇ يەرگىمۇ مۇشۇنداق يۈگۈرۈپ چىقالايدۇ، چۈنكى ئاچ قالغان مەخلۇقلارنىڭ نەپسى بەزىدە شۇنداق غالىب كېلىدۇ بالام... قويۇۋېتىڭ، چاپسۇن!...

ئۇلار ھەش-پەش دېگۈچە دوقمۇش تاغدىن ئۆتۈپ، ياتاققا يېقىنلاشتى، مۇرات ھارۋىدىن ئىرغىپ چۈشۈپ، ئىككى تەرەپتىكى كېسەك تاملىق، خۇددى خارابلاشقان تۆمۈرچى دۇكانلىرىدەك ئىچىمۇ-تېشىمۇ ئىستىن قارىداپ قۇرۇم باغلاپ كەتكەن ئۆيلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئېشەكنى يېتىلەپ ئۆتتى. ئەتراپ كەچلىك تاماق ئۈچۈن قالانغان سامان، يانتاق ۋە تېزەكلەرنىڭ ئاچچىق، قاڭسىق پۇردىقى بىلەن تولغانىدى. تۈرخۈنلاردىن چىقىۋاتقان قويۇق، قارا تۈتۈنلەر سوغۇق دەستىدىن ئېگىزگە ئۆرلىيەلمەي، قازانلاردىن كۆتۈرۈلگەن ھور بىلەن قوشۇلۇپ تاغ قاپتىلىدىكى بۇ كىچىك، مىسكىن مەھەللىنى بۇلۇتتەك قاپسىۋالغانىدى. تېخى ئالدىغا سامان تۆكۈلمەي قۇرۇق ئوقۇرغا باغلاپ قويغان ئېشەكلەرنىڭ ئاچچىق ھاڭراشلىرى، كالىلارنىڭ ئەلەم بىلەن سوزۇپ مۆرەشلىرى، ئاشپەزلەرنىڭ كىشىلەرنى قازان بېشىدىن نېرىدىراق ھەيدەپ ۋارقىراشلىرى، لېكىن بارغانسېرى زىچلىشىپ چۆمۈچكە تەڭلىنىپ تۇرغان قاچىلارنىڭ بىر-بىرىگە تېگىپ تاراڭلاشلىرى بۇ يەردىكى بىر مىنۇتقىمۇ تەخىر قىلىش مۇمكىن بولماي قالغان قەھەتچىلىكنى جاكارلىماقتا ئىدى.

مۇرات ھارۋىنى ئالمان-تالمان چىقىرىپلا ئاشخانىغا يۈگۈردى، بىراق، ئۇ كېچىككەنىدى. ئادەملەرنىڭ تولىلىقىدىن ئۇنىڭ قازانغا يېقىن كېلەلىشى مۇمكىن ئەمەستەك قىلاتتى. شۇنداقتىمۇ بىر ھازا قىستىلىپ، سىغدىلىپ يۈرۈپ ئاتىسى ۋە ئۆزى ئۈچۈن ئىككى قاچا ئاش ئالالىدى. جان قايغۇسىدا قېلىپ تەكەللۇپنى ئۇنتۇشقان كىشىلەر خۇرجۇنلىرىنى كىچىك ئېچىشىپ، بىرەر پارچىدىن نان ئېلىپ ئۇنچۇقماستىن ئاشلىرىغا چىلاشتى. مۇراتلاردا خۇرجۇنمۇ، نانمۇ يوق ئىدى. قىستىلىشىپ داۋالغۇپ تۇرغان يۈزلەرچە ئادەمنىڭ ئارىسىدىن ئېلىپ چىققۇچە تۆكۈلۈپ يېرىمىلا قالغان ۋە سوۋۇقلۇقىدىن كوركىراپ تۇرغان ئاشنى ئاتا-بالا قوشۇق سالمايلا بىر كۆتۈرۈشتە سومۇرۇۋېتىشتى-دە، لەۋلىرىنى يالاپ ھەسرەتلىك قاراشتى. ئاندىن توپا-چاڭغا كۆمۈلۈپ كەتكەن يوتقان-كۆرپىلىرىگە قىڭغىيىشتى. چارسىلداپ كۆيۈپ سېسىق ئىس چىقىرىۋاتقان جىن چىراغ ئەللىكچە كىشى سىغىدىغان بۇ ئۇزۇن ياتاقنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. قورساقلىرىنى چالا-پۇلا تويغۇزۇشقاندىن كېيىن ئۇگە-ئۇگىلىرى بوشاپ كەتكەن ئادەملەر ئۇلۇغ-كىچىك تىنىشىپ سونايلىشىشاتتى...

كىمدۇر بىردەم راۋاب چالدى، ئۇزاققا بارمايلا ياتاق ئىچى جىمىپ، ھەممە ئۇيقۇغا كەتتى. لېكىن كەلگۈسى تەقدىرى ھەققىدىكى تېخىمۇ قورقۇنچلۇق تەسەۋۋۇرلىرىدىن ۋەھىمىگە چۆمگەن مۇرات خېلىغىچە تورۇسقا قاراپ خىيال سۈرۈپ ياتتى.

...بىر ئۆمۈر مۇشۇنداق ئۆتەرمەنمۇ؟ ھەر قانچە ئېغىر ئەمگەككە سالسىمۇ، ئادەم-

چە مۇئامىلە قىلىشسا مەيلىدىغۇ، شامۇتنىڭ نەۋرىسىدەك تۇرۇپ، ئۇنىڭغا نېمە قىلغان بولغىيتتىم؟ ئۇ ئادەم ئەمەس ئىچى زەھەر بىلەن تولۇپ كەتكەن چايانكەن، چايان! ئۇنىڭدىن سالامەت قۇتۇلۇش مۇمكىنمىدۇ؟ بۇ ئەخمىقانە ئەمگەكنىڭ، بۇ كۈنلەرنىڭ چېكى-پايانى نەدىدۇ؟ تېخى تۈنۈگۈنلا بوينۇمدىكى قىزىل گالستۇكتا يۈزلىرى لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرغان پىئونېر ئەمەسمىدىم؟ دەرسلەرنىڭ سىرتىدا شۇنچە رومانلارنى ئوقۇپ تۈگەتمىگەنمىدىم؟ رومان ئوقۇۋېتىپ مەن تەسەۋۋۇر قىلغان دۇنيا، ھايات نەدىكىن؟...

ئەمدى ئۇ ئون ياش چاغلىرىدىن باشلاپ ئوقۇغان رومانلىرىنى، ئۇلاردىكى گۈزەل مەنزىرىلەر، سەلتەنەتلىك سورۇنلار، خىلمۇخىل ئادەملەرنى ئەسلىدى. بۇ كۆزۈللۈك، تاتلىق ئەسلىمىلەرنىڭ ئاخىرىسىغا ئىختىيارسىز ھالدا بىر ھەپتە ئىلگىرى ئەمگەك مەيدانىدا يۈز بەرگەن مۇنداق بىر ۋەقە ئۇلىنىپ قالدى: مۇرات دەسلەپتە ۋەقەنىڭ باشلىنىش سەۋەبىنى بىلەلمىدى. ئادەملەر تۇيۇقسىزلا كاللەكلىشىپ مۇشتلىشىپ كەتتى. بىردەمدىلا ماجىرانىڭ دائىرىسى كېڭىيىپ قالپىقى بارلاردىن باشقا ھەممىلا ئادەم قوللىرىغا چوتۇ، كۈرەكلىرىنى ئېلىشىپ گىرەلىشىپ كەتتى. مېتاللارنىڭ جاراڭلاشلىرىدىن تاغلار ئەكس سادا قايتۇرۇپ لەرزىگە كەلدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا باشلىرى يېرىلىپ، يۈز-كۆزلىرى قانغا بويالغان ياردارلار كۆپىيىپ، سەپنىڭ كەينىگە چېكىنىپ چىقىشتى. جېدەلنى توسۇشقا ئۇرۇنغان باشلىقلار كۆزلىرىگە قان تولۇپ، دېڭىزدەك دولقۇنلانغان ئالىمانىنىڭ ئاستىدا دەسسىلىپ قېلىشتى. بارا-بارا بۇ قۇچاقلاشما، گىرەلەشمە جەڭ ئاياغلىشىپ، سەپ يىراقلاشتى-دە، مۇشتەك-مۇشتەك تاشلار شۇنچە يىراقلاردىن خۇددى پالاخماندا ئاتقاندەك ۋىژىلداپ ئۇچۇپ كېلىشكە باشلىدى. بىر چەتتە داڭ قېتىپ قالغان مۇرات سەپ ئايرىلغاندىن كېيىنلا بىلدىكى، سوقۇش مەھەللە، كەنتلەر بويىچە ئەمەس، ئىككى رايون بويىچە بولۇۋاتاتتى.

ئەنە، ئىككىنچى رايون تەرەپتىن تازا كېلىشكەن گەۋدىلىك بىر يىگىت ماڭلىيىغا تەگكەن تاش زەربىدىن خۇددى پالتا كەسكەن تېرەكتەك غۇلاپ چۈشتى. ئۇ تەرەپتىمۇ بىر ئىككىسى دومىلاپ كەتتى.

— تۇۋا، بۇ ئادەملەر ساراڭ بولۇپ قالدىمۇ نېمە؟! نېمانچە ۋەھشىيلىك بۇ؟ ئۆزلىرى بىلەن ئۆزلىرى...— مۇرات ۋارقىراپ كەتتى.

سەۋەب تولىمۇ ئاددىي ئىدى. دەسلەپتە ئىككى رايوندىن بىردىن بالا ھارۋا يولى تالىشىپ سوقۇشۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەنلا جېدەل گويا ئۇچقۇن چۈشكەن خاماندەك يالقۇنلىنىپ ناھىيىگە كېڭىيىپتۇ.

مۇراتنىڭ نەزەرىدە شۇنچىلىك ئەرزىمەس سەۋەب بىلەن ئىككى تەرەپ بولۇپ يۈز بەرگەن بۇ جەڭ ماھىيەتتە تاقىتى پۈتكەن دېھقانلارنىڭ ئاڭسىز ھالدىكى ئىسيانى ئىدى. قاغا چېغىدا بىر-بىرىنىڭ كۆزىنى چوقۇمايتتىغۇ؟ ئەزەلدىن بىر ئېرىقنىڭ سۈيىنى ئىچىپ ياشاپ كەلگەن بۇ كىچىككىنە يۇرت خەلقى بۈگۈن نېمە ئۈچۈن ئۆز قانلىرىدا سايىنىڭ قارا تاشلىرىنى بويىدى؟ ئەمگەك ئۈستىدە ئاران مىدىرلىشىپ يۈر-

گەن بۇ ئادەملەرگە شۇنچە شىددەت، شۇنچە كۈچ-قۇۋۋەت نەدىن كەلدى؟ نېمە ئۈچۈن قوزغىلىپ، كىملەرنى يىقىتتى؟ نادانلىقنىڭ زوراۋانلىقى، يۈزسىزلىكى ۋە رەھىمسىزلىكى بۇ خەلقنىڭ تارىخىي ئاپەتلىرىنى يەنە تەكرارلاپ، بۈگۈنمۇ يەنە ئەسلىي مۇددىئاسىدىن ئازدۇرۇپ ئۆزلىرىگە سالدى.

تېخى بىر ھەپتە بۇرۇن بولغان ۋە بۇ يۇرتنىڭ تارىخىغا پۈتۈلگۈدەك بۇ ۋەقەنىڭ داۋامىنى مۇرات ئەسلىيەلمىدى. شۇنچە تىرىشسىمۇ ئۆزى ئاخىرىغىچە قاراپ تۇرغان ئۇ مەنزىرىنىڭ كېيىنكى كۆرۈنۈشلىرى ئەتىسى ئۇنتۇلۇپ قالغان چۈشتەك ئاستا-ئاستا تۇمانلىشىپ غايىب بولدى. ھازىر ئۇنىڭ بارلىق سەزگۈسىنى ئىچ-ئىچىدىن كۆيدۈرۈپ كېلىۋاتقان بىر تىلەك، ئاجايىپ تاتلىق، چىدىغۇسىز بىر تەلەپ ئىگىلىگەن بولۇپ، باشقا ھەرقانداق خىيال-ئەسلىمىلەرنى كاللىسىدىن سىقىپ چىقارماقتا ئىدى. مۇرات پۈتۈن ۋۇجۇدىنى شۇنچىلىك لەرزىگە سالغان تەلەپنىڭ نېمىلىكىنى دەرھال چۈشەندى. ئۇ ئېچىرقىغان ۋۇجۇدىنىڭ دەرھال نان يېيىش تەقەززالىقى ئىدى.

بىر نان! تاشتەك قېتىپ كەتكەن بولسىمۇ بىر نان!

ئۇ ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ كەتتى. قوللىرى يېنىدا ياتقان قوشنىسىنىڭ قوزۇقتىكى خۇرجۇنىغا ئىختىيارسىز بېرىپ قالدى. خۇرجۇندا بىر پارچە قاتتىق قۇرۇق نان تۇراتتى. مۇرات كاللىسىغا كەلگەن خىيالدىن شۇئان سەسكىنىپ كەتتى: ياق بۇ خۇرجۇنغا كۆز سېلىش، بىراۋنىڭ ھەققىگە قول ئۇزارتىش ئۆلۈم، شەرمەندىلىك... ئاھ، ئەمدى ئوغرىلىق قىلارمەنمۇ؟...

ئۇ سەنتۈرۈلۈپ يۈرۈپ ياتاقتىن چىقتى. تالا سوغۇقتىن جاغىلداپ كەتكەنىدى. ھاۋا ئېچىلىپ كەتكەچكە يۇلتۇزلار پەسلەپ، يوغىناپ قالغاندەك ئاجايىپ روشەن چاقنىشىپ تۇراتتى. مۇرات ھەر بىر ھۈجەيرىسىنىڭ ئاشۇ يۇلتۇزلاردەك كۆيۈپ، ۋىلىلداپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ چوغلىرى ئۆچۈپ كۈلگە ئايلانغان تونۇر بېشىغا چىقىپ قوللىرىنى تونۇر ئىچىدە سىلاشتۇرۇپ بېقىۋىدى، نانىنىڭ سوۋۇلماي قالغان كىچىككىنە ئۇلى ياكى ئېغىزغا بىر سالغۇدەك چۈشۈك پارچىسىمۇ تېپىلمىدى. ئاخىرى ئۇدۇلدىكى ئاشخانىنىڭ ئالدىغا بېرىپ قالدى. ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن قارىۋىدى، غۇۋا چىراغ يورۇقىدا دېرىزىنىڭ تەكچىسىگە تىزىپ قويۇلغان يىگىرمە، ئوتتۇزدەك زاغرا نان كۆرۈندى. قوناق قورغىنىدا يېقىلىپ، كۆكچى قوغۇندەك يېرىلىپ كەتكەن بۇ نانلار قىزىرىشىپ پىشقان ئالمىدەك كۆرۈنۈپ، شۇنچە ئارىلىقتىن بۇرنىغا پۇراپ، نەپسىنى تاقىلدىتىۋەتتى.

تارتقان دەھشەتلىك مەنزىرىنى، شامۇت قوللىرىنى ھەر بىر كۆچەپ قايرىغاندا ئاتىسىنىڭمۇ شۇنچىلىك كۆچەپ نالە قىلغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. لېكىن ئۇ ئەمدى نېپىز بىر پارچە گېزىت توسۇپ تۇرغان بىر غېرىچ ئارىلىقتىكى بۇ نانلارنى تاشلاپ كېتەلمەيتتى. نېمە بولسا بولمامدۇ، ئۇ كۈندىكى ئازاب ھازىرقىغا يەتمەيدۇ. ئاشۇ نانغا بىرلا تويۇۋالسام، باشقىسى...

ئۇ ئاتىسىنىڭ بايا كېلىۋېتىپ: «بالام، ئاچ قالغان مەخلۇقلارنىڭ نەپسى بەزىدە

شۇنداق غالىب كېلىدۇ...» دېگىنىنى ئىختىيارسىز ئەسلىدى-دە، ئۆزىنىڭ ئاللىقاچان بۇ خەتەرلىك قارارغا تەۋەككۈل قىلىپ بولغانلىقىغا ئىشەندى. ئاشپەزلەر ئۇخلايدىغاندەك ئەمەس، ئۇ ھالدا ناننى گېزىتنى يىرتىپ ئېلىش — تاياق ئاستىدا ئۆلۈش دېگەن گەپ! لېكىن ئۇلار ئۇخلىغىچە يەتكۈدەك تاقەت بارمۇ؟

مۇرات ئەنە شۇنداق زىددىيەتلىك پىكىرلەرنىڭ قويۇنلىرىدا قالغىنىدا ئۇشتۇمتۇت كەينىدىكى ئېرىقنىڭ قېلىن مۇزلىرى ئاستىدىن شىرىلداپ ئېقىۋاتقان سۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى-دە، كۆزلىرى چاقناپ كەتتى. دەرھال بېرىپ ناھاللىق پاشىنىسىدا مۇزنى ئويدى ۋە دۈم يېتىپ، ئاغزىغا بىر قوۋۇز سۇ ئېلىپ كەلدى. ئاندىن ئاغزىدىكى سۇ بىلەن گېزىتنى لەۋلىرى ئارقىلىق نان پاتقۇدەك دائىرىنى ھۆلدەپ، تىرىق قىلغان ئاۋاز چىقارماي تۆشۈك ئاچتى. جۇۋىنىڭ يېڭىدىن چىقىرىلغان ئوڭ قول ئۈزۈلۈكسىز ئىچكىرىگە سۇنۇلماقتا. نانلار ئۆگزىنىڭ گىرۋىكىگە تىزىلماقتا... بىر، ئىككى... تۆت، بەش... يەتتە، سەككىز... مۇرات شۇ دەمدە تەكچىدىكى نانلار تۈگىمىگۈچە ئۆزىدە قولىنى توختىتىۋالغۇدەك بىر كۈچنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ تۇراتتى.

خەتەر توققۇزىنچى ناندا چىقتى. بۇنداق ئىشقا ئەزەلدىن يات ۋە ئۆگەنمىگەن قول ئۈستىدىكى ناننى ئالدىم دەپ، ئاستىدىكى نانى سۇغۇرۇپ سالدى-دە، بىر نان ئاشخانا ئىچىگە دۈككىدە چۈشۈپ، ئاشپەزلەرنىڭ ئالدىغىچە دوگىلەپ باردى. دېرىزىدىكى تۆشۈكنى كۆرۈپ، بىردەم كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالغان ئاشپەزلەر بىردىنلا ۋارقىرىشىپ سىرتقا ئېتىلدى.

نەگە قاچقۇلۇق! دەھشەتتىن مۇراتنىڭ سۆڭەكلىرى ئېرىپ كەتكەندەك بولۇپ قالدى. ئاھ، خۇدا! يېقىنلا يەردە ئاشخانىغا ئوتۇن توشۇيدىغان ئىككى تۆگە ئېغىر كۆشىشىپ، بىر-بىرىگە ياندىشىپ ياتاتتى. مۇرات يىقىلىپ قوپۇپ يۈرۈپ تۆگىلەرنىڭ ئارىسىغا ئۆزىنى ئاتتى-دە، قولتۇقلىرىغا كىرىپ كەتتى. ھېرىپ كەتكەن تۆگىلەر ئۇركۆپ قوپۇپ كېتىشكە ھورۇنلۇق قىلدى. ئاشپەزلەرنىڭ تۇيۇقسىز ۋارقىرىشىدىن ئويغىنىپ كەتكەن كىشىلەر ياتاقلاردىن چىقىشىپ، تېشىلگەن دېرىزە تۈۋىگە يىغىلىشتى. تۆگىلەرنىڭ يېنىدىن نەچچە ئايلىنىپ ئۆتۈشتى، بۇ قاپ يۈرەك ئوغرىغا ھەيران قېلىشتى، قاغاپ-تىللاشتى ۋە ئاخىرىدا ئەگەر تۇتۇۋالالىغان بولسا نېمە قىلىۋېتىدىغانلىقلىرى ھەققىدە ئارمان قىلىشىپ تارقاشتى.

غەم باسقاننى ئۇيقۇ بېسىپتۇ، دېگەندەك، مۇرات ئىككى تۆگىنىڭ ئىسسىق قولتۇقىدا ئۇيقۇغا كەتكەن ئىكەن، بىر چاغدا پۇتلىرى غۇرۇچلاپ كەتكەندىن كېيىن ئويغىنىپ، بىر پۇتىنىڭ ئېغىنىغان تۆگىنىڭ ئاستىدا قالغانلىقىنى سەزدى-دە، تارتىپ چىقىرالماي كۆلۈپ تاشلىدى.

تۆگىنىڭ قولتۇقىدىن چىققاندا تۈن تەڭ بولغان ئىدى. ياتاققا كىرىش ئۈچۈن يەنە شۇ دېرىزىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. مۇرات پۇتىنىڭ ئۈچىدا دەس-



سەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، ئىختىيارسىز ۋارقىرىۋېتىشكە تاس قالدى. تو ۋا! شۇنچە ئادەملەر كۆرمەپتۇ. نانلار تامنىڭ ئۈستىدە ئۆزى قويغان پېتى تۇراتتى. نانلارنى بىردىن، بىردىن قويغىنىغا سىلىۋېتىپ ھەيران قالدى، چۈنكى ھەممە ناندا بىردىن يوغان چىشلەنگەن يەر تۇراتتى، ئۇ شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ قانچىلىك ئىچىرقاپ كەتكەنلىكىنى بىلدى. بايىقى خەتەرلىك پەيتتە نانلارنى شۇنچە تېز ئېلىۋېتىپ، ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ھەممىسىنى بىردىن چىشلىۋېلىشقا ئۈلگۈرگەنكەن.

8

دېڭىزغا چۆكۈپ كېتىۋېتىپ ئاخىرقى نەپەسلىرى قالغاندا تۇيۇقسىز بىرەر تاختايغا ئېسىلىۋالغان كىشى قىرغاقنىڭ قانچە يىراق، سۇنىڭ چەكسىز ۋە قانچە چوڭقۇر بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر چوقۇم يەنە ياشاش ئىشەنچىگە ئىگە بولىدۇ. مۇراتمۇ ئۆزىنى يۇتۇپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان دولقۇنلۇق ھايات دېڭىزىدا بۈگۈن مەزمۇت بىر تاختايغا - كۆتۈلمىگەن بىر قابىل ھىماتچىغا ئىگە بولدى.

كۈن ئولتۇراي دېگەن مەزگىل ئىدى. كۆزگى بۇغداي قوشلىقىدىن قايتىپ، يوغان كەتمىنىنى مۈرىسىگە تاشلاپ ناھىيە بازىرىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان مۇرات ج.خ ئىدارىسىنىڭ ئالدىدا بىر كىشىنىڭ خېلىدىن بېرى ساقلاۋاتقان قىياپەتتە ئۆزىگە قاراپ تۇرغانلىقىنى يىراقتىنلا كۆرۈپ قالدى. بۇ كىشى بىر سۆزلۈكلۈكى، كەسكىنلىكى ۋە ھالاللىقى، خىزمەتتىكى ئادىللىقى بىلەن ناھىيە ھەتتا ۋىلايەتتىمۇ ئابروي قازانغان ج.خ ئىدارىسىنىڭ ئۇزۇن يىللىق باشلىقى جالال شىرىپ ئىدى. ئېگىز بويلۇق، كەڭ يەلكىلىك، ئەللىك ياشلارغا كىرىپ قالغان ۋە يۈزىنىڭ ئىنچىكە قىزىل تومۇرلىرى ۋىلىداپ تۇرىدىغان، قىياپىتى سۈرلۈك بۇ كىشى دائىملىق پۇقراچە كىيىمى بىلەن بازار ئىچىدىن سەل ئېگىلىشپىرەك ئاستا مېڭىپ ئۆتكەندە خەلقلەر ھەتتا كادىرلارمۇ جىم بولۇشۇپ، ئۇنى ھۆرمەتلەپ ۋە ئۇنىڭدىن ئەيمىنىپ پىچىرلىشىپ سۆزلىشكىنىچە چەتكە چىقىپ يول بېرىشەتتى. سوت ئۇستىدىكى ھەرقانداق ئەيىبكارمۇ مۇشۇ ئادەم مۇۋاپىق ھېسابلىغان ئۆز ھۆكۈمنامىلىرىگە سۆزسىز قايىل بولۇشاتتى.

بۇ ئادەمنىڭ مەندە بىرەر ئىشى بارمىكىنە؟ بىرەرسى چېقىپ قويدىمۇ يە؟... يېقىنلىغانسېرى مۇرات ھودۇقۇشقا باشلىدى. لېكىن، ئۇ كىشى مۇراتتىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇرماقتا ئىدى. مۇرات ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە يەڭگىل بىر سالام قىلىپلا ئۆتۈپ كەتمەكچى بولۇۋىدى، جالال شىرىپ چاقىرىپ توختىتىۋالدى.

— ئۇكام، توختىڭا.

مۇرات ئەجەبلىنىپ تۇرۇپ قالدى. جالال شىرىپ باشقىچە بىر يۇمشاق نەزەر بىلە-

لەن باش - ئايىغىغا زەڭ سىلىشقا باشلىغان مۇرات ھازىر يۈزلىرىنى ساقال - بۇرۇت باسقان 20 ياشلاردىكى ئۇنلىرى غاراڭ - غۇرۇڭ تەمبەل يىگىت ئىدى. ئۇ بېشىنى يېگىلا قىرىپ چۈشۈرگەن بولۇپ، چىرايلىق قىستۇرۇپ كىيگەن ئاپئاق شاپاق دوپپىسى ئاپتاپتا قارايغان كەڭ يۈزىگە تولىمۇ ياراشقان ئىدى. كۆكلەكسىزلا كىيىۋالغان يالاڭ چاپىنىنىڭ پەشلىرىنى تۈگمىلىمەي ئۈچىدىن چىگىۋالغان بولۇپ، كەچىنىڭ سالقىن شامىلىغا تۇتقان كەڭ، ئوچۇق مەيدىسى مىس لىگەندەك پارقىراپ تۇراتتى. تىزلىرىغىچە تۇرۇلگەن كاجى شىمى نەچچە يەردىن سۆزۈلگەن. يالاڭ ئاياغلىرى يېرىلىپ، قوۋزاقلىشىپ كەتكەنىدى.

— ئىسمىڭىز مۇراتقۇ دەيمەن؟

— ھەئە.

— ئەتىسگەن ئۆتۈپ كەتكىنىڭىزنى كۆرگەنتىم، خېلىدىن بېرى مۇشۇ يەردە ساقلىدىم. ئەگەر ھازىر زۆرۈر ئىشىڭىز بولمىسا، سىز بىلەن ئۆيدە ئازراق پاراڭلاشقۇم بار ئىدى.

— ئۆيدە؟!

مۇرات ج . خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بىلەن بولىدىغان «پاراڭ» نىڭ ئۇنىڭ سوراقخانىسىدا بولماي، ئۆيدە بولىدىغانلىقىغا ھەيران قالدى. بۇنى جالال شېرىپمۇ شۇئان سەزدى - دە:

— ھەئە، ئۆيدە. بىزنىڭ ئۆيدە، — دېدى كۈلۈمسىرەپ.

— بەك زۆرۈر ئىشىمغۇ يوقتى.

— ئۇنداق بولسا جۈرۈڭ، — مۇراتقا تېخىچە قىزىقىش بىلەن قاراۋاتقان جالال شېرىپ ئۇنىڭ يەلكىلىرىنى قاماللاپ سىلكىپ قويدى، — قاراڭ، تازا تۇغمادېھقانغا ئوخشاپسىز.

ئۇلار دەرۋازىغا ئۇدۇل سېلىنغان بالىخانىلىق بىنادىن ئايلىنىپ ئۆتۈشىگە ئارقا تەرەپتىكى سېپىلدەك ئېگىز ۋە قېلىن تۇرمە تېمى كۆرۈندى. تامنىڭ ئۈستىدە بىر ئەسكەر بەتلەكلىك قورالنى تەييار تۇتقىنىچە ئايلىنىپ يۈرەتتى.

— كىرىڭ. بىزنىڭ ئۆي مۇشۇ، - دېدى جالال شېرىپ قوش قاناتلىق قورۇ دەرۋازىسىنى كۆرسىتىپ.

— ئۆزلىرى باشلاپ بەرسىلە، — دېدى مۇرات ھويلىدىن ئايال كىشىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ دەرھال چاپىنىنىڭ پەشلىرىنى يېشىپ يۆگەنگەن ھالدا.

ھويلىدىكى ئۈزۈم تېلى ۋە كاۋا پىلەكلىرى ئارىلىشىپ قاراڭغۇلاشقان باراڭ ئاستىدىن ئۆتۈۋاتقاندا 45 ياشلاردىكى ئاق - سۈزۈك لېكىن ھازىرلا قازان بېشىدىن كەلگەچكىمۇ سەل قىزارغان بىر ئايال ئاشخانىدىن چىقىپ مۇرات بىلەن سالاملاشتى.

— كىلىڭ ئۇكام، كىلىڭ، قېنى مېھمانخانىغا.

جالال شېرىپ مۇراتنى مېھمانخانىدىكى ئازادە كارىۋاتقا باشلىغاندىن كېيىن، ئۇ ھازىرلا ئۆشنىسىدىن ئېلىپ قويغان كەتمەننى قولىغا ئالدى. شاپتۇل ياغىچىدا قىرىپ، دىستىلەنگەن ۋە قۇلاقلىرىغا تۈچ قويۇلغان كەتمەن ۋالىلداپ تۇراتتى.

— ۋاھ، نېمانچە ئېغىر، يوغان كەتمەن بۇ؟ بىزنىڭ پەتنۇستەكلا بار ئىكەنغۇ؟— دېدى جالال شېرىپ كەتمەننى دەڭسەپ كۆرۈپ.

— ئاپلا! —دېدى مۇرات خىجىللىقتىن يۈزلىرىنى سىلاپ، مۇشۇ ئۆيگىچە كۆتۈرۈپ كىردىممۇ بۇنى؟!

www.uyghurkitap.com

— ھېچقىسى يوق، سارايدا ساقلىغۇدەك كەتمەنكەن. نەچچە پۇلغا ئالدىڭىز؟
— بىر چارەك بۇغدايغا.
— ئىككى كەتمەننىڭ پۇلغا ئاپىسىزمۇ قانداق؟
— ئۆزىمۇ ئىككى كەتمەندەك تۇرامدۇ؟ ... — مۇرات تۇيۇقسىز كەلگەن جۇرئەت بىلەن قىلغان بۇ چاقچىقىغا ئۆزىمۇ بېشىنى كەينىگە تاشلىغىنىچە كۈلۈپ كەتتى. جالال شېرىپ بۇ بالىنىڭ ئوتتەك يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن، كۆزلىرى ئارقىلىق قەلبىدىن يەنە يېڭى بىر نەرسە بايقىغاندەك ئۇنىڭغا تىخىمۇ زوقلىنىپ قاراپ قالدى. مۇراتمۇ ئۆزى سۇ تۇتۇپ يۈرگەن بوران ئارىلاش يامغۇرلۇق كېچىلەرنى، ئېتىزدىن ئېتىزغا داۋالغۇپ، شالاپلاپ ئۇچۇپ ئۆتكەن دولقۇنلارنى، سۇ گۈپۈلدەپ يار ئېلىپ ماڭغاندا مۇشۇ كەتمەننى تىنماستىن سائەتلەپ چېپىپ، بولالمىغاندا سۇنىڭ ئىچىگە يېقىلىپ قالغانلىرىنى ئەسلىدى بولغاي، چىرايىدىن كۈلكە قېچىپ، خىيالچانراق بولۇپ قالدى. ئاندىن:
— ئەترەتنىڭ سۈيىنى تۇتىمەن، مۇشۇنداقراق كەتمەن بولمىسا سۇنى باشقۇرغىلى بولمايدىكەن، - دېدى.
كەتمەن تېخىچە جالال شېرىپنىڭ قولىدا تۇراتتى. ئۇ گويا كەتمەننى چېپىۋاتقاندەك ئۆيىنىڭ تاپىسىغا دەملەپ كۆردى.
— قالتىس چېپىشلىق كەتمەنكەن.
— سىلىمۇ كەتمەن چېپىپ باققانمۇ؟
شۇئان قۇلاقلىرىغىچە قىزارغان جالال شېرىپ مۇراتقا لاپپىدە قارىدى ۋە ئۇنىڭ گېپىنى كۆچۈرۈپ تەكرارلىدى:
— سىلىمۇ كەتمەن چېپىپ باققانمۇ دەڭ ... مەنمۇ دېھقان بالىسى، ئۇكام. چېپىپ باققان، ئوتتۇز يېشىمغىچە، خىزمەتكە قاتناشقانغىچە تازا چاپقان، مۆرىتى كەلسە ھازىرمۇ چاپىمەن.
مۇرات قاملاشمىغانلا بىر گەپنى سوراپ قويغانلىقىنى ھېس قىلىپ بۇژژىدە تەرلەپ كەتتى.
ئۇنىڭغىچە ھېلىقى ئايال بىر پەتنۇستا نان ۋە چاي ئېلىپ كىردى.
— تاماق پىشقىچە چاي ئىچىپ تۇرۇڭ، ئۇكام.
— ئالدىدا بىر تەخسە سەي بەرمەمسلە؟ - دېدى جالال شېرىپ ئايالىغا.
ئۆزى ياقتۇرمايدىغان بىر ئىشتىن گۇمانلانغان ئايال ئېرىدىگە يەر ئاستىدىن قاراپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ ھايال ئۆتمەي يوغان تەخسىدە گۆشلۈك سەي كىردى.
مۇرات ھاراق دەپ ئاڭلىغان، باشقىلارنىڭ ھاراق ھەققىدە قىلىشقان پاراڭلىرىنى ئاڭلاپ بىر ئىچىپ بېقىشنى ئارزۇ قىلغان بولسىمۇ ھېلىغىچە بىر يۇتۇممۇ ئىچىپ باقمىغانىدى، ئۇ بۇ ئۆيگە قانداق سەۋەب بىلەن كىرىپ قالغانلىقىنىڭ ۋە ئۆزىگە سىرلىق تۇيۇلۇۋاتقان بۇ مۇئامىلىلەرنىڭ دېلىغۇللۇقىدا تۇرغاندا جالال شېرىپ ئەينەكلىك ئىشكاپىدىن بىر بوتۇلكا ھاراق بىلەن ئېگىز پايىلىك ئىككى رومكا ئېلىپ جوزىغا قويۇۋىدى، ئۇ تېخىمۇ ھاڭ - تاڭ قالدى.
— ئۇكام، سىز يالغۇز بىرلا بالىغۇ دەيمەن ، — دېدى جالال شېرىپ مۇراتنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن.

— ھەئە،
— ئاپىڭىز تۇگەپ كېتىپتىكەنمىش، شۇنداقمۇ؟
— شۇنداق.
— قاچان تۇگەپتىكەن؟
— ئىككى ياش چېغىمدا.
— ئاش - غىزانى قانداق قىلىسىلەر؟
— كىچىكىمدە ئاتام ئېتىپ بېرەتتى. ھازىر ئۆزۈم ئېتىمەن.
— بىرىڭلار بولسىمۇ ئۆيلەنسەڭلار بولمامدۇ؟
— سەي كۆكتاتقىمۇ پۇلىمىز بولمىسا.
— دارامىتىڭلار ئاشمىدىغاندۇ؟
— ئەترەت بويىچە بىزنىڭ دارامىتىمىز كۆپ. لېكىن تەقسىماتتا بىزگە ھېچنېمە بەرمەيدۇ.
— نېمىشقا؟
— ئاتامنى قالپىقى بار دەپ.
— سىزنىڭ قالپىقىڭىز يوقمۇ؟
— قالپىقىمغۇ يوق. بىراق، قالپىقى بارلاردىن ئېغىر ئىشلىتىدۇ.
جالال شېرىپ ئىختىيارسىز ھېلىقى كەتمەنگە قاراپ قويدى ۋە مۇراتقا قەغەز بىلەن تاماكا تۇتتى.
— كېلىڭ، بىر تالدىن تاماكا چېكەيلى.
— رەھمەت، چېكىپ باقمىغان.
جالال شېرىپ قاشلىرىنى لىككىدە كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭغا مەجھۇل بىر نەزەر بىلەن قاردۋالغاندىن كېيىن تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ بىر شوردۋالدى- دە، يەنە سوراشقا باشلىدى.
— قانچە قېتىم كۈرەشكە تارتىلدىڭىز؟
— خېلى كۆپ، باغلىنىپ كۈرەش قىلىنغىنىمىلا ئون قېتىمدىن ئاشىدۇ.
— گۇناھىڭىز نېمىكەن؟
— دېگۈچىلىكى يوق، ئىشقىلىپ، بىزگە ئالايدىلىك، گۆلەيدىلىك دېگەندەك گەپلەر.
— ئېغىر باغلىدىمۇ؟
ئازاب ئالامەتلىرى شۇئان مۇراتنىڭ چىرايىغا چىقتى، يۈزلىرى تىكىنلىشىپ لەۋلىرى چىشلەندى. ئۆزىمۇ سەل تولغانغاندەك قىلدى.
— قىش كۈنلىرىمۇ چاپىنىمنى سالدۇرۇپ،كۆڭلەكچان باغلىدى. بىر - ئىككى قېتىم تانىمۇ ئۈزۈلۈپ كەتتى. ئۆتكەن يىلى قىشتا ئامباردا ئىشلەۋېتىپ دالدىراق بىر يەرگە ھاجەتكە بارغانتىم. كەلسەم ھورۇنلۇق قىلىپ يىراققا كەتتىڭ، دەپ ئىشىنى توختىتىپ سايىدىلا باغلىدى. شۇ قېتىم ھەر ئىككىلا قولۇم جەينەكتىن چىقىپ كەتتى.
— كىم باغلىغان؟
— ئون قېتىمىنىڭ ھەممىسىدە شامۇت باغلىدى.
— شامۇت دېگىنىڭىز سىلەرنىڭ ئەترەت باشلىقىمۇ؟
— ھەئە.
— تاماكا چەكمەيمەن دەيسىز، شۇ كىشى سىزنى نەشە چېكىدۇ، دەيدىغۇ؟

مۇرات ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. چىرايىمۇ ئاقىرىپ ئۆزگەردى، كاللىسىدىن ئالداپ سوراق قىلىش دېگەن پىكىر كەچتى. بىراق سوراق قىلىش نىيىتى بولسا پۈتۈن ناھىيىنى ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرغان بۇ تەكەببۇر باشلىق ئۇنى خالىغان چېغىدا يالاپ ئەكەلدۈرۈپ جازا قوراللىرىنىڭ يېنىدا سوراق قىلالماسمىدى؟ تۈرمە تېمىنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىپ قىلغان يۈرەكنى ئىللىتقۇچى بۇنچە سۆزلەر، شەھەرچە تەكەللۇپلەر ۋە ھاراق، تاماقلار ئارتۇقچە ئەمەسمۇ؟ ياق ... سوراق قىلىشنىڭ بۇمۇ بىر خىل ئۇسۇلىدۇر. بەلكى، مۇشۇنداق داستىخان ئۈستىدە قىلغان بۇرۇنقى سوراقلىرىدىمۇ ئۆزى كۈتمىگەن دەرىجىدە مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن بولغىدى، ئالدىراپ ئىشەنمەسلىك كېرەك. ھەققەتەن تەجرىبىلىك سوراقچىكەن! ...

— ئۇكام مۇرات! — دېدى جالال شېرىپ ئەكسىچە ئۇنىڭدىن ئاغرىنغان ئاھاڭدا، — ئۈستىڭىزدىكى تۆھمەت يالغۇز نەشىلا ئەمەس، يەنە بار. لېكىن مەن ئىشەنمەيمەن. ئەگەر ئىشەنسەم سىز بىلەن ھازىر مۇنداق دوستلارچە ئولتۇرمىغان بولاتتىم. ئەتىگەن ئىدارىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىڭىزدا قولىڭىزدا تاماكا كۆرگەنتىم. ھازىر چەكمەيمەن دەيسىز. تاماكا چېكىش ئەيىبمۇ؟ ئەدناسى ماڭا شۇنچىلىك ئىشەنمەمسىز؟ توغرا، ئارىمىزدا قېلىن بىر توسۇق بار. جەمئىيەت سىزنى كىچىككىڭىزدىنلا مەندەكلەرگە ئىشەنمەيدىغان، ئۇلاردىن نەپرەتلىنىدىغان قىلىپ قويدى. لېكىن ماڭا ئىشىنىڭ، تۈز تاماقنىڭ ئالدىدا نامەردلىك قىلىدىغانلاردىن ئەمەسمەن. ئۆزىڭىزنى ھەققىي يىگىتتەك ئازادە تۇتۇڭ. خېلىدىن بېرى سىز بىلەن مۇشۇنداق بىر پاراڭلاشقۇم بار ئىدى. ئىككىمىز بۈگۈن تاماكا چېكىشلا ئەمەس، ھاراقمۇ ئىچىمىز تېخى!

ئۇنىڭ كۆزلىرى شۇنچىلىك غۇبارسىز، سەممىي چاقناپ تۇراتتى. ئاۋازىدا ھەرقانداق گۇمانخورنى پۇشايماندا قويغۇدەك ئادالەت، بىراۋنىڭ بەختسىز قىسمىتىگە بولغان ئېچىنىش جاراڭلايتتى. مۇراتنىڭ يۈرىكىنى قاپسىۋالغان مۇدھىش گۇمانلارمۇ ئەمدى ئىشەنچ بىلەن ئۈزلۈكسىز ئالمىشىۋاتاتتى.

— ئېلىڭە!

جامال شېرىپ ئوراپ قويغان بىر تال تاماكىنى مۇراتقا تۇتقازدى-دە، ئۆزى سەرەڭگە چاقتى. مۇرات ئوت تەرەپكە ئېڭىشكەندە، تاماكا تۇتقان قوللىرى بىرئاز تىترىدى.

— سىزنى تۇنجى قېتىم مەكتەپتىكى ھېلىقى يىغىندا كۆرگەنتىم، — دېدى جامال شېرىپ رومكىلارغا ھاراق قۇيۇۋېتىپ.

— قايسى يىغىندا كۆرگەنتىڭىز؟ — مۇرات تەئەججۈپلەندى.

— ئاتاڭنى پاش قىلساڭ قىزىل قوغدىغۇچى قىلىمىز دەپ ئاتىڭىزنىمۇ ئېلىپ كىرىپ سىزنى قىستىغان يىغىندا.

— ۋاي، سىلىمۇ بارمىدىلا ئۇ يەردە؟

— بار ئىدىم. قالتىس ئىش قىلدىڭىز، بولۇپمۇ بىزدەك ئاتابولغانلارنى بەك سۆيۈندۈردىڭىز. سىزنى شۇ چاغدىن تارتىپ ئۇنتۇيالمىدىم. كېيىن ئاڭلىسام سىزنى مەكتەپتىن قوغلاپتۇ. ئۇ چاغدا ئاغزىڭىزدىن تېخى سۈت پۇرىقى كەتمىگەن، مەڭزىلىرىڭىز ئالمىدەك شۇنداق ئوماق بالىدىڭىز. ئۇنىڭغا ناھايىتى ئۆت يىل بولدىمۇ دېمەيمەن. ماڭا ئەمدى، جۆدەپ، ساقال-بۇرۇت بېسىپ، شۇنچە ئۆزگىرىپ كېتىپسىز. ئۇچرىغان ناھەق-

چىلىقىڭىزنى ئاڭلاپ ياردەم بېرەلمىسەكمۇ ئۆيدە پات-پات گېپىڭىزنى قىلىشىپ تۇرـ
دۇق. ھە، كېلىڭە، ئالدىدا بىر-ئىككى رومكىدىن ئىچىشىپ ئاندىن پاراڭلىشايلى.

— باشلىق ...

— جالال ئاكا، دەۋېرىڭا!

— جالال ئاكا، ھازىرغىچە ھاراق ئىچىپ باقمىغانتىم.

— ئىشىنىمەن. لېكىن بۈگۈن مەن بىلەن ئىچىپ بېقىڭ، كۆڭۈل تارتقان ئۇلـ
پەت بولسا پەيزى نېمە بۇ!

ياخشى مۇئامىلىگە زارىققان مۇراتنىڭ تۇرمۇش قازانلىرىدا پىشىپ قېتىشقان ۋۇـ
جۇدىغا شۇئان توك ئېقىمىدەك بىر ئىللىق سىزىم تارىدى، چۈنكى دادا يولۇق بىر
ئادەم، ئۇنىڭ ئۈستىگە ج.خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئۆزىنى «دوست، كۆڭۈل تارتقان
ئۇلپەت» دەپ ئاتىدى، مۇرات ئارتۇق تۇزۇت قىلالماي بىرىنچى رومكىنى كۆزىنى يۇـ
مۇپ تۇرۇپ ئىچىۋەتتى. ئىچتى-يۇ، ئىچ-باغرىنىڭ ۋاژژىدە قىلىپ كۆيۈپ كەتكەنلىـ
گىنى سەزدى. بىراق ئاچچىق يۇتۇپ ئۆگەنگەچكىمۇ يۆتىلىپ، قېقىلىپ كەتمىدى.

—ھە، يەنە بىرنى، سەي، سەي بىلەن، ئەمدى كۆنۈپ قالدىڭىز ...

دېگەندەك سورۇن تەكەللۇپلىرى بىلەن مۇراتمۇ جالال شېرىپ بىلەن تەڭلا ئارقا-ئارقىـ
دىن ئۈچ رومكا ئىچىۋەتتى. ئەمدى ئۇ تەنلىرىنىڭ قىزىپ، قانلىرىنىڭ يالقۇنلىنىپ، ئىچ-
ئىچىدىن ئۇزۇندىن بۇيان بېسىلىپ قالغان بىر نەرسىنىڭ ئۆرلەپ، ئۇرغۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى
ھېس قىلدى. جالال شېرىپنىڭمۇ كۆز جىيەكلىرى قىزىرىپ سەل خۇمارلىشىپ قالدى.

— ئۇكام مۇرات، — دېدى ئۇ ھارىقى لىپىلداپ تۇرغان تۆتىنچى رومكىنى قولىغا
ئېلىپ، —سىزنىڭ سەممىڭىزگە سېلىپ قويۇشقا تېگىشلىك بىر ئىش بار، بۇ پەقەت ئىككىـ
مىزگىلا سىر بولۇپ قالسۇن. ئاتىڭىزنى ئالاھىدە مۇھەببەت بىلەن ياخشى كۆرىدىغانلىـ
قىڭىزنى چۈشىنىمەن. لېكىن بۇ سىر شۇ كىشىدىنمۇ مەخپىي بولغاي. بولمىسا مۇناسىـ
ۋىتىمىز داۋاملىشالماي قالىدۇ. چۈشەندىڭىزمۇ؟

— چۈشەندىم.

— گەپ مۇنداق: سىلەرنىڭ ئەترەت باشلىقلار شامۇت مېنى بىر نەچچە قېتىم
ئىزدەپ كېلىپ، سىزگە قالپاق كىيدۈرۈپ بېرىشىمىزنى ئىلتىماس قىلدى. سەۋەبىنى
سورىسام، ئاشۇ كەتمەننى چاپىدىغان سىزنى ئەمگەكتە ھورۇن، دەيدۇ. ئەترەتتىن ئەـ
زالارنىڭ ئەمگەك كۈنىنى خاتىرىلەيدىغان دەپتەرنى ئالغۇزۇپ كەلدىم. قارىسام يەكشەنـ
بىلەردىمۇ، ھېيت-بايراملاردىمۇ ئىشلەپسىز. لېكىن ئۇ يەنە ھېلى ئۆزىڭىز ئېيتقاندەك،
ماڭا ئالىيىدۇيەي، گۆلىيىدۇ يەي ... دېگەندەك گەپلەرنى قىلدى. ئۇنداق تۇتامغا چىقىـ
مايدىغان سەۋەبلەر بىلەن بىر كىشىگە قالپاق كىيدۈرگىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشەنـ
دۈرسەم، ئۇ سىزنى «نەشە چېكىدۇ» دەيدۇ. بىراق، پاكىتى يوقكەن. زادى بۇقانداق گەپ؟

مۇرات بىر ئۇلۇغ-كىچىك تىنىۋالغاندىن كېيىن تۆتىنچى رومكىنىمۇ كۆتۈرۈۋەتتى-دە:

— راستلا بىر نەچچە، قېتىم نەشە چەكتىم، — دېدى جالال شېرىپنى تاڭ قالدۇرۇپ، —
جالال ئاكا، ئاشۇ شامۇتنىڭ ماڭا سالغان زۇلۇملىرىنى مەن كۆتۈرمىسەم تاغمۇ كۆتۈرەلـ
مەيدۇ. شۇنىڭ سەۋەبى بىلەن ئاتا-بالا تالاي كۈنلەر ئاچ قالدۇق. باشقىلار ئەمگەكـ
تىن كەلسە ئىشىكى ئوچۇق، ئۆيى ئىسسىق، ئالدىغا تاماق كېلىدۇ. بىزگىچۇ؟ خۇيتەن

www.uyghurkitap.com

بىلەن ئىلەك-سىلەك دەسسەپ كەلسەك ئۆيىمىز تاقاقلىق، بىرىمىز ئوتقا، بىرىمىز سۇغا يۈگۈرەيمىز. بەزى كۈنلىرى سوغۇق سۇدا نان يەيمىز. نان بولمىسا ئاچ ياتىمىز. مەنغۇ مەيلى، بىچارە ئاتام ... سەكسەندىن ئاشقان بوۋاي ئەمەسمۇ؟ شامۇت ئەترەتنىڭ ئىچىدە بىر يەرلىك خاقان. گېزى كەلسە سىلىدىنىمۇ، ھاكىمدىنىمۇ چوڭ، مېنى مەيلى ئېتىزلىقتا، مەيلى سۇ ئامبىرىدا بولسۇن، خالىغاندا باغلاپ ئۇرالايدۇ، خالىغانچە تىللىيالايدۇ. بۇ ئەلەمنى باسىدىغان نېمە بار؟ ھاراق ئىچەلىشىم مۇمكىنمۇ؟ ئۇنى نەدىن، نېمىگە ئالىمەن؟ ئاخىرى تاماكىغا ئۆگەندىم. كۆپ چاغلاردا يېنىمدىن شۇمۇ ئۆكسۈپ قالىدۇ، ئاندىن باشقىلارنىڭ چېكىۋاتقان تاماكىسىغا قول سوزىمەن. دەسلەپتە بىلمەيتتىمەن. كېيىن بايقىسام بەزىلەرنىڭ قولىدىن ئېلىپ چەككىنىم نەشىكەن. نەشە چەكتىم دېسەم ئەنە شۇنداق چەكتىم. لېكىن شۇنىمۇ ئاجايىپ خورلۇق، چۈشكۈنلۈك ھېس قىلىپ چەكتىم، مېنىڭ ئۇنى ئارزۇلاپ ئىزدەپ-قوغلاپ چېكىشىم مۇمكىنمۇ جالال ئاكا؟!...

جالال شېرىپ شۇنچىلىك مۇڭلانغان ئىدىكى، مۇراتنىڭ كۆزىگە ئۇ بىردەمدىلا كىچىكلەپ، يۈزلىرىدىكى قورۇقلار كۆپىيىپ قالغاندەك بىلىندى.

— مۇنداق دەڭ، ئۇكام، — دېدى ئۇ يۈزلىرىنى بارماقلىرىنى پاتۇرۇپ تۇرۇپ سىلىغىنىچە، — كۆڭلىڭىزنى بۇ دەرىجىدە ئەمەستۇر دەپتىمەن. خەير ... ھەر ھالدا شامۇتقا باھانە تېپىپ بەرمەڭ. لېكىن ئۇنىڭ سىزگە قالپاق كىيدۈرىمەن دېگىنى ئۇخلاپ چۈشى! مەنلا بولىدىكەنمەن، بۇ مۇمكىن ئەمەس! يەنە بىرگەپ، باشقىلاردىنمۇ ئاڭلىدىم، شامۇتمۇ شۇنداقراق بىر نېمىلەر دېگەندەك قىلدى. شېئىرمۇ يازامسىز قانداق؟

— يازىمەن، خېلى كۆپ يازغانتىم. يېقىندا بەزىلەرنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرغاننى كۆرۈپ ھەممىسىنى كۆيدۈرۈۋەتتىم.

— ئاپلا! بۇنى يامان قىپسىز. بىر ئامال قىلىپ ساقلىغۇلۇقتى.

— كارايىتى چاغلىق، ئاتام بەك ئەنسىرەپ كەتكەچكە شۇنداق قىلدىم. لېكىن، لازىم بولغاندا ئەسلىيەلەيمەن.

— ھەممىسىنىمۇ؟

— ھەئە.

— كاللىڭىز ئاجايىپكەن جۇمۇ!

— ياق ئادەتتىكى بىر كاللا. مېنى تۇرمۇش ۋە سەرگۈزەشتىلىرىم شائىر قىلدى. شارائىتىم بولمىغاچقا ئەمگەك ئۈستىدە، سەپەرلەردە خىيالىمدا يېزىپ پۈتتۈرۈۋاتىمەن. كېيىن ئىمكانىيەت تاپقاندا خاتىرىگە كۆچۈرۈۋالىمەن. بۇنداق يازغان نەرسىلەر ئەستىن ئاسان كۆتۈرۈلۈپ كەتمەيدىكەن.

— ئۇنداقتا ماڭا بىر نەچچىنى ئوقۇپ بەرمەمسىز؟

مۇراتنىڭ ئاغزىغا، كۆزلىرىگە، ئىشقىلىپ پۈتۈن باش-ئايىغىغا بىر خىل زوق ۋە قىزىقىش بىلەن قاراپ قالغان جالال شېرىپنىڭ كۆزلىرىدە سادىدە بىر ئىلتىماس ھەمدە ھەر قانداق رەت قىلىشلاردىن غالىب كەلگۈچى كۈچلۈك بىر تىلەك پارلاپ تۇراتتى. ئەدەبىياتنى چۈشەنمىگەن ئادەمگە شېئىر ئوقۇپ بېرىشنى خۇددى كالىغا تەمبۇر

چىلىپ بېرىش بىلەن ئوخشاش ھېسابلايدىغان مۇراتنىڭ نېمىشقىدۇر ئالدىدىكى بۇ كىشىنىڭ دىتى چۈشىنىش ئىقتىدارى بىلەن ھېسابلاشمايلا ئۇنىڭغا شېئىرلىرىدىن بىرىنىككىنى ئوقۇپ بەرگۈسى كېلىپ قالدى. ئۇ سۇ ئامبىرىدا ئىشلەپ يۈرۈپ ئەڭ دەسلەپتە يازغان بىر شېئىرىنى يېزىۋاتقان چاغدىكىدەك ئىلھام بىلەن دولقۇنلۇق ئاھاڭدا ئوقۇشقا باشلىدى.

كۆكنىڭ ئايىغا مەپتۇن ئىكەنمەن،
داۋاسىز دەردكە مەھكۇم ئىكەنمەن.
كۆكسۈمدە يوقتۇر ئۆزگە ئارمانىم،
سۆيگۈ بەختىدىن مەھرۇم ئىكەنمەن.

بولدى يۈرىكىم نەچچە مىڭ پارە،
رەڭگى ـ رۇخسارىم ساماندىن چارە،
ئاھ ئەيلىگىلى يەتمەس مادارىم،
يارنىڭ دەردىدە مەجرۇھ ئىكەنمەن.

ياشىدىم ئوتتا بولۇپ سەمەندەر،
قانلار يىغلىدىم تۇرۇپ ھەر سەھەر،
چاقتى تېنىمنى ئانا ـــ ماكانىم،
ۋاپا يولىدا مەجنۇن ئىكەنمەن.

يارنى بىر كۆرسەم ئىدىم بەختىيار،
بولسىچۇ كاشكى مەندە ئىختىيار.
يارنى ئىزدەشكە يوقتۇر ئامالىم،
جاھىل قەپەسكە تۇتقۇن ئىكەنمەن.

مۇرات شېئىرنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن جالال شىرىپ ئاغزىنى كامىردەك ئېچىپ بىر ھازا ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ ھازىر مۇراتنىڭ شېئىرىغا ئەمەس، گويا ئۇزۇن يىللىق تۇغما گاچىنىڭ بىردىنلا ناخشا ئېيتقانلىقىغا تاڭ قالغاندى.

ـــ ئەسلىدە مۇنداق مۇراتمەن دەڭا؟ ـــ دېدى ئۇ خېلىدىن كېيىن ئېسىگە كېلىپ، ـــ ھوي ئۇكام، نەدە يۈرۈپ بۇنچە كارامەتكە يېتىشتىڭىز؟ مەن تېخى سىزنى بىر نەرسە يازىدۇ، دېسە مەشرەپنىڭ قوشاقلىرىنى تىزامدىكىن دەپتىمەن. سىزگە دەپ بېرەلمىسەممۇ شېئىرىڭىزدىن ئاجايىپ بىر نەرسىنى چۈشەندىم. تېگى ـ تېگىدىن بىزدەكلەر خىيالمۇ قىلالمايدىغان بىر ھېكمەتنى چۈشەندىم. يار دېگىنىڭىزنىمۇ، قەپەس دېگىنىڭىزنىمۇ چۈشەندىم. بىراق، ھېلىقى... ياشىدىم ئوتتا بولۇپ سەمەندەر، دېگىنىڭىزدىكى سەمەندەر دېگەن نېمە ئۇكام؟

ـــ ئاتامنىڭ دەپ بېرىشىچە، سەمەندەر ئوت ئىچىدە ياشايدىغان جانىۋارمىش.

ـــ مۇنداق دەڭ... ھەقىقىي سەمەندەركەنسىز. راستىلا ئوت ئىچىدە ياشاۋاتقان سەمەندەركەنسىز!

(ئاخىرى كېيىنكى ساندا)

مەسئۇل مۇھەررىر ئارسلان

ئەسقەر ياسىن

# شېئىرلار



ئەمدىلا 20 ياشقا كىرگەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇ-
چىسى ئەسقەر ياسىن شېئىرىيەت دۇنياسىنىڭ قاپقىسىنى
تۇغۇچ بىلەن ئېچىپ كىرىپ، كەڭ كىتابخانلارنىڭ ئېتى-
بارىغا ئىگە بىر تۈركۈم شېئىرلارنى تەقدىم قىلدى. بۇ
شېئىرلار يۇمران بولسىمۇ ئۆزگىچە جىلۋىگە، ئاچراق
بولسىمۇ ئۆزگىچە رەڭگە ئىگە بولۇپ، شېئىرخۇمار
ئادەمنىڭ دىققىتىنى قوزغىمىدى.

ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ سانىدا ئۇنىڭ بىر تۈركۈم
شېئىرلىرىنى ئېلان قىلدۇق.

## بۆشۈكنى سېغىنىش

كۆزلەردە قېتىشقان گۈلخان ئىمزاسى
تىترەڭگۈ ھاياجان ئەۋجىدىن قالغان.
ھېسلارنى چۇلغىغان تاڭ سۈكۈناتى،
سەبىيلىك نۇرلىرى دىلدا ئويىنىغان.

1

ئازغۇن قىپ ئېپ يۈرەر روھىم تىنىمىنى،
ئۇنىڭغا كەشتىلەپ قويۇلغان ھەسرەت.
بىلمەن سىڭدۈرگەن بۇلغانىنان تەنلەر،
خىزدىرلىق ئۇلۇغلۇق،
تەمكىن سالاپەت.
لەيلىگەن سىرتماقلار،
تەشۇدشلىك قاراق،
ئېپ كېلەر، كۈتمىگەن ئازابنى جەزمەن،
كۆل قىلىپ ئۇچۇرسا جىسمىمنى شامال،
كۆز يۇمدى خىزدىر، دەپ ياش تۆكەر
ۋەتەن.

2

كۈي تىرىپ سەۋرچان سۈكۈت قوينىدىن
سەبىيلىك چۈشىنى تاتلىق تامشىسام.
كىچىكلىك شادلىقى تارتماس مەيلىمنى،
بۆگۈنىنىڭ ھەسرىتى قىلار مىنى رام!

3

نۇر يېرتىپ تاشلىسا تۈنىنىڭ كۆكسىنى،
بۆشۈكلەر يەنىلا تەۋرەپ كېتەر شاد.

دۇشمەنلىك شىۋىرلاش چۆچۈتەر مېنى،
يوق مەندە باللىق،
يوق مەندە سۈبات!
ئۆچمەنلىك، ھەسەتتىن كۆل بولغان دىللار،
توزانلىق قەبرىگە كۆمۈلەر چوقۇم.
گۈل توزار....
بىلىنەر كىشىگە شۇدەم،
تەلپۈنگەن ھېسلارغا سالغاندەك زۇلۇم.

4

پاك ھېسلار،
مەڭگۈدۇر ئۇنىڭ سىرلىرى،
ئۇ قىلار ھەممىگە باللىق ئېھسان.
بۆشۈكلەر تەۋرىسە ئەللەي! ئەۋجىدە،
ئازابلار،
تەشۋىشلەر،
كۆمۈلەر شۇئان!

بار مەندە پەقەت

يوق مېنىڭدە ئەسەبىي شادلىق،
يوق مېنىڭدە زىياسىز سۈكۈت.
يوق ھېچنېمەم!
باردۇر پەقەتلا
بەك قىممەتلىك، بەك تاتلىق ئۈمىد.
ھەسرەتلىنىپ ياغقان يامغۇرغا،
نېمە دەرمەن دىل ئاۋۇندۇرۇپ.
تالاي سەھەر ئۆتتى شەپىسىز،
تال-تال نۇردىن رىۋايەت توقۇپ.
چۈش مۈگلىنىپ قالغان بۇ ئەسنا،
سۈرۈن ھايات ئىز سالار قايان؟
نۇھ قالدۇرۇپ كېتەر نېمىنى،
يەنە باسسا دۇنيانى توپان؟

كۈتكەن خىسلەت يوق مەندە ئەسلا،
يوق بەستىمنىڭ ھېچقانچە سىرى.
ئورۇن ئالغان دىلىمدىن پەقەت
كۆركەم نۇرلۇق ئۈمىدتىن بىرى!

ئېھ، قارلىغاچ!

قارلىغاچ.....
شۇقەدەر مىسكىن ۋە غېرىب،
توزۇغان پەرلىرى شامال ئەگىتىپ.
شۇ جەسەت.
توزۇغان مۇساپىر پەيلەر،
چۈشۈمگە پات-پاتلا قالار ئىلىنىپ.
گۆزەل دەپ ھەممىنى مۇندا قەد كەرگەن،
ئۇچ-ۇپ-تۇ.
ئۇچۇپتۇ،—
«ئۇخلىغىن قوزام!»
(قارلىغاچ ھەققىدە سۆزلەيتتى مومام.)
چۈشۈمدە پەر قېقىپ ئۇچاتتىم ئۆزۈم،
دەل شۇ چاغ نۇر بولۇپ كېتەتتىم تامام.
قارلىغاچ
مۇقەددەس خىيال تامدۇرۇپ،
كۆزۈڭدىن!
مۇز بولۇپ قېتىپتۇ جىسمىڭ.
سەن ئۇچۇن ياسىدىم كىچىك قەبرىگاھ،
قەبرە تاش ئۈستىگە يېزىلدى ئىسمىڭ.
ئېھ، لېكىن شائىرنى ھەسرەتكە قويۇپ،
بىللىلا كۆمۈلۈپ كەتتى قانىتىڭ.
چۈشۈمگە پات-پاتلا قالار ئىلىنىپ
شۇقەدەر ئازابلىق مىسكىن ھالىتىڭ!

ئېيتقىنا ئانا

راستىنى ئېيتقىنا ئەي، ئېزىز ئانا،
ئادەممۇ مەن ئۆزۈم، ياكى پەيغەمبەر.
ئۇچۇمەن
قاناتنى كىم بەرگەن ماڭا؟
يەپ كەبى ھال ئۆپۈق يۈتكەنگە قەدەر.
بولسامۇ شۇ سوغۇق لەۋلەردىن بىزار،
يالغاندىن سۆيۈشلەر قىلىمەن ئېھسان.
كۆزۈمنى يۇمسامىلا ئۇنتۇپ ھەممىنى،
ئاق كۆكۈل باھارنى كۆرۈمەن شۇئان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۈچۈمەن
چۈشۈشكە يوقتۇر ھېچ ئامال،
ئۈچۈمەن چارچاشتىن ئۆلگەنگە قەدەر.
چەكسىزلىك ئىچىدە قالىمەن لەيلەپ،
غېرىبلىق ئۈستۈمگە جۈت سېپىپ ئۆتەر.
ھاياتىمنىڭ سىرىنى بىلىمەن تولۇق،
مەندە بار سېھىرلىك ئۇلۇغۋار سۈپەت،
راستىنى ئېيتقىنا ئەي، ئەزىز ئانا،
مەن نېچۈن تارتىمەن ئازاب ۋە كۈلپەت؟

مۇقەددەس مۇشەققەت ۋە شېرىن خىيال
كۆرۈنمەس تېنىمنى ھەريان ئېپ كېتەر.
راستىنى ئېيتقىنا ئەي، ئەزىز ئانا،
ئادەممۇ مەن ئۆزۈم ياكى پەيغەمبەر؟!

## چۈش خاتىرىلىرى

شاد كۈلكە ئۈزۈلدى شېخىدىن غەمكىن!

1

قۇياش بوپ دومىلار بىر جۈپ چوڭ كۆزۈم،
بۇ ئەمەس دادىلىنىپ ئېيتقان ئەلۋىدا!
بۇ ئەمەس شادلىقتىن لەيلىگەن شاراب،
بۇ ئەمەس كۆيدۈرگەك مىسكىن دىلرەبا.
نېمە ئۇ؟
قۇم بىلەن ياسالغان ئازاب!
قاتمۇقات بۇلۇتلار لەيلەر ئۈستىمدە،
ئۇ گويا شوخ جانان يەلپۈتكەن ياغلىق.
ئۇ گويا قۇم بىلەن ياسىغان ئازاب،
ئۇ گويا كۆكۈلگە خۇش ئېيتقان شادلىق.
نېمە ئۇ؟
ھېچ كىشى بېرەلمەس جاۋاب!

2

ياسىدىم ساناقسىز قەغەز قېيىقچە،
باللىق پەسلىمگە تىزدىم رەتمۇ رەت.
رەھىمسىز شامالغا دېدىم يالۋۇرۇپ:
رەھىم قىل! قېيىقنى قالدۇرغىن پەقەت.
لېكىن ئۇ ھەممىنى كەتتى ئۇچۇرۇپ،
ھەۋەسلىك بېقىشتا بىر جۈپ چوڭ كۆزۈم،
يېپىنچا قىلار ئۇ، كۆركەم خىيالنى
ئۇپۇق يول،
ئېنىقسىز،
مەن ئۇندا چوقۇم
قالدۇرۇپ كېتەرمەن غەمكىن مىسالنى.
ئۇ بولار ئەۋلادقا غەلىتە ئۇدۇم،
كىم ئۆتەر شۇ يولدىن بېشىمنى سىلاپ،
ئەۋلىيا،
پەيغەمبەر،
ياكى پەرىشتە.
يۈرەرمەن كىملەرگە كەچمىشنى سۆزلەپ،
نېمە بار كۆزۈمگە، رەڭدار ئەرشتە،
يىگانە يەر شارى قالسا چۆلدەرەپ.

3

بەستىمنى تاراشلاپ ئۆتەر چۈشلىرىم،
تىتىرىگەن قولىرى ئازابقا شاھىت.
ئۇ يېزىپ قالدۇرار ئۇشبۇ سۆزلەرنى:
«ئۇ بۇندا يىگانە ئۆتكەن بىر زاھىت،
ئۇ چەيلەپ تاشلىغان چوڭ-چوڭ كۆزلەر-
نى...»

4

شاد كۈلكە
ۋە ھەسرەت ئۇنتۇلغان تامام،
قولۇمدا ئۈزۈلگەن گۈللەر بىر تۇتام....

## كەيپىلىك

كىم يىغلىدى؟!
سەنمۇ ياكى مەن.
دىلىڭ ياكى دىلىم ئۆرتەنگەن؟
قانداق كۆمدۈڭ نەگە؟
ئېيت ماڭا،

سۆيگۈمىزنى،
تاپايلى بۇ دەم.
بىر ماڭىلا تۆكمەكچىدىڭ نۇر،
كەيىپ بولۇپ ئۇنتۇدۇڭ تامام.
نۇرنى تېخى كۆرگۈنۈمىمۇ يوق،
مەن تۇرۇمەن سۇنۇپ ساڭا جام!
يىغلاش، كۈلۈش بەرىبىر ماڭا،
تۈزدى دىلدىن مەسۇم ھاياجان.
لېكىن كەيىپ بولغان چېغىمىز
خەيرلىشىش ئاساندۇر، ئاسان!

## روھىم جاۋۇسى

تېمىپ ئۆتىدۇ سەرسان ئالتۇن تار،
ئۆكسۈگەن كۈيلەرنى ھەسرەتكە چىلاپ،
شۇقەدەر سۆيۈملۈك يۇلتۇزلۇق كېچە،
ئۆكسۈگەن كۈيلەردىن كۈتمەسمەن جاۋاب.
قاچاندۇر كۆمۈلدۈم كۈي بوپ دالىغا،
ئۆزۈمنى كۈيلەرگە تېگىشتىم شۇندا.
مەن ئەمدى ئۆلمەيمەن، دېدىم شىۋىرلاپ،
ئەزرائىل ئەجەلدىن بەرگەندە سوۋغا.
شۇ ئەخمەق ھاياجان، تىلسىز ئارزۇلار
مېڭىشتى ھاسىسى سۇنغانغا قەدەر،
قاچاندۇر كۆمۈلدۈم كۈي بوپ دالىغا،
ئەزرائىل «سوۋغا» دەپ بەرگەندە ئەجەل.

## قارىمايمەن گۈل بەرگىگە

قارىمايمەن گۈل بەرگىگە قايتا رەت،
ئۇندىن ئالغان تۇيغۇلىرىم كۆۋەجەر.
پۇچۇلانغان باغرى لەختە قان ئۇنىڭ،
تىترەش بىلەن نېمىگىدۇر ئىنتىلەر.
زامانلارنى سۆرەپ يۈرەر خىيالى،
كۆز يېشىغا ئازابىنى ئورايدۇ.
قارىمايمەن گۈل بەرگىگە قايتا رەت،
لېكىن زارلاپ يوللىرىمنى تورايدۇ.
تېنىم بىلمەس كېپىنەكلەر ئەگمىدۇ،
گۈل لېۋىنى قاناتلىرى غىلىلداپ.
بۇ ھەم، ئۇنىڭ ئەڭ ئاداققى دەملىرى،
ئۆمۈر شامى تۇرار مىسكىن پىلىلداپ.
قارىمايمەن گۈل بەرگىگە قايتا رەت،
ۋە قاراشقا مەندە تاقەت - چىدام يوق،
بىراق،
تـوزغان پۇرىقى يوق دەستە گۈل،
دېرىزەمنىڭ تەكچىسىگە قويۇقلۇق.

## كېچە لىرىكىسى

تاتلىق سۆيۈشلەر،
نازلىق قۇچاقلاش
مانانلىق چۈش بىلەن پۈركەلدى ئەپسۇس،
بەك يىراق مەنزىلدىن قايرىلىپ باقسام،
ئاڭلاندى شاد كۈلكەڭ قۇلىقىمغا سۇس.
«كەل يەنە»
ئاۋازىڭ ئالتۇن قوڭغۇراق،
شارابلار كەيپىدە كەپ قالارمەن مەست.
ساراڭلىق سوۋغىسى بەردىڭ تۈنجى رەت،
شۇ سوۋغا،
بەك نەپىس،
تەنـھا مۇقەددەس.
قار ئاستا مەڭزىڭگە ئۆرۈلگىنىدا،
ئەندىكىپ،
قايرىلىپ باقتىڭ سەن ماڭا.
ئەيىبلەپ كەتتىم بەس، قارنى لەنەتلەپ،
سېنى قار سۆيۈپلا قاچقاندەك گويا.
جۇپ مەڭزىڭ تاڭ كەبى قىزارغان شۇنچە،
كۈي كۆزۈڭ، چۆكتۈرەر ھەممىنى تىرەن.
باغرىمدىن يۇلقۇنما، ئامرىقىم، ئەبەت،
شاد ياشا
ۋە بولغىن مەڭگۈگە ئېسەن.

## تۇمانلىق كېچە

1

يۇلتۇز خىرە.
كۆرۈنمەيدۇ تولۇن ئاي،

ھەسرەت بىلەن تىن ئالدۇ بۇك ئورمان.
قانات يايغان ھەر تەرەپكە پەر قېقىپ
قاياقتىندۇ ئۇچۇپ كەلگەن ئاق مانان.
چۆچەك ئېيتار،
موماm قەدىم قەددـمـىن،
ئولتۇرىمەن مۇڭغا چۆكۈپ خىيالچان!...

2

نـېچۈن يـۇلتۇز كۆلكىسى يوق بۇ كېچە،
موما، ئېيتقىن،
ئاي مۆكۈنگەن قاياقتا؟
ئۆمتۇلىدۇ نېچۈن مېنىڭ چۈشلىرىم،
قەدىم يولدا تېكىرقىغان ساياقتا؟
ئارزۇم بېلىق،
بېلىقچىمەن ئۇزاقتىن،
يەلكەن يۈرمەس، كۈچۈم يەتمەس پالاقتا!
سۆزلەڭ موما، گۈل توزۇيدۇ نېمىشقا؟
شامال سوققان،
نېمە ئىكەن گۇناھى؟
ھەسرىتىڭىز تىڭلىنىدۇ ھەر كېچە،
ئاڭلىنىدۇ، ئېسەدەشلەر ۋە گاھى؟
.......
موماm سۆيدى پېشانەمگە بەك ئىللىق،
قاتتى يۈرەك ئۇرۇشۇمدا نىگاھى.

3

سۆزلىمەيمەن،
سۆزلەتكۈزمە كۆز نۇرۇم،
ھايات سىنى قايناملارغا ئاتىدۇ.
يەلكىنىڭنى سۇندۇرىدۇ بورانلار،
ھەسرەت بىلەن بېلىق قوشاق قاتىدۇ.
ئاشۇ مىنۇت تىترەپ تۇرغان يۈرەكتىن،
بىلسەڭ ئوغلۇم،
ياش ئەمەس، قان ئاقىدۇ.
موماm ھەمكىن مانانلارنى توزۇتتى،
ئۇپۇق بويلاپ ئۇچتى ئۇزاق خىيالى.
سەبىي ھېسىم تېكىرقىدى قاناتسىز
داللاردا ئويناپ ئازغان مىسالى.
يۇلتۇزلارنى مانان سۆيگەن بۇ كېچە،
تىترەپ ئۆتتى يۈرىكىمنىڭ زىل تارى!

## تۇغۇلغان كۈنۈم خاتىرىسى

1

كۆك سەتھى قىستۇرۇپ ئالغاندا ھىلال،
جىجىدىم ئاق قارغا گۈللەر كەشتىلەپ.
دېرىزەم ئېچىلغان چىغىرىيول تامان،
ئاز ئۆتمەي كېلىسەن مۇندا پەتلەپ.

2

شادلىنىپ،
كۆي كۈيلەپ ئۆتسەم بۇ كېچە،
چۈشۈڭگە كىرەرمەن كۈلۈپ ئېھتىمال.
ئەزىزىم، تىڭشىغىن،
تىڭلا، بىر پەسكە،
ھەممىنى بىر-بىرلەپ سۆزلىسۇن شامال.
سەن سىلكىپ قالغاندا كەچتە قول ياغلىق،
ئارقامغا بۇرۇلۇپ تاشلىسام نەزەر؛
توزۇپتۇ شەپقەتسىز يىگىرمە ياپراق،
رەڭلىرى گىردىمسەن، سۆرۈن شۇ قەدەر!
بوز دالا شادلىنىپ سۆزلەيدۇ ماڭا،
باللىق چۈشۈمدىن سۇنۇشۇپ سوۋغا.
دىلبىرىم، ئىزدىمە ئالەمدىن ئېسىل
زىل كۆلكەڭ ئەڭ ئېسىل سوۋغىدۇر ماڭا.

3

كۆك سەتھى قوندۇرۇپ ئالغاندا ھىلال،
تىۋشىسىز تۆكۈلدى يىگىرمە ياپراق.
دېرىزەم ئېچىلغان چىغىرىيول تامان،
دىلبىرىم،
كەل بۇيان ياندۇرۇپ چىراغ!

### شائىر كۆلكىسى

كۆلۈش! ئېھ، سەن سۆيۈملۈك كۆلۈش،
ھەسرەتلىك شائىرنىڭ كۆتمەكتە سېنى.
شادلىنىپ قالماقچى دۇنيادا بىر پەس،
كۆلكىگە تېگىشىپ ھەممە - ھەممىنى.

سەن كەلسەڭ پەرلىك سۆلكىتىڭ بىلەن،
نۇرلىرىڭ دىللارنى يورۇتسا دەھشەت.
چۆچۈشتىن سىلكىنسە ئەركىن ھاياجان،
لەۋلەردە ئويىنىساڭ بىردەملا پەقەت.

كۆلۈش!
ئېھ، سەن سۆيۈملۈك كۆلۈش،
دىۋانە شائىرنىڭ كۆتمەكتە سېنى.
تېپىلسا قەيەردىن زەررە سۇنۇقلىك،
ئاۋامغا بەرمەكچى ھەممە - ھەممىنى.

كۆلۈش!
ئېھ، سەن سۆيۈملۈك كۆلۈش،
كۆلۈشتۇر، بىردەملىك شائىر ئارمىنى.
لېكىن بىلمەيسەن، يەنىلا ھەسرەت
كۆكۈلچەك شائىرغا مۇندا قالغىنى...

مۇختەر مەخسۇت

## ياشلىق ۋە سۆيگۈ

### ئۆتتۈز ئىككى يېشىم

تۇسۇن ئاتىنىڭ تۇياقلىرىدا
تاشلاردىن ئوت چاقناتقان يېشىم.
چايكىلارنىڭ قاناتلىرىدا
ئاپئاق بوزغۇن چاچراتقان يېشىم.

چىنتۆمۈر ھەم سادىر پالۋاننىڭ
نەپەسلىرى قوشۇلغان يېشىم.
قوشاقلىرى قىيا يۈزىگە
كۆمۈش تەردە توقۇلغان يېشىم.

يول - يوللارغا ياققان گۇلخىنىم
ئۆچكىنى يوق، ئەمدى ئۇ قوقاس.
بۇركۇتلىرىم يۈرەر قىيغىتىپ،
تاڭدىكىدەك سالمايدۇ قىقاس.

ئىگىلىپتۇ ئۆمۈر شاخلىرىم
يۇلتۇزلارنى ئېسىپ بويىنىغا.
زەر يالىغان ياپراقلىرىمنى
يىرتۇۋېتىپ چىللار قوينىغا.

يوللىرىمغا باقسام قايرىلىپ،
تالاي چۈشۈم ياتىدۇ ئۆلۈك.
سۇۋغا قىلىپ كەشتىلىرىنى،
ئۇ دوقمۇشتا كۆتەر ئۆمۈچۈك.

ئەنە، ياز ھەم كۈز ئارىسىدا
ئاقۇش مادان ياتار يېيىلىپ.
قېچىپ كېتەر يېڭى چۈشلىرىم
ئويىنغىلى تېخى سۆت ئېمىپ......

### چۈشلىرىم

ئاسان قىلدىڭ قىيىننى،
قىيىن قىلدىڭ ئاساننى،
چاقىرغاندا نىگارنى
چىقارمىدىڭ زۇۋاننى.
بوغۇلدۇم ئاھ، بوغۇلدۇم،
بۇلبۇل بولۇپ تۇغۇلدۇم.

ئىچەلمىدىم قول يەتمەي،
ياردىم سۇنغان چايىنى مەن،
ئۇكىدا يېتىپ ئۇزۇپلا،
ياستۇق قىلدىم ئايىنى مەن.
ئاي ئىچىدە ئويغاندىم،
يار قويىنىدا تولغاندىم.

جۇل - جۇل قالدىم تويدا مەن،
كۆزلەر مېنى يەپ كەتتى.
شايى تونغا پۈركەندىم،
تاپىنىمدىن ئوت كەتتى.
ئوت ئىچىدە ئۆلمىدىم،
بار- وقۇمنى بىلمىدىم.

ئەي چۈشلىرىم، چۈشلىرىم،
يالغانمۇسەن، راستمۇسەن.
گاھ يىغلىتىپ، كۈلدۈرۈپ،
تىرىك دارغا ئاسما سەن.
ياشلىقتا سەن جور ماڭا،
قاقشاتسامۇ ھۆر ماڭا.

## ئۆكۈنۈش تىنىقلىرى

1

چىللىمىغىن ئۇچقۇر شامالنى،
دەرىزەڭدىن سىلكىتىپ رومال.
ئۈشتەك چېلىپ چاقىرىپ سېنى،
ساڭا كۆپتىن قىلدى ئۇ ئۇۋال.

ئەگىپ يۈردى ئورمانلىرىڭنى،
چىرايىڭنى ئېلىپ دالىغا.
يەلپۈتسە ئۇ شايى پەردەڭنى،
يۈگۈرۈپ چىقتىڭ تالاي ئالدىغا.

ناخشىسىنى ئېسىپ لەمپەڭگە،
خىيالىڭنى قىلدى ئۇ قامال.
روجىكىڭنى ئەتكىن گۈگۈمدا،
ئەقىدەڭگە باشلار ئۇ زاۋال.

ئىشەنمىگىن نالەشلىرىگە،
كۆز يېشى يوق يىغلايدۇ شامال.
دولقۇنلارنىڭ يۇمران كۆكسىنى
كېتىۋېتىپ ئوينايدۇ شامال.

2

خىيالىمنىڭ مىسكىن چۆلىگە
يامغۇر تۆكۈپ ئۆتتى بولۇتۇڭ.
ھەسرىتىمنىڭ شامالىرىغا
قانات بەردى سوۋۇغان ئوتۇڭ.

پىنھان كىرىپ ئاراشلىرىدىن
باغلىرىڭدىن ئىزدىدىم سېنى.
جامالىڭنى يېرىم كۆرسىتىپ،
ھىلال ئايغا ئاستىڭغۇ مېنى.

ئاھۇ بولۇپ تۇراي چوققىدا،
ئوق يا بولۇپ تەگسەڭچۇ ماڭا.
كىرىپ قالدىم ھويلاڭغا ئەمدى،
شاخلىرىڭنى ئەگسەڭچۇ ماڭا؟

3

كىرپىكىڭدىن سىرغىغان قەترە
چۆكۈپ كەتتى ئىشقىم كۆلىگە.
سۈرتكىنىمدە
كەشتە ياغلىقىڭ

يۇلتۇز قوندى چەككەن گۈلىگە.
قار ئۇچقۇنى بىرجۈپ قىزىل گۈل
ئارىسىدا قالدى ئېرىلىپ.
كىرپىكلەردە تۇراتتى بىراق
ئاپئاق ھىجران گۈلى ئېچىلىپ.

ئېلىپ كەتتى سېنى چىغىريول،
يۇتۇپ كەتتى مېنى باياۋان.
ئىزلىرىمىز يەنە شۇ جايدا
چۆچەك ئېيتىپ يىغلايدۇ ھامان.

4

تاماكامغا ياقتىڭ سەرەڭگە،
كىرپىكىڭنى سۈركەپ لېۋىمگە.
ئەتۇر چېكىپ يۇتۇۋالدىم چوغ،
ئوت تۇتاشتى قاقشال تېنىمگە.

چىرمىۋالدىم ئىستەك تولغىنىپ،
تىنىقىڭنى ئېپ قاچقىنىڭدا.
تۇتۇنلىرىم بوغدىمۇ سېنى،
ياش كۆرۈندى كۆز ئاسمىنىڭدا.

شۇندىن بېرى يوللىرىمدا مۇز،
يەر يىغلىدى جەبىرلىرىمگە.

ئۇپۇق كۆيسە قىلمەن تاۋاپ،
باش قويالماي قەبرىلىرىڭگە.

**ئابدۇللا سۇلايمان**

## تارىمدىن تامچىلار

### مېنىڭ ئىلاھىم

مۇھەببەت خۇداسىنىڭ بەندىسىمەن،
ئېتىقادىم چوڭقۇر تەھتى سىرا كەبى.
ئۇ ئەقىل، ئۇ مۆجىزە ياراتقۇچى،
ئالدىدا ئۇنىڭ مەن بىر گۆدەك - سەبىي.

ياش چېغىم بوستانىمنىڭ باغۋەنى ئۇ،
قان رەڭلىك گۇللىرىمنى ئېچىلدۇرار.
جان بېرىپ تەشنا قەلبىم يىلتىزىغا،
گۇلۇمدىن ئىپار ھىدى چېچىلدۇرار.

كىرگەندە ئورتا ياشقا قول - قانات ئۇ،
ئۇچقىلى ۋاپا، مەردلىك مەنزىلىگە.
مېنى ھەم ئاسراپ جۇدۇن زەربىسىدىن
چىقىدۇ ئېلىپ باھار مەزگىلىگە.

بېرىدۇ قېرىغاندا تەسكىن ماڭا،
ئالدۇرۇپ ساۋاق باسقان ئىزلىرىمدىن.
ئېبەرتەر سۇرىتىمنى روشەن سىزىپ،
سەپەردىن قايتقان ئوغۇل - قىزلىرىدىن.

ئۇ ئۇستاز، ئۇ قانىتىم، ئۇ سىرداشىم،
ئۇنىڭدىن ئايرىلمايمەن پەقەت - پەقەت.
دۇنيانى، بۇ ھاياتنى ئۇ كۆرسەتكەن،
شۇ بىرلا ئىلاھىم بار - چىن مۇھەببەت.

### ھايات يەكۇنى

چۇمۇلە ئۆلمەس ئىدى ئايىغىمدا،
ھەر كۇنۇم دەككە - دۇككە ئىچرە ئۆتكەن.
بىر قېتىم كۇلدۇرەلمەي بىر ئىنساننى
ئۆمرۈمنىڭ دەپتىرىنى تىترەپ پۈتكەن.

ئالمىغان قاغىش مەندىن ياكى بىراۋ،
ئۆزۈممۇ بىلمىگەچكە ئاچچىقلاشنى.
تەسەللى بەرمىگەنمەن زىنھار — زىنھار،
كۆرگەندە كۆزلەر تامان ئاققان ياشنى.

چىقسا گەر غۇر - غۇر شامال ئەرتە - ئاخشام،
بورانىنىڭ كېلىشىدىن ئەنسىرىدىم.
شىلدىرلاپ ئاقسا چەشمە ئېرىقلاردا،
كېلىدۇ تاشقىن دەھشەت توپان دېدىم.

زېمىنغا ئوت كەتمىسە دەپ ئويلىدىم،
پەژغىرىم قۇياش نۇرى چۈشسە يەرگە،
تاغلارنىڭ زور بەستىدىن ھەيران قالدىم،
چىڭقىلىپ ئەسەبلىرىم، چۆمۈپ تەرگە.

ياشلىقىم ھېسلىرىنى تۇتقۇن قىلىپ،
قەلبىمنىڭ دوقمۇشىدا تۇنجۇقتۇردى.
ئېگىمدىن، كۆز ئالدىمدىن ئۆتسە قىزلار،
ماشىنا ئادەمدەكلا قاراپ تۇردى.

ئېھتىيات ھەر ئىزىمنىڭ ساقچىسىدى،
ئېھتىيات بولغان تۇرمۇش مىزانىم ھەم.
ئېھتىيات بېشىمنىڭ گۇلتاجىسىدى،
بولغان بۇ سۆزگە ئۆمرىم يەكۇنى جەم.

قۇرت كەبىي تۈگۈلگەندە چارەك ئەسىر،
ياۋ بىلىپ ئېھتىياتنى ئېھتىياجغا؛
بىر ۋەھىي كەلدى ھايات تەگرىسىدىن،
باسقاندەك خۇددى مۆھۈر مەڭگۈ تاشقا:

«قارامىلىق قىل ئۆمرىڭگە، قارام بولغىن،
قارامىلىق سەھنىسىدۇر پۈتكۈل دۇنيا.
قارامىلىق مۇھەببەتنىڭ سۈت ئانىسى،
قارامىلىق مەھسۇلدۇر گۈل ۋە گىياھ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قارام بول، ئاقىن كىچىك ئېرىقتىمۇ
ناھايەت بىر دەريانىڭ ئۆركىشىدەك.
ماڭ ئالغا، چىقىسەن يا قۇمدىن، رۇمدىن،
تەمتىلەپ يۈرمە ئەما - كور كىشىدەك.

يىغلاشنى بىلمىگەنلەر كۈلەلمەيدۇ،
كۈلۈشنى بىلگىن شۇندا يىغلاپ تۇرۇپ.
ئالقىش ئال قانچىلاردىن شۇ تۆپەيلى،
قانۇ يۇتقۇز قانچىلارنى تىغلار ئۇرۇپ.»

بۇ ۋەھىي ئۇيغاتقاندا نوقۇپ مېنى،
ياپتىم شۇ تۇترۇقسىز كىتابىمنى.
بىلىپ چىن مەنىسىنى ئەرلىكىمنىڭ،
ياڭراتتىم كېچىككەن دىل خىتابىمنى:

ماڭىمەن بۇ ھاياتلىق سەپىرىدە
قارامىلىق بىلەن يېڭى يوللار ئېچىپ.
ئېلىپ بىر قولۇمغا ئوت، بىرىدىگە سۇ،
قويىمەن ئوت ئۈستىگە سۇنى چېچىپ.
شۇ يەڭلىغ ساقلاپ دۇنيا تەڭپۇڭلىقىن،
قوشىمەن تۆھپە زېمىن - ئادەم ئۈچۈن.
قىلىپ رەشىك ئېھتىياجغا ئېھتىياتنى،
ياشايمەن بولۇپ روھىم، تېنىم پۈتۈن.

يۈرۈشىمىز كۆرۈپ، بىراق كۆرۈشمەي ...

يالغانىدى ئۇچراشقىنى كۆزلەرنىڭ،
باغلاپ تۇرغان قەلبىمىزنى بىر رىشتە.
پىنھان كۆيۈش، ھىجرانىنى بىز يارىتىپ،
روھىمىزنى كۆرۈشتۈردۇق ئەرشتە.
بىدارلىقنىڭ تۇتقۇنىغا ئايلاندۇق،
ئالماشتۇرۇپ چۈشنى، قىلدۇق دىلنى قەيت.
بولۇپ قالدى ئىككىمىزگە يالداما
ئۇتلۇق نىگاھ تاشلاپ ئۆتكەن ئاشۇ پەيت.

شۇندىن بېرى بىز كۈن، ئايغا ئوخشىدۇق،
يۈرۈشىمىز كۆرۈپ، بىراق كۆرۈشمەي.
گويا ئۇسسۇز بېلىق بىز بۇ دەريادا،
ئۆزدۇق ۋىسال ساھىلىدا سۆيۈشمەي.

تەسكىن بەردۇق ھىجرىمىزگە ئارزۇدىن،
كۆرۈشمەستىن تارتقاچ كۆيۈك ئازابى.
قۇردۇق مانا ناتونۇش تەن، تونۇش روھ،
پاك سۆيگۈدىن ساراي، گۈزەل، ساماۋى.

بۇ سارايدا ئاتمايدۇ تاڭ، تۈن ئۇزۇن،
ئۇزۇن تۈندە ئۆزىرايدۇ چۈشىمىز.
بۇ سارايىنىڭ تەكچىسىدە يوق قەپەس،
قانات يېيىپ ئۇچىدۇ شوخ قۇشىمىز.

بۇ سارايغا مېھمان ئەمەس مۇھەببەت،
كېچە كېلىپ، كېتىدىغان سەھەردە.
بۇندا سانسىز ئادەم ئىچرە كۆزىمىز،
ئىزدىشىدۇ بىر - بىرىنى سەپەردە.

بىزگە پەقەت پىنھان كۆيۈش قىسمەتلىك،
كۆيۈش بىلەن ۋىسال قۇچۇش ئىككى ئىش.
كۆيۈكلۈكتە ئىنتىلىشچان پەسىل بىز،
ۋە كۆرۈشمەي قوغلاشقان ياز، كۈزھەم قىش.

ئىنسانلىقتىن ئالدۇق ئەڭ زور مۇكاپات،
ياراتقان دەپ سۆكۇناتلىق سۆيگۈنى.
ياشالامدۇ ھەتتا جىسمى ئۆلگۈچە،
سۆيۈپ بولۇپ ئارقىدىن چىن كۆيگىنى؟

بىز يېقىندا، بىز يىراقتا كۆيۈشۈپ،
ئىنتىلىشتىن ئۇزارتىمىز ھاياتنى.
ئەقىدىمىز ئاسمىنى ئاق ئوغۇزدەك،
ئۇندا مەڭگۈ كېرىمىز جۈپ قاناتنى.




مەرزاھىد كېرىمى

# ھەسەن-ھۈسەن پارلىغاندا!

(ھېكايە)

قانداقتۇر خىياللار بىلەن ھاياجانلانغان سۆۋەيبە بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قارىدى. رەڭگارەڭ چاقناپ تۇرغان ھەسەن-ھۈسەننى كۆرگەندە كۆز ياشلىرى چېكىتتەك خالى بار مەڭزىنى بويلاپ، تىزىق-تىزىق مەرۋايىت ئېسىلغان بويىنغا ئېقىپ چۈشتى. ئاسمان ئۇ كىيىۋالغان بەل پۈرمە كۆڭلەكتەكلا كۆك يېشىل رەڭدە ئىدى. ئۇ، يامغۇردىن كېيىنكى غۇر-غۇر شاماللىق ساپ ھاۋادىن شۇنچە ھۇزۇرلىنىپ نەپەس ئالدىكى، كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكسى دولقۇنلىنىپ كەتتى.

سۆۋەيبە ھەسەن-ھۈسەندىن كۆز ئۈزۈپ، ھويلىنىڭ ئۇڭ تەرىپىدىكى ئاشخانىدىن كەكىنى ئېلىپ چىقتى. ئاتىنىڭ يايلىدەك يېيىلىپ مۈرىسىنى قاپلاپ تۇرغان چاچلىرىنىڭ ئۇچىنى يىغىپ بوسۇغىغا قويدى-دە، كەكە بىلەن چاناپلا كەستى. غەمكىن چىرايىغا بىلىنەر-بىلىنمەس كۈلكە يۈگۈردى. سۆۋەيبە ئورنىدىن تۇرغاندا ھەسەن-ھۈسەن پايانسىز ئاسمان بوشلۇقىغا سىڭىپ كەتكەنىدى.

مالىمانچىلىق يىللاردا ئۇزۇن چاچلىرىنى تۈۋىدىنلا كېسىپ تاشلاپ داغدا قالغان سۆۋەيبە شۇندىن بۇيان ئاسماندا ھەسەن-ھۈسەن كۆرۈنسىلا چېچىنىڭ ئۇچىنى كېسىدىغان بولۇپ قالغانىدى. شۇنداق قىلىپ بۈگۈن يامغۇردىن كېيىن قىرىق بىرىنچى قېتىم چاچلىرىنىڭ ئۇچىنى كېسىپ كۆڭۈل خاھىشىنى باستى-دە، كېسىلگەن بىر تۇتام چاچنى ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۇمار شەكلىدە ياسالغان گۈللۈككە چېچىۋەتتى.

بىرىنچى قېتىم ئۇزۇن چاچلىرى قايچا بىلەن تۈۋىدىن كېسىۋېتىلگەندە، ئۇ

تېخى تويى قىلغىنىغا يېرىم يىلمۇ بولمىغان 20 ياشلىق چوكانىدى. شۇ كۈنى كەچقۇرۇن ئۆيگە كىرىپ كەلگەندە، ئۇنى شۇنچە ياخشى كۆرىدىغان ئېرى بىردىنلا جوۋىسىنى تەتۈر كىيىپ، ئوتلۇق سۆيۈشكە مۇناسىپ مەڭزىگە ئىككى تەستەك ئۇردى. تاتىرىپ قان دىدارى قالمىغان چىرايى قارىداپ، ۋۇجۇدى تىترەپ كەتتى ۋە «خېتىڭنى ئال!» دەپ ۋارقىراپ ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردى. تەقدىرنىڭ كۈتمىگەن بۇ زەربىسىدىن خۇددىنى يوقىتىپ قويغۇدەك ھالغا كەلگەن سۆۋەيبە ئاتا - ئانىسىنىڭ يېنىغا بارغاندىن كېيىنمۇ ياخشى گەپ ئاڭلىمىدى. ئاتا - ئانىسى «بەختىڭنىمۇ، گۆزەللىكىڭنىمۇ يوقىتىپسەن» دەپ قاتتىق ئاچچىقلىنىشتى. سۆۋەيبە ئاجرىشىپ كەتكەن ئېرى قاملىپ، ئۆزىگە «بۇزۇق ئۇنسۇر» دېگەن قالپاق كىيگۈزۈلگەندىن كېيىن بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشەندى. شۇندىن تارتىپ نازارەت ئاستىدىكى ھەسرەتلىك ھاياتىنى باشلىدى. ئۇ ھەر كۈنى چولپان تۇغماستا تۇرۇپ، بەلگىلەپ بېرىلگەن كوچىنى سۈپۈرەتتى، ئاھالە كومىتېتىنىڭ ئىچ - تېشىنى تازىلاپ سۇ سېپەتتى. ھېرىپ چارچىغاندا قايتىپ كېلىپ، كېسەلمەن ئانىسىغا ھەمراھ بولاتتى.

بىر كۈنى كېسەلى ئېغىرلىشىپ يېتىپ قالغان ئانىسى غەمگۈزار قىزىنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئېلىپ، كۆيۈنگەن ھالدا دېدى:

— بالام، كۆڭلۈڭنى ھەرگىز يېرىم قىلما. يەرنىڭ بېتىنى ئاچقاننىڭ بەختىنى خۇدايىم ئاچىدۇ. سېنىڭ بەختسىزلىكىڭ چاچلىرىڭنىڭ مەجبۇرىي كېسىپ تاشلىنىشى بىلەن باشلاندى. بىزدە ھەسەن - ھۈسەن كۆرۈنگەندە چاچىڭنىڭ ئۇچىنى بۇسۇغىدا قويۇپ كەسسە تېز ئۆسىدۇ، ئاۋۇيدۇ، دېگەن گەپ بار بالام. سەنمۇ ئېرىنمەي شۇنداق قىلىپ باققىن، چاچلىرىڭ ئۆسۈپ، قولدىن كەتكەن بەختىڭ يېنىپ كەلسە ئەجەب ئەمەس.

سۆۋەيبە بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئۆكسۈپ يىغلىدى. شۇنداق قىلاي جېنىم ئانا، شۇنداق قىلاي دەپ ئانىسىنى قۇچاقلاپ سۆيدى. كۆيۈمچان ئانىسىنىڭ شۇ سۆزى سۆۋەيبەنىڭ كۆڭلىگە مەھكەم ئورنىشىپ قالدى.

* *

ئۇ ھەسەن - ھۈسەننى كۆرۈپ سەككىزىنچى قېتىم چېچىنى كەسكەندە، ئاشۇ مېھرىبان ئانىسى ئالەمدىن ئۆتتى. ئون يەتتىنچى قېتىم چېچىنى كەسكەندە قېرىپ ھالىدىن كەتكەن تامچى ئاتىسىمۇ ھايات بىلەن ۋىدالاشتى. سۆۋەيبە شۇنىڭدىن كېيىن قوشنىسىنىڭ قىزىنى ھەمراھ قىلىپ ياتىدىغان بولدى.

ئۇنىڭ بىردىنبىر كۆڭۈل بەرگىنى كىتاب ئىدى. ئېھتىيات قىلىپ ساقلاپ كېلىۋاتقان ئەدەبىيات، پسىخولوگىيە، تارىخ، پېداگوگىكا، لوگىكىغا ئائىت كىتابلارنى، رومان، ھېكايىلارنى ئوقۇپ مۇھاكىمە قىلىپ، كېچىنى كۈندۈزگە، كۈندۈزنى كېچىگە ئۇلايتتى، خاتىرە يازاتتى. باشقا نەرسىدىن قورقمىسىمۇ، ئىسيانچىلارنىڭ كىرىپ كىتابلارنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ كۆيدۈرۈۋېتىشىدىن بەكمۇ قورقاتتى. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا كىتاب ۋە قەلەمنى تۇتقىنىچە ئۇخلاپ قالاتتى.

سۆۋەيبەنىڭ ئۆز ئىختىيارى بىلەن قىلىدىغان يەنە بىر مەشغۇلاتى گۈل ئۆستۈرۈش بولدى. ھويلىدىمۇ، ئۆ-

تەكچىلىرىدىمۇ، ھەتتا ئۆگىزىدىمۇ ئۇ
ئۆستۈرگەن گۈللەر خۇشپۇراق چېچىپ
تۇراتتى. ئۇنىڭغا ئىلھام بېرەتتى. زوق -
ھۇزۇر بېغىشلاپ، مىسكىن روھىنى ئۇر-
غۇتاتتى. مەجبۇردي قىلىنغان ئىش كىشىگە
خورلۇق كەلتۈرسە، ئۆز ئىختىيارى بىلەن
قىلغان ئىش راھەت بەخش ئېتىدۇ.
سۇۋەيبە قىش كۈنلىرى تىل - ھاقارەت
ئاستىدا كوچىدىكى قار - مۇزلارنى تازىلاپ
ئۆيىگە كىرگەندە، كىتابنى قولىغا ئېلىپ
تەكچىلەرگە تىزىپ قويۇلغان تەشتەكتىكى
گۈللەرگە قاراپ ھاردۇقى چىقىپ يايراپ
قالاتتى. ئۇ 19 - قېتىم چېچىنى كەسكەندە
بالايىئاپەتلىك «مەدەنىيەت زور ئىنقى-
لابى» غا مەڭگۈ خاتىمە بېرىلدى، 31-
قېتىم چېچىنى كەسكەندە بېشىدىن «بۇ-
زۇق ئۇنسۇر» دېگەن نەس قالپاق ئېلىن-
دى. خىزمىتى ئەسلىگە كېلىپ، بۇرۇن
ئۆزى ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان ئوتتۇرا مەك-
تەپتە ئىشلەشكە باشلىدى. ئەمدى ئۇنى
ئوقۇغۇچىلىرى يالغۇز قويمايدىغان بولدى.
33 - قېتىم چېچىنى كەسكەندە، ھەر جەھەت-
تىن كۆزگە كۆرۈنگەن ئەدەبىيات ئوقۇت-
قۇچىسى سۇۋەيبە خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن
پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىغا يۆتكەلدى. ئۇ-
نىڭ ئىلمىي ماقالىلىرى گېزىت - ژۇرناللاردا
ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىنىپ، جامائەت-
چىلىكنىڭ نەزەرىدىكى زىيالىيلاردىن بىرى
بولۇپ قالدى. 37 - قېتىم چېچى كېسىل-
گەندە «كىلاسسىك ئەدەبىياتتىن ھازىر-
قى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا نەزەر»
ناملىق ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى، «ئەدە-
بىيات نەزەرىيىسىنى ئوقۇتۇش مېتودى»،
«ئۆسمۈرلەر پسىخولوگىيىسى» قاتارلىق
كىتابلىرى نەشىر قىلىندى. 39 - قېتىم
چېچىنى كەسكەندە پېداگوگىكا ئىنستىتۇ-
تىنىڭ لىكتورى بولدى.

سۇۋەيبە 15 يىلنى ئەنە شۇنداق
ئۆتكۈزدى. 41 قېتىم ھەسەن - ھۈسەننى
كۆرۈپ 41 قېتىم چېچىنى كەستى.

*　　*

سۇۋەيبە گۈللەرگە قاراپ بىردەم
خىيال سۈرۈپ تۇرغاندىن كېيىن، چاچ-
لىرىنى ئويىنىغىنىچە ئۆيگە كىردى. بويى
بىلەن تەڭ كېلىدىغان تاش ئەينەك ئالدىغا
كېلىپ چىراي - تۇرقىغا قارىدى. قارا قاش-
لىرى ئەجەبلەنگەندەك كۆتۈرۈلۈپ، قىزغۇچ
مەڭزىدە بىلىنەر - بىلىنمەس زىناق پەيدا
بولدى. تۆۋەن قاپىقىنىڭ ئاستىدىكى
قورۇقلارمۇ ئازلاپ قالغاندەك كۆرۈندى.
گۈل ياپرىقىدەك نېپىز لەۋلىرى سەل
ئېچىلىپ قارا كۆزلىرى قىسىلدى. بۇنىڭ
بىلەن ھەسرەتلىك چىرايى يېقىملىق
تۈس ئالدى. ئۇ، كۆكۈچ يېشىل گىرىپ-
تىشىن كۆڭلىكىنى سىلىۋېتىپ ئەينەككە
قارىغانىدى، قاشتېشىدەك سۈزۈك
بوينى، كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكرەكلىرىگە
كۆزى چۈشۈپ ئىختىيارسىز ھالدا قول-
لىرىنى ئالماشتۇرۇپ، ئۆزىنى ئۆزى قۇچاق-
لىغاندەك بولدى. شۇنداق بىردەم تۇرغان-
دىن كېيىن، خۇددى بىر ئادەم مارىلاۋات-
قاندەك تۇيۇلۇپ، پەردىلىرى ئىككى يانغا
قايرىپ قويۇلغان دېرىزىگە، قىيا ئوچۇق
ئىشىككە قارىدى. نەدىمۇ ئادەم بولسۇن،
سۇۋەيبە ئۆزىنى ئۆزى زاڭلىق قىلغاندەك
كۈلۈمسىرىگىنىچە بۇلۇڭدىكى ئۈستى - ئۈس-
تىگە تىزىپ قويۇلغان چامىدانلارنىڭ يېنىغا
كەلدى. بىرىنى ئېچىپ، كىيىم - كېچەكلەر-
گە كۆز سالدى. نېمە ئۈچۈندۇر، قاتلاپ
قويۇلغان كىيىم - كېچەكلەرنىڭ ھېچقاي-

سىسنى كىيگۈسى كەلمىدى. ئىككىنچى چامىدانىنىمۇ ئاچتى. ئۇ كىيىمەكچى بولغان كۆڭلەك بۇنىڭدىمۇ يوق ئىدى. ئۈچىنچى چامىدانىنى ئاچتى. بەلپۇرمە، كۆكرەك پۇرمە، ئۇزۇن يەڭلىك، قىسقا يەڭلىك، تار ئېتەكلىك، كەڭ ئېتەكلىك ھەر خىل پاسونلۇقتىكى رەڭمۇرەڭ كۆڭلەكلەر تولۇپ ياتاتتى. بىر - بىرلەپ ئېلىپ، تويلۇق كۆڭلىكى قولىغا چىققاندىلا ئۇھ تارتىپ، ئۇنى باغرىغا باستى. 15 يىل بۇرۇن ئۇنىڭغا ئاق گىرىپىتشىندىن تىكىلگەن مۇشۇ كۆڭلەكنى كىيگۈزۈپ كۈيئوغۇلنىڭ ئۆيىگە ئۇزىتىشقان ئىدى. شۇ توي كېچىسى بولغان ئىشلارنى سۈۋەيبە مەڭگۈ ئۇنتۇتمايدۇ. يەڭگىلەر ئۇنى يالغۇز قالدۇرۇپ چىقىپ كېتىشى بىلەنلا يىگىت كىرگەنىدى. ئۇلار بىر - بىرىنى ئەمدىلا كۆرۈۋاتقاندەك تارتىنىشىپ ئۈن - تىنسىز ئولتۇرۇشتى. سېھىرلىك بىر تۇيغۇ ئىلكىدە ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلگەن يىگىت شىرە ئۈستىدىكى گېزەكتىن بىر پارچە ناۋاتنى ئالدى - دە، پىيالىغا سېلىپ چاي قۇيدى ۋە تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن چاينى سۈۋەيبەگە تۇتتى.

— ئىچكىم يوق، — قىزنىڭ ئاۋازى بوش چىقتى. يىگىت چاينى شىرە ئۈستىگە قويۇپ ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇردى. خۇددى قۇدۇققا چۈشۈپ كەتكەندەك يەرگە قاراپ ئولتۇرغانلىرىچە بىر - بىرىگە قاراشمىدى. بۇ ھالەتتىن سۈۋەيبەنىڭ كۈلگىسى كەلدى. لېكىن پېتىنالمىدى. ئاخىرى يىگىت قانداقتۇر بىر كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە قارا چاچلىرىنى ئويناپ ئولتۇرغان قىزنىڭ قوللىرىدىن تۇتتى، ئۆزىگە تارتىپ قۇچاقلىدى.

— ئۇنداق قىلمىڭا سادىق، — قىز تېپىرلاشقا باشلىدى. سادىق ئۇنى تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلاپ غۇنچىدەك لەۋلىرىگە سۆيدى. پۈتۈن ۋۇجۇدى ئوتتەك قىزىپ كەتكەن قىز كۆڭلىكىنى ئېرىنىڭ قانداق سالدۇرغانلىقىنى، ئۆزىنى كۆتۈرۈپ تۆشەككە قانداق ياتقۇزغانلىقىنى بىلمەي قالدى.

— سۈۋەيبە مەن سىزنى بەك ياخشى كۆرىمەن، — سادىق ئۇنى سۆيۈپ تۇرۇپ پىچىرلىدى.

سۈۋەيبە ئەتىسى بەختلىك چوكان بولۇپ قوپتى. تويلۇق كۆڭلىكىنى ساندۇققا سېلىپ قويۇپ سارجا يوپكا - كاستۇمىنى كىيدى. كېيىن ئۇ ھېچ كۆتمىگەن دەھشەتلىك ۋەقەلەر بولۇپ ئۆتتى. تويلۇق كۆڭلەكمۇ چامىدان ئىچىدە چىرايلىق قاتلاقلىق پېتى تۇرۇۋەردى...

سۈۋەيبە شۇ تويلۇق كۆڭلەكنى گۆپۈلدەپ ئۇرۇپ تۇرغان كۆكسىگە باسقىنىچە توي كېچىسىنى ئويلاپ ئولتۇرۇپ كەتتى. قارا كۆزلىرىگە تولغان ياش تاراملاپ ئېقىشقا باشلىدى.

بۇ دۇنيا — ئەر - ئاياللار دۇنياسى. ئايال يوق ئۆي ئەر ئۈچۈن قانچە كۆڭۈلسىز بولسا، ئەر يوق ئۆيمۇ ئايال ئۈچۈن شۇنچە كۆڭۈلسىز. سۈۋەيبەنىڭ ھەسرەتلىك يېشىمۇ ئاخىر توختىدى. تويلۇق كۆڭلىكىنى ئېچىپ قارىدى، كىيمىگەندەكلا يېڭى تۇرۇپتۇ. بىر يېرىدە داغمۇ يوق. ئۇ چامىدان ئىچىدىن تويلۇق كۆڭلىكى بىلەن كىيگەن نېپىز قىزغۇچ رۇباشكىسىنى تاپتى. ئۇ گويا قىزلىق ۋاقتىغا قايتقاندەك سېھىرلىك ھاياجانلىق شېرىن بىر تۇيغۇنىڭ تۈرتكى-

-سىدە تويلۇق كۆڭلىكىنىڭ، رۇباشكىسىنىڭ پۈرلەشكەن يەرلىرىگە دەزمال سالدى. ئۇ دەسلەپ رۇباشكىسىنى، كېيىن تويلۇق كۆڭلىكىنى كىيىپ ئەينەك ئالدىغا كەلدى.

ئۇ بەجايىكى توي كۈنىدىكى ساھىبجامال قىزلىق قىياپىتىنى كۆرگەندەك بولدى... بىراق قارا چاچلىرىنىڭ ئارىسىدىكى ئاق تاللار كۆزىگە تاشلانغاندا چىرايىدىن كۈلكە قېچىپ كۆزىدىن يەنە ياش قۇيۇلدى. ياق، ھەرقانچە قىلسامۇ ياشلىقىمغا قايتالمايدىكەنمەن. ئۇ قانداقىراق تۇرغاندۇ؟ چاچ-ساقاللىرىنى ئاق ئارىلىغانمىدۇ، يۈزلىرىگە قورۇق چۈشكەنمىدۇ؟ ھېلى كەلگەندە نېمە دەركىن؟ ئىلگىرىكىدەك ياخشى كۆرەرمۇ ياكى كۆڭلى سوۋۇپ قايتىپ كېتەرمۇ؟ ئاھ، رەھىمسىز تەقدىر، سۆۋەيبە چاچلىرىنى چىرايلىق قاڭشىرىنىڭ ئۇدۇلىدىن ئىككى تەرەپكە ئايرىپ كەينىگە تاشلىدى. يەنە سەل ئۇزارسا يېڭى توي قىلغان چاغدىكى بىلەن تەڭلىشىپ قالىدىكەن. لېكىن ئۇ چاغدا بىرتالمۇ ئاق يوق ئىدى، دېدى ئۆزىگە پىچىرلاپ. يەنە يۈرىكى يىڭنە سانجىلغاندەك زىڭىلداپ كەتتى. كۆز ياشلىرىنى ئالقىنى بىلەن سۈرتۈپ ئەينەكلىك ئىشكاپتىن كىمخاب تاشلىق خاتىرە دەپتەرنى ئېلىپ ئاچتى. زىچ خەت يېزىلغان ئالقانچىلىك قەغەز قولىغا چىققاندىلا ۋاراقلاشتىن توختىدى. ئۇ مۇشۇ بىر خەتنىڭ كېلىشىنى ئۇزۇن يىللار كۈتكەنىدى. سەھەردىن بېرىكى ئىشلار: يۇيۇنۇش، ھويلا-ئارامنى سۈپۈرۈش، نەرسە-كېرەكلەرنى رەتلەش، ئۇشتۇمتۇت ياغقان يامغۇردىن كېيىن ھەسەن-ھۈسەننى كۆرۈپ ئالدىراپ چاچ كېسىش، دەممۇدەم ئويلىنىش، ئەينەككە قاراش، تويلۇق كىيىمنى كېيىش، كۆز يېشى قىلىش، ھاياجانلىنىشلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ خەت تۈپەيلى بولىۋاتاتتى. سۆۋەيبە خەتنى تۈنۈگۈندىن بېرى نەچچە قېتىم ئوقۇپ چىققان بولسىمۇ، كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ خەتكە يەنە تىكىلدى:

«سۆيۈملۈك سۆۋەيبە، مېنى كەچۈرگىن، تۈرمىدىمۇ سېنى ئۇنتالمىدىم. قىزىق قانلىق قىلىپ قاتتىق ئازار بەرگەنلىكىم ھەر دائىم كۆز ئالدىمغا كەلگەندە يۈرەكلىرىم لەختە-لەختە قان بولدى. ئاقلىنىپ تۈرمىدىن چىققاندا يېنىڭغا بېرىشقا پېتىنالمىدىم. دوستۇڭ ئامىنە سەن توغرىلىق تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى. ئىلگىرى سېنى چۈشەنمەپتىكەنمەن. ئەمدى قەتئىي نىيەتكە كەلدىم. ئەتە يەكشەنبە كەچ سائەت تۆتتە ئۆلگۈرۈپ بارىمەن. ئوتتۇنۇڭنى يېرىپ، سۇيۇڭنى ئەكىرىپ بېرىمەن. سادىق»

سۆۋەيبەنىڭ كۆزلىرى يەنە ياشلاندى. ئۇ ئېرى سادىقنى نەقەدەر ياخشى كۆرەتتى-ھە! نەچچە يىلدىن بۇيان بۈگۈنكىدەك كۆپ يىغلىمىغان ئىدى. بۇ، ئىچىگە يۇتۇپ كەلگەن دەرد-ئەلەمنىڭ تۆكۈلۈشى ئىدى. ئۇ ئازاب-ئوقۇبەت، جاپا-مۇشەققەتكە بەرداشلىق بېرىپ ياشاشقا بەل باغلىغان، ھاياتنىڭ قىممىتى جاپانى يېڭىپ ئالغا ئىلگىرىلەشتە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەنىدى. ئەمما ئۇ تېخى ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلمايتتى، يالغۇز ئىدى. ئۆزى ياخشى كۆرگەن كىشىسى بىلەن بىر تەكىيىگە باش قويۇشنى، باللىق بولۇشنى خالايتتى. ئۇ مانا بۈگۈن 15 يىل بۇرۇن يىتتۇرۇپ قويغان بەختىنىڭ دېرىكىنى ئالغان تۇرسا نېمىشقا ھاياجانلانمىسۇن؟ ئاياللىق مېھرى-مۇھەببىتى نېمە ئۈچۈن كۆزلىرىدىن ئۇرغۇپ تاشمىسۇن؟

* *

سۆۋەيبە ئاخىرى يىغىدىن توختىدى. قولىدا ياپراقتەك تىترەپ تۇرغان خەتنى

www.uyghurkitap.com

خاتىرىسىنىڭ ئىچىگە سېلىپ قويۇپ سائىتىگە قارىدى. ئۇنىڭ كېلىشىگە ئىككى سائەتلا قاپتىغۇ. ئاشىنىڭ تەييارلىقىنى قىلاي دەپ ئويلىدى بىردىن جىددىيلىشىپ، ئۇ، تويلۇق كۆڭلىكىنى، رۇباشكىسىنى سېلىۋېتىپ، ئەتلەس كۆڭلىكىنى كىيىۋالدى. چۈنكى بۈگۈن ئۇنىڭ تويى بولمايتتى. تويى بولامدۇ - بولمامدۇ تېخى نامەلۇم.

سۆۋەيبە داستىخانغا قويۇلىدىغان قەنت - گېزەك، مەزەلەرنى تەق قىلىپ قويۇپ، ئاشخانىغا چىقتى. ئەتىگەندىلا ئېلىپ كەلگەن گۆشنى توغراپ، ئوتياشنى ئادالىدى. ھېلىمۇ لەغمەنگە شۇنداق ئامراقمىدۇ؟ بۇ ئوي - خىيالىدىن كېچىپ كۈلۈمسىرىدى، خېمىر يۇغۇرۇپ پىلتە قىلىشقا تۇتۇنغاندا ئىشىك قېقىلدى. يۈرىكى قاتتىق سېلىپ كەتكەن سۆۋەيبە ئىتتىك سائىتىگە قاراپ ئەمدى ئۈچ بولغانلىقىنى بىلدى. ئۇمىدۇ، باشقا بىرسىمىدۇ؟ ئۇ ئارىسالدى بولۇپ ئاشخانىدىن ھويلىغا چىققاندا، ئىشىك چىڭراق قېقىلدى. سۆۋەيبە تېز مېڭىپ بېرىپ ئىشىكنى ئېچىپلا كەينىگە داجىدى.

— ۋىيەي، كەلسىلە، — دېيەلىدى ئۇ ئارانلا.

— ھە، سۆۋەيبە خېنىم، بار ئىكەنلا، ئوبدان تۇرۇپلا، — چاچ ساقاللىرىغا ئاق كىرگەن دۇمچەكرەك بىر كىشى بوسۇغىدىن ئاتلاپلا ھويلىغا كىردى، — مېنى تونۇدىلىمۇ، بۇرۇنقى داۋۇتقا ئوخشىمايدىغان بولۇپ قاپتىمەنمۇ؟ ئۇنداق ھۈركۈپ قاچمىسىلا. مەن شۇ داۋۇتنىڭ ئۆزى. قورقمىسىلا.

— قورقمىدىم، — دېدى سۆۋەيبە دادىللىق بىلەن تىك قاراپ. ۋەھىمە، ئەيمىنىش، نەپرەت، غەزەپ قوشۇلۇپ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە كەلتۈرگەنىدى، — سىلىنىڭ كېلىشلىرى خىيالىمغىمۇ كەلمىگەن ئىكەن. مېنى ئۇنداق خېنىم دېمەي ئۆز ئىسمىمنى ئاتاپ گەپ قىلسىلا.

داۋۇت چىمەن دوپپا يېپىپ تۇرغان تاقىر بېشىنى لىڭشىتىپ، تەكلىپنى كۈتمەيلا گىلەم سېلىپ قويۇلغان پېشايۋان سۇپىسىغا كېلىپ ئولتۇردى. سۆۋەيبە بۇ چاقىرىلمىغان مېھماننى يا ئۆيگە باشلاشنى، يا كەتكۈزۈۋېتىشنى بىلەلمەي، بىردەم ئارىسالدى بولۇپ تۇرغاندىن كېيىن سۇپىنىڭ نېرىقى چېتىگە كېلىپ ئولتۇردى. ئۆيگە كىرگەن مېھماننى قانداقمۇ چىقىپ كېتىڭ دېگىلى بولىدۇ؟ سۆۋەيبە داۋۇتنىڭ نېمە مەقسەتتە كەلگەنلىكىنى پەملىيەلمىگەن بولسىمۇ ھەر ھالدا سەگەكرەك بولۇپ تۇرۇش لازىملىقىنى ھېس قىلدى.

— ھېلىمۇ بۇرۇنقى مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتامدىلا؟ — سورىدى داۋۇت چىنىدەك پاكىز ھويلا - ئارامغا كۆز يۈگۈرتۈپ.

— ياق، پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا.

— قاماقتىن يېڭى چىققان چېغىمدا ئالدىلىرىغا كېلىشكە جۈرئەت قىلالمىغان ئىدىم. ئۈچ - تۆت يىلدىن بېرى تىجارەت قىلىپ پۇل تاپتىم، ئۆي سالدىم. ئالدىلىرىغىمۇ كېلەلىگۈدەك بولدۇم. ھازىر خىزمەتتىن تامايىمۇ يوق، — داۋۇت قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئولتۇرغان سۆۋەيبەگە سىنچى كۆزلىرى بىلەن قارىدى، — ھازىر سودىگەر سىياقىدا ئالدىلىرىغا يالۋۇرۇپ كەلگەن ئادەمنىڭ ئاشۇ بىر چاغلاردا ئاتامان بولۇپ، مەكتەپنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالمىغانلا؟ ئۇ چاغدا قولۇمدا پۇل بولمىغان بىلەن تاپانچىمۇ، ھوقۇقمۇ بار ئىدى. نى - نى نوچىلارمۇ

مېنىڭ ئالدىمدا موللا مۈشۈك بولۇپ كېتەتتى. سىلىمۇ مېنىڭ سۆزۈمنى ئىلىك ئېلىپ چاچلىرىنى بىرىنچى بولۇپ كەسكەن، سېپىمىزگە قوشۇلغانتىلەر. كىتاب مەستانىسى بولغان ئەرلىرى سادىق چېچىڭنى كېسىۋەتتىڭ، دەپ سىلىنى ئۆيىدىن قوغلاپ چىقارغاندا قوغداپ قالمىغان بولسام، ئۆزلىرىنى يا سۇغا تاشلاپ ياكى بوغۇزلاپ ئۆلۈۋالغان بولاتتىلە. ھە...

گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە سۈۋەيبە چىداپ تۇرالماي ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— نېمە! سىلە مېنى قوغداپ قالغانمۇ؟ يالغان! ئازدۇرۇپ، قورقۇتۇپ، قۇندۇزدەك چاچلىرىمنى ئاتارمەن - چاپارمەنلەرگە بۇيرۇپ كەستۈرۈۋەتكەنلىكلىرى راست. ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن ئېرىمدىن ئاجرىشىپ كېتىشىمگە سەۋەبكار بولغانلىقلىرى راست. سادىقنى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىغا قارشى چىقتى دەپ قولغا ئالدۇرۇۋەتكەنلىكلىرى راست. لېكىن مېنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇۋالدىم دېگەنلىرى پۈتۈنلەي يالغان! ئۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ قالغىنىم يوق داۋۇت.

— سۈۋەيبە، ئامەت قولۇمدىن كېتىپ، مۇشۇنداق بويۇن قىسىپ ئالدىلىرىغا كەلگەن چېغىمدا، قىلغان ياخشىلىقلىرىمنى يوققا چىقىرىۋاتامدىلا - ھە! ئۇنداق قىلمىسىلا، ھازىر قولۇمدا تاپانچا، ھوقۇق بولمىغان بىلەن پۇل بار. پۇل!

— پۇللىرىڭنى چېكەڭگە تېڭىۋال. سەن زادى كىمگە ياخشىلىق قىلغان!؟— ئىشەنچ ۋە پاكلىق ئۇنىڭغا جاسارەت، كۈچ بەخش ئەتكەنىدى. ئۇ چىرايى قارا بۇلۇتتەك تۈتۈلۈپ كەتكەن داۋۇتقا مىختەك قادالدى، — سېنىڭ ماڭا تاپانچا تەڭلەپ، مەندىن ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىگەنلىكىڭ، «بۇزۇق ئۇنسۇر» دەپ قالپاق كىيگۈزۈپ خورلىغانلىقىڭ ئېسىڭدە بارمۇ؟ كىشىلەرنى ئالداپ قىلتاققا چۈشۈرگەنلىكىڭنى، بوھتان چاپلاپ زىيانكەشلىك قىلغانلىقىڭنى تىلىغا ئالماي، ئەجەب ياخشىلىقتىن گەپ ئېچىۋاتىسىنا!

داۋۇتنىڭ چىرايى قارىداپ، تەنلىرى تىكەنلىشىپ كەتتى.

— سۈۋەيبە، مېنى تىللاۋاتامسەن؟ ساڭا جان پىدا قىلىپ كەلگەن ئادەمنى ھاقارەتلەۋاتامسەن؟ — داۋۇتنىڭ ئۇمىسە ئاۋازى بوش چىقتى، — مەن ئۇ چاغدا سېنىڭ ئىرادەڭنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن تاپانچا تەڭلەپ، ئاخىر ساڭا قايىل بولغانىدىم. ساڭا يۈرەك سۆزۈمنى ئىزھار قىلىشقا ئىمكان بولمىغانىدى. مېنى ئەلەم كۆرىشى قوزغىمىغان، قان قەرزى بار دەپ قولغا ئالدى ئەمەسمۇ؟ مەن سەندىن كۆپرەك جاپا چەكتىم. سەن ئوبدان تۇرۇپسەن، چاچلىرىڭنىمۇ ئۆستۈرۈۋاپسەن، مەن تېخى ئۆزۈمگە كېلىپ بولالمىدىم. مېنى چۈشەنگىن. ئىچىڭ ئاغرىسۇن. ئامەت مەندىن يۈز ئۆرۈپ...

— سەندىن يۈز ئۆرىگىنى ئامەت ئەمەس، خەلق! — ئۇنىڭ سۆزىنى كەسكىنلىك بىلەن بۆلدى سۈۋەيبە، — سەندەك تۈزكوردىن، يۈزسىزدىن، قارا يۈرەك ئالدامچىدىن خەلق يۈز ئۆرىدى. نەزەرىدىن چۈشتىڭ. ئېيتقىنا زادى بۈگۈن نېمە مەقسەت بىلەن ئۆيۈمگە كەلدىڭ؟

داۋۇتنىڭ قورۇق باسقان يۈزىدە قىزىقىشنى ئىپادىلەيدىغان كۈلكە پەيدا بولدى.

— سۆۋەيبە خېنىم ئۆيلىرىگە كېلىشىمدە ھېچقانداق يامان مۇددىئايىم يوق. ياخشى كۆرگەنلىكىمدىن خىزمەتلىرىدە بولاي، دەپ كەلدىم.

سۆۋەيبە قاقاقلاپ كۈلدى. داۋۇت بېشىغا توقماق تەگكەندەك چۆچۈپ كەتتى.

— كەچۈرسىلە داۋۇتباي، ھەر دائىم خىزمىتىمنى قىلىشقا تەييار تۇرغان ئادەم بار.

سۆۋەيبە گەپ تۈگىدى، چىقىپ كەت دېمەكچى بولغاندەك ئورنىدىن تۇردى. داۋۇت ئىككى قولى بىلەن چېكىسىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئىچى تىتىلداپ تۇرغان سۆۋەيبە سائەتكە قارىدى. چىكىلداپ مېڭىپ تۇرغان ستېرېلكا ئۆچتىن قىرىق يەتتە مىنۇت ئۆتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى.

— گەپ تۈگىدى! — دېدى سۆۋەيبە قېقىپ قويغان قوزۇقتەك قوزغالماي ئولتۇرغان داۋۇتقا مىختەك قادىلىپ.

— قانجىق! — داۋۇت بوغۇلۇپ ۋارقىرىدى. ئۇ يەۋەتكۈدەك ئەلپازدا ئورنىدىن قوپتى. چىرايى قورقۇنچلۇق تۈس ئالدى. ئەسەبىيلىكى تۇتۇپ، يانپىشىغا ئېسىۋالغان غىلاپتىن پىچاقنى سۇغاردى. ئۇ سۆۋەيبەگە قاراپ قەدىمىنى يۆتكىشى بىلەن تەڭلا ئىشىك قېقىلدى.

— كەلگەن كىم؟ — ئىسەڭكىرەپ سورىدى داۋۇت.

سائەتنىڭ دەلمۇدەل تۆت بولغانلىقىنى كۆرگەن سۆۋەيبە ئۈنلۈك دېدى:

— سادىق!

— سادىق؟

— ھەئە! سەن بوھتان چاپلاپ قامىتىۋەتكەن سادىق.

— سۆۋەيبە، ئۆتۈنۈپ قالاي، لەۋزىمنى يەردە قويما، مېنى ئۆيۈڭگە مۆكتۈرۈپ قوي. سەن ئۇنى كەتكۈزۈۋەت. ئۇنىڭ نامى بولغان بىلەن پۇلى يوق. مەن سېنى پۇل بىلەن مۇرادىڭغا يەتكۈزىمەن. ئۇنى ئۆيۈڭگە دەسسەتكۈچى بولما! — دەپ يېلىندى داۋۇت.

— ئەبلەخ! نېمە دەۋاتىسەن؟ بۇ ئۆي سادىقنىڭ ئۆيى. سېنىڭ ھېچقانداق ھەققىڭ يوق. ماڭ، چىق! — دېدى سۆۋەيبە قاتتىق ئاۋاز بىلەن. ئۇ پىچاق كۆتۈرۈپ تۇرغان داۋۇتقا قاراپمۇ قويماي ئىشىككە قاراپ ماڭدى.

— سۆۋەيبە، ئىشىكنى ئاچما، ئۇنى كەتكۈزۈۋەت. ئەگەر ئۇنى ئۆيگە كىرگۈزىدىغان بولساڭ قارىنىڭنى يېرىۋېتىمەن! — تەھدىت سېلىپ ۋارقىرىدى داۋۇت.

— قېنى، يېنىمغا كېلىپ باققىنا، — دېدى سۆۋەيبە ئىشىككە يېقىنلاپ. شۇ چاغدا ئىشىك بىردىن ئېچىلىپ كەتتى.

داۋۇت قاراپ قېتىپلا قالدى.

ساقىلى پاكىز ئېلىنغان، ئېگىز بويلۇق، بۇغدايئۆڭ بىر كىشى كىرىپ كەلدى. ئۇ ئەندىشە ئىلكىدە رەڭگى ئاقىرىپ كەتكەن سۆۋەيبەنىڭ ئۇزۇن قارا چاچلىرىغا كۆز يۈگۈرتۈپ:

— خاۋاتىرلەنمەڭ، قەدىرلىكىم، ئۇنىڭ ئەدىبىنى ئەمدى ئۆزۈم بېرىمەن، — دېدى - دە، چىرايى ئۆلۈكتەك تاتىرىپ كەتكەن داۋۇتنىڭ ئالدىغا ماڭدى...



ئابدۇللا ساۋۇت

# ئاھ، جىگدە ھىدى

(ھېكايە)

غۇچچىدە ئېچىلغان ئاسماق-ئاسماق جىگدە چېچەكلىرى ھېلىھەم بۇرنۇمغا خۇش پۇراۋاتقاندەك، قويۇق ياپراقلىق جىگدە شاخلىرى بولسا قۇلىقىمغا شېرىن پىچىرلاۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. چۈنكى جىگدىلىكتە سايىداپ ياتقان چېغىمدا جىگدە چېچەكلىرى خۇش پۇرىقى بىلەن مېنى مەست قىلغان، تۇنسايىمنىڭ ئوتلۇق ھاياتبەخش تىنىقىنى، مۇھەببىتىنى ئېلىپ كەلگەن. شۇلارنى ئويلىساملا ھاياجان، شادلىقىمنى ئىچىمگە سىغدۇرالماي ناخشا ئېيتىمەن:

ئىشلەيمەن كۆمۈركاندا،
يارىمدىن يىراق جايدا.
ئۇيقۇ كەلمەيدۇ كۆزگە،
مەن يارنى سېغىنغاندا،

قاچاندۇر بىر چاغ تاغ يامزلىدا خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ، تۇنسايىمنى سېغىنىپ بىردىنلا ئاشۇ قوشاقنى توقۇپ چىققانىدىم، بۇ ناخشا گويا «كەلمەتەيىبە» گە ئوخشاش دىلىمغا زىكرى بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا دائىم ئاشۇ ناخشىنى تەكرارلايمەن، ناخشا پاتلا تۈگەيدۇ، شۇ ھامان ئۆزۈمچە شۈكلەپ قالىمەن، تۇنسايىمنىڭ «پۇل تاپ، توي قىلىشقا پۇل كېرەك، پۇل...» دېگەن سۆزى ئېسىمگە كېلىدۇ. توغرا، توي قىلىش ئۈچۈن يىگىتنىڭ يانچۇقى توم بولۇشى لازىم. پۇل تېپىش ئۈچۈن ئىككى يىللىق توختام بىلەن كۆمۈر كانىغا كىردىم، ئېيىغا 300 يۈەندىن ھەق ئالىمەن.

دادام غۇلجىدا خىزمەت قىلغانى-

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كەن، 1962 - يىلى خىزمەتتىن ھەيدە-
لىپ، يۇرتىغا قايتىپ كەلگەنىكەن، ئەق-
لىمگە كەلسەم بىزنىڭ ئۆيدە دادام،
ئاچام ئۈچىمىز ياشايتتۇق، دادام ھا-
راققا ئامراق ئىدى. دائىم مەست
يۈرەتتى. نەشىمۇ چېكەتتى. مەن ئۇ-
نىڭ بىرەر كۈن تۈزۈك ئەمگەك قىل-
غىنىنى بىلمەيمەن، ھۆددىگە بېرىلگەن
يەرلەرگە ئۆگەي ئاچام ئىككىمىز ئىش-
لەيتتۇق. يەرلەرنى ئوبدان تېرىپ
كۆكەرتتۇق، باغ قىلدۇق، باشقىلارغا
ئوخشاش بىزمۇ كەنت ئايىغىدىكى ساز-
لىق ئەتراپىدا بوز يەر ئېچىپ، جىگ-
دە ئورمانلىقى بەرپا قىلدۇق، توخۇ،
قوي باقتۇق. ئەپسۇس...ئاچام ئىككى-
مىزنىڭ چاپىنى تېزدىن ئاشمىدى.
چۈنكى دادام بەتخەج ئىدى، تاپقان
پۇلىغا ھاراقلا ئىچەتتى. كېيىن ئۆۋال
قىلىنغان، خاتا، ناھەق دېلولارنى تەك-
شۈرۈش باشلانغاندا دادام ئۆيدە پۇلغا
يارايدىغانلىكى نەرسىلەرنى سېتىپ، پۇل-
نى يانچۇققا سېلىپ، ناھىيىگە، ئوب-
لاستقا، ھەتتا ئۈرۈمچىگىچە قاتراشقا
باشلىدى، بىزنى ئېسىدىن چىقاردى،
تۇرمۇشىمىز قىيىنلاشتى، بەزى كۈنلە-
رى چاي - تۇز ئېلىشقىمۇ پۇل تاپال-
مايتتۇق. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە
مەھەللىمىزگە بىر تراكتورچى پەيدا
بولۇپ قالدى ۋە ئۆيىمىزگە بىر كۈنى
گۆش، بىر كۈنى ياغ كۆتۈرۈپ كىرىدىغان
بولدى، ئاچامنىڭ ئۈچىسىدىمۇ يېڭى كى-
يىملەر پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ ئىشلار-
نىڭ تېگى تەكتىنى بىلەلمىسەممۇ، لېكىن
ئاچامنىڭ ياتلىق بولۇش مەزگىلىدىن
ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى، دادامنىڭ بۇ

ھەقتە قىلچە ئويلىنىپ باقمىغانلىقىنى
ھېس قىلدىم. بىر كۈنى تراكتورچى
تاماقتىن كېيىنمۇ كەتمەي ئولتۇردى،
كەچ كىردى. خىرە يېنىپ تۇرغان چىن
چىراغنىڭ يورۇقىدا ئاچام ئۇنىڭغا ئورۇن
سېلىپ بەردى. نېمە، تراكتورچى، بىر
ياتباش كىشى بىزنىڭ ئۆيدە ياتامدىكە-
نە؟ شۇئان غەزىپىم تۇتتى. لېكىن،
تراكتورچىنىڭ بىزگە قىلغان شەپقەتىغەمە-
خورلۇقلىرى تۈپەيلىدىن ئۆزۈمنى بېسىۋې-
لىشقا مەجبۇر بولدۇم، ئۇيقۇم قاچتى،
ئۆي ئىچى قاراڭغۇ، جىمجىت ئىدى، بىر
چاغدا شىپىرلىغان تىۋىش ئاڭلاندى.
تراكتورچى مېنى ئۇخلىدى دەپ ئويلىغان
چېغى شەپە چىقارماسلىققا تىرىشىپ ئورنى-
دىن تۇردى. ئاياغ تەرىپىمدىن پەم بىلەن
ئۆتۈپ ئاچامنىڭ قوينىغا كىردى. ھەم-
مىنى سېزىپ تۇردۇم، تاقىتىم تۈگىدى،
پەقەت چىداپ تۇرالمىدىم.
— ھەي...! يۈزى قېلىن جوھۇت...!
دېدىم بېشىمنى كۆتۈرۈپ غەزەپ بىلەن
ۋارقىراپ، — نېمىش قىلىۋاتىسەن؟! تۈۋفى
ئىلاھىم...!
ئۆي ئىچى بىردىن ۋەھىمىلىك
جىمجىتلىققا چۆكتى، ئۇلارنىڭ تىنىقىمۇ
ئاڭلانمايتتى. يەنە ۋارقىرىدىم:
— ھەي تراكتورچى ئوغرى! چىق
ئۆيدىن...!!!
ھېچقانداق سادا چىقمىدى. جىم-
جىتلىق داۋام قىلدى. بىر ھازادىن كې-
يىن يوتقان مىدىرلىدى. تراكتورچى
ئاستائورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كەتتى. ئا-
چام ئېغىر-ئېغىر نەپەس ئالاتتى، ھاسىرايت-
تى. بارا - بارا مېنى مۆگدەك باستى، ئىشىك-
نىڭ غىچىرلاپ ئېچىلغىنىنى ئۇيقۇسى-

راش ئىچىدە سەزدىم - دە كۆزۈمنى ئاچتىم،
ئورنۇمدىن تۇرۇپ چىراغنى ياندۇردۇم،
ئاچام يوق، ھويلىغا چىقتىم. ئەتراپقا
قۇلاق سالدىم، جىمجىت ... تاڭ ئاتتى،
كەچ بولدى، كۈنلەر ئۆتتى، ئاچامنىڭ
ئاشۇ تراكتورچى بىلەن قېچىپ كەتكەن-
لىكى ھەققىدە مەھەللىدە خىلمۇخىل
سۆز - چۆچەكلەر تارقالدى. ھازىر ئويلى-
سام ئاچامنىڭ شۇنداق قىلغىنىمۇ توغرا
بوپتىكەن، دادام ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى، بەخ-
تىنى ئويلىمىغانىدى. ئاچام ئۆزئىشىنى ئۆزى
ھەل قىلدى. ئەر تاپتى، بەختىنى تاپتى.
مەنچۇ؟ مەن تۇنسايىمنىڭ ئۆيىگە گۆش،
گۈرۈچ، ياغ، ياكى كىيىم - كېچەك، پۇل
كۆتۈرۈپ كىرەلمەيتتىم، شۇ ھالىمدا تۇن-
سايىم مېنىڭ كەينىمدىن ئەگىشەمدۇ؟
تراكتورچىنىڭ پۇلى بار، مېنىڭچۇ؟ ھېچ
نېمەم يوق. پەقەت تۇنسايىمغا كۆيگەن
يۈرىكىملا بار... ئۇ مېنى كۈتۈۋاتىدۇ،
يولۇمغا قاراۋاتىدۇ، بىلىمەن، ئۇ مې-
نى سېغىنغاندا، ئەسلىگەندە كە-
كە بىلەن چۈگۈنىنى كۆتۈرۈپ جىگ-
دىلىككە بارىدۇ، يىغلاپ چىقىرىدۇ. يىغلاپ
كولايدۇ. جىگدە چېچەكلىرىدىن بىر ئاس-
ماق سۇندۇرۇۋېلىپ، تاكى ئۆيگە كەلگۈچە
پۇراپ ماڭىدۇ، باشقا مەۋسۇملەردە، چې-
چەكلەر تۆكۈلۈپ بولغاندىمۇ قىپقىزىل
پىشقان جىگدە ئاسماقلىرىنى پۇرايدۇ،
چۈنكى غولى تۆمۈر، يايرىقى كۈمۈش،
مېۋىسى تىللا...غا ئوخشايدۇ دەپ تەرىپ-
لەنگەن جىگدە دەرەخلىرى تۇنسايىم ئىك-
كىمىزنىڭ مۇھەببىتىگە گۇۋاھ، شاھىت بول-
غان...مەن پۇل كويىدا، قىشتا توڭلايمەن،
يازدا ئىسسىپ تەرلەيمەن. نانىنى قاتتىق-
قۇرۇق دېمەي يەۋېرىمەن، ئارقىدىن سوغۇق

سۇنى گۈپۈلدىتىپ ئىچىمەن، كانغا چۈشى-
مەن، ئىشلەيمەن، ناخشا ئېيتىمەن، كۈن-
لەر ئۆتكەنسېرى پۇلۇممۇ كۆپەيمەكتە،
ناخشاممۇ شۇنچە ياڭراق، ئاۋازىممۇ شۇن-
چە يېقىملىق چىقىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ.
ئۆز - ئۆزۈمدىن خۇشال بولىمەن، «پۇل
بولسا جاڭگالدا شورپا، دەپتىكەن، توي
دېگەن پۇل بىلەن بولىدۇ. پۇل تاپ،
تويلۇق ئال. تېگەي، بولمىسا...سېنى ساق-
لاپ، تۇل ئولتۇرۇپ نېمە كەپتۇ؟»، تۇن-
سايىمنىڭ ئاشۇ سۆزلىرى گويا ناخشام-
نىڭ تاغ چوققىلىرىدىن قايتقان ئەكس
ساداسىدەك ھەر كۈنى قۇلىقىم تۈۋىدە
ياڭرايتتى. شال ئورۇۋاتقىنىمدا تۇنسايىم
جىگدىلىككە يىغلاپ كولىغىلى كېلىپ، ئىك-
كىمىز بۈك - باراقسان جىگدىلىك ئىچىدە
سۆيۈشۈپ، قۇچاقلىشىپ - پومداقلاشقاندىن
كېيىن ئادىتى بويىچە شۇ سۆزلەرنى قىل-
غانىدى. «تېخى ئون گۈلۈمنىڭ بىرسى
ئېچىلدى، ياشىمەن، ھۆسنۈم بار. گۈل
ئېچىلسا كىمنىڭ ئۈزگىسى، پۇرىغۇسى
كەلمەيدۇ دەيسەن، مال ئېسىل، كۆركەم
بولسا خېرىدارىمۇ كۆپ بولىدۇ، باھاسىمۇ
ئۆرلەيدۇ، پۇل تاپ، توي قىلىۋالغۇدەكلا
پۇل تاپ، ئۇنىڭ نېرىسىغا خۇدايىم بار...»
نەچچە كېچە كۆزۈمنى مەست قىلىپ يۇم-
ماي چىقتىم. ئويلاندىم، پۇل تېپىشنىڭ
يوللىرىنى ئىزدىدىم، ئۆيدە ھالاللىققا تو-
خۇ، ھاراملىققا مۈشۈك چاغلىق بىر نەر-
سە يوق، ھەممىنى دادام سېتىپ يوقىتىپ
بولغان. ئىككى تاغار بۇغدايىنى ساتايمۇ؟
قوناق تېخى ئېتىزدا، گۈرۈچچۇ؟ ياق،
گالغا نېمە يەيمىز؟ ئويان ئويلاپ، بۇيان
ئويلاپ تەستە تاڭ ئاتقۇزدۇم، ئورنۇمدىن
تۇرۇۋېتىپ كۆڭلۈمدىن بىر خىيالنى شەپە

لىپپىدە قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى، ئىككى
زاغىرنى بىلىمگە تۇگدۇم ـ دە، يارەبىبىم
دەپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتىم، يۇرتتىن
يىراق — پامىر تاغلىرى ئارىسىدىكى مۇشۇ
كۆمۈر كان ماڭا نىجادلىق يولى ئاچتى...
ئۆيقۇ كەلمەيدۇ كۆزگە،
سەن يارنى سېغىنغاندا.

ئاخشاملىرى كان ئۇستىدىكى ئېگىز دۆڭـ
لۈككە چىقىۋېلىپ بار ئاۋازىم بىلەن ناخشا
ئېيتىمەن، بەزىلەر كۈلۈشىدۇ،بەزىلەر زاڭلىق
قىلىدۇ، ساراڭ بوپقاپتۇ، مېڭىسىنىڭ دەردى
بار، دېيىشىدۇ، نېمە دېسە مەيلى، پەر-
ۋايىم پەلەك. مەن ساراڭ ئەمەس، مېنى
شۇ كويلارغا سالغان تۇنسايىمنىڭ ئىشق ـ
مۇھەببىتى، ئۇ مېنى كۆيدۈرگەن. مەن
ئۇنىڭغا كۆيۈپ قالغان. شۇ دەرد مېنى
ناخشا ئېيتقۇزىدۇ، خۇشال قىلىدۇ، بەزىدە
ئازابلايدۇ، كۆپ ئىشلەشكە. كۆپ پۇل
تېپىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. كۆز مەۋسۇمى
يېقىنلاشقانسېرى قەلبىمدە جۇش ئۇرۇپ
ئۇلغىيىۋاتقان ئارزۇ ـ ئىستەك، تۇنسايىمغا
بولغان تەقەززالىق مېنى تىنچىتمايدۇ،
ناخشىدىن توختاپ ئاسمانغا قاراپ خىيال
سۈرىمەن. تۇنسايىم بىلەن بىللە ئۆتكەن
چاغلار كۆز ئالدىمدا نامايان بولىدۇ...

ئاچام تراكتورچى بىلەن قېچىپ
كەتكەندىن كېيىن ئۆيىنىڭ، ئېتىز ـ ئېرىقـ
نىڭ ھەممە دەردى ـ بالاسى ماڭا قالدى،
كېۋەزنى تېرىپ بولدۇم، ئەمدىلىكتە ئۈچ
مو شال يېرىنى ئاغدۇرماي بولمايتتى،
كەنتنىڭ شەرق تەرىپىدىكى كەڭ كەتكەن
شاللىقلارنىڭ بىر تەرىپى سازلىق، سازـ
لىقنىڭ كەنتىمىزگە تۇتاشقان تەرىپى —
جىگدىلىك ئىدى، جىگدىلىكنىڭ بىر قىسـ
مى بىزگە تەۋە ئىدى، چۈشكىچە بىر ـ
يېرىم پۈڭدەك يەرنى ئاران ئۆرۈپ بولـ
دۇم، ئاخشام قوقاسقا كۆمۈپ پىشۇرغان
قوناق ئۇنى كۆمىچىنى بايىلا يەپ تۈـ
گەتكەنىدىم، قورسىقىم يەنە كوركىرىغىلى
تۇردى، پۇت ـ قوللىرىمدىن مادار قاچتى،
قارا شالتاق پېتى جىگدىلىككە كىرىپ،
يۇمشاق چىم ئۇستىدە سوزۇلۇپ ياتتىم.
غۇچچىدە چېچەكلىگەن جىگدىلەردىن گۈـ
پۈلدەپ خۇش پۇراقلار تارقىلاتتى، جىگدىـ
لىكنىڭ قەيىرىدىندۇ كاككۇك ئاۋازى كېـ
لەتتى، ھارغىنلىق ئۇيقۇمنى قىستايتتى،
ئاچلىق ئۇيقۇمنى قاچۇراتتى، شۇ چاغ
جىگدىلىك ئارىسىدىن كاككۇك ئاۋازىنى
بېسىپ چۈشكۈدەك ياڭراق ناخشا
ئاڭلاندى:

مەن بۇ يەرگە كەلمەس ئەردىم،
يار كەلتۈردى مېنى.

«بۇتۇنسايىمغۇ، — دېدىم ئىچىمدە، —
ئۇنىڭ ئاۋازى ئەجەپ ساز ـ ھە، جىگدىلىككە
نېمىشقا كەلدىكىنە؟ توغرا ئۇ يېلىم
كولىغىلى كەپتۇدە...» ناخشا ئاۋازى يېقىنـ
لاشتى، لېۋەن، لەرزان، يېقىملىق ئاھاڭ
جىگدە چېچەكلىرىنىڭ ئۆتكۈر پۇراقلىرى
بىلەن قوشۇلۇپ ئاچ ـ زېرىنلىقتا، ھارغىنـ
لىقتا ئېزىلگەن ۋۇجۇدۇمنىڭ چوڭقۇر
قاتلاملىرىنى تاتلىقىنە غىدىقلاشقا باشـ
لىدى.

ئوتقا سالسا كۆيمەس ئەردىم،
يار كۆيدۈردى مېنى.

بېشىمنى كۆتۈردۈم، كاككۇك ئاۋاـ
زىمۇ، ناخشىمۇ توختىغانىدى. تۇنسايىم —
مەندىن ئون قەدەمچە نېرىدا جىگدە
غوللىرىنى كەكىدە چانايتتى، قولىدىكى
چۆگۈندىن ئوتلىغان سۇيىنى كېسىلگەن
جايغا پۈركۈيتتى، ئۇنىڭ ھەرىكىتىگە ئىخـ

تىيارسىز تىكىلىپ قالدىم. تۇنسايىم يېنىمغا كەلدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە تەنەسسۇم ئوينايتتى.

— سايداۋاتامسەن؟

— ھە...

— گەپ قىلغۇدەك ھالىڭ يوقمۇ نېمە؟

— قورساق ئاچ...

تۇنسايىم دەسلەپ ھەيران بولدى، كېيىن كەكە بىلەن چۆگۈننى يېنىمدا قويۇپ شاقىقىدە ئۆرۈلدى-دە، كەتتى، سەل ئۆتكەن قىزىل دۇخاۋا كۆڭلىكىنىڭ كەڭ ئېتەكلىرى بارا-بارا جىڭگىدىلىك ئارىسىدا كۆرۈنمەي قالدى، مەھەللىدىكىلەر «ھاشى ئالتۇن، تىللالىرىنى قىزى تۇنسايىمغا ساقلايدۇ» دېيىشەتتى، بۇ گەپ راستمۇ، يالغانمۇ، بىلمەيمەن، بەلكىم ئۇلار تۇنسايىمنىڭ پومېشچىك بوۋىسىنىڭ ئازادلىقتىن كېيىن باستۇرۇلغانلىقىغا، جىنايەتچى دادىسى جازا مۇددىتى مەزگىلىدە قارا قىلچىقىدا ئۆلگەنىدىن كېيىنمۇ، تۇل قالغان ھاشىخاننىڭ يالغۇز قىزى تۇنسايىم بىلەن ياخشى يەپ-ئىچىپ چىرايلىق كىيىنىپ يۈرگەنلىكىگە قاراپ شۇنداق دېيىشسە كېرەك. نېمىلا بولمىسۇن، تۇنسايىم كەنتتىكى قىزلاردىن چىرايلىق ئىدى. پۈزۈر ياسىنىپ يۈرەتتى، تەققى-تۇرقىغا يارىشا ئۆزىمۇ شوخ، ھاكاۋۇر ئىدى. خېلى-خېلى يىگىتلەرمۇ ئۇنىڭغا ئالدىراپ چاقچاق قىلالمايتتى. تۇنسايىم پەقەت مېنى كۆرسىلا چىرايلىق كۆزلىرىنى قىسىپ ھىجىيىاتتى، بەزىدە يېنىمدىن ئۆتۈپ قالسام كاپپىدە تۇتۇۋېلىپ ئېڭىكىمنى چىمدىيتتى-دە، قاقاقلاپ كۈلگىنىچە كېتىپ قالاتتى. بۇ ئۇنىڭ ئەسكى كىيىم بىلەن پاسكىنا، مەينەت تۇرغىنىمنى كۆرۈپ زاڭلىق قىلغىنىمىدۇ. شۇ خىياللار بىلەن بەند بولۇپ، تۇنسايىمنىڭ قايتىپ كەلگىنىنىمۇ تۇيماپتىمەن.

— مە، يېگىن، — تۇنسايىم ياغلىقنى يېشىپ، ئىككى قاتلىمىنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدى، — ئاناڭ ھايات بولغان بولسا سەن بۇنداق ئاچ يۈرمەستىڭ، داداڭنىڭغۇ ساڭا ئىچمۇ ئاغرىمايدۇ. دادىغا قالغان كۆل يېتىم، ئانىغا قالغان گۈل يېتىم، دېگەن شۇدە.

نان، ئىككى قاتلىما...قوللىرىم تىترەيتتى، كۆزلىرىم ياشقا تولدى.

— يىغلىما، يىغىنى يامان كۆرىمەن، — دېدى ئۇ يېنىمدا ئولتۇرۇپ، — ئوغۇل بالا دېگەن يىغلىمايدىغان، — تۇنسايىم سەل تۇرۇپ ماڭا تىكىلدى، — مېھرىڭ ئوتلۇق جۇمۇ سېنىڭ، شۇڭلاشقا كىچىككىدىن تارتىپ كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈنەتتىڭ. ساڭا ئامراقلىقىم كېلەتتى. ھېلىمۇ ساڭا... بولدى. يىغلىما، يىغلىساڭ سەتلىشىپ كېتىدىكەنسەن. يىغلىمىغىنا...

تۇنسايىم يېشىمنى سۈرتۈپ قويدى. يۈزۈمگە تەگكەن ئاق، يۇمشاق ئالقانلىرى ئوتتەك قىزىق ئىدى. ئاھ...قىزنىڭ قولى...ئۇ يېشىمنى يەنە سۈرتتى، ئۇشتۇمتۇت كۆزۈم ئۇنىڭ قولىنىڭ سىلىق ھەرىكەتلىنىشىگە ئەگىشىپ مەيدىسىدە — دۇخاۋا كۆڭلەك ئاستىدا بىلىنەر-بىلىنمەس لىغىرلاۋاتقان كۆكسىگە چۈشۈپ قالدى... كۆزۈمنى يۇمۇۋالدىم. تىترەۋاتاتتىم، تراكتورچى بىلەن قېچىپ كېتىشتىن بۇرۇن ئاچاممۇ خۇددى مۇشۇ تۇنسايىمدەك چىرايلىق ئىدى...تۇۋا تۇنسايىممۇ ئەمدى ئەرگە تەگسە كېرەك، ياق، مەن...بۇ مۇد-

www.uyghurkitap.com

ھەش خىياللىرىمنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرالمىدىم، تۇنسايىم لىككىدە ئورنىدىن تۇردى-دە، بىر ھازا ماڭا ھىجىيىپ-كۈلۈپ قاراپ، ئاندىن كەينىگە يېنىپ كېتىپ قالدى، دىماقلىرىمدا جىگدە چېچەكلىرىنىڭ تاتلىق ھىدى تۇنسايىمنىڭ قاپقارا چېچىدىن تارالغان يېلىم ھىدى قالدى...

كاندىن چىقىۋېتىپ، تۇنسايىم مۇشۇ تۇرقۇمنى كۆرسە نېمە دەر؟ دەپ ئويلايمەن، قاپقارا، بىزەپ تۇرقۇمدىن ئۆزۈمچە مەيۈسلىنىمەن. «يىغلىما، يىغلىساڭ سەتلىشىپ كېتىدىكەنسەن» ئەمەسمىدى؟ ئۇ خۇددى «كانغا كىرمىگىنە، كۆمۈر چاڭلىرىدا قاپقارا بولۇپ سەتلىشىپ كېتىدىكەنسەن» دەۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. پۇل تاپىمەن دەپ سەتلەشسەم مەيلى. ھەر قېتىم كاندىن چىققىنىمدا ئاشۇ گۆدەكلەرچە خىيال كۆڭلۈمنى چىرمىۋالىدۇ. شۇ ھامان تۇنسايىمنىڭ قەددى-قامىتى، گۈزەل جامالى كۆز ئالدىمدا پەيدا بولۇۋالىدۇ. يۇيۇنۇپ، كىيىم ئالماشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن بولسا تۇنسايىمنى ئەسلەپ ناخشا ئېيتىمەن، مېنىڭ بىلىدىغىنىم ھېلىقى «ئىشلەيمەن كۆمۈركاندا...» دېگەن بىردىنبىر ناخشا، تامىقىمنى يەپ ياتاقتا سوزۇلۇپ يېتىپ ياشلىقنىڭ، مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىنى تونۇتقان يېقىن ئۆتمۈشۈمگە قايتىپ بارىمەن، تۇنسايىم ھېلىقى كۈنى بەرگەن قاتلىمىغا ئىسسىتقۇ دۇئاسىنى ئوقۇتۇپتىمىكىن... بىلمەيمەن، شۇ قاتلىمىنى يېگەن مىنۇتتىن باشلاپ يۈرىكىم ۋىژىلداپ ئېچىشقا، كۆيۈشكە باشلىدى. پات-پات جىگدىلىككە بېرىپ، تۇنسايىم ماڭا قاتلىما يېگۈزگەن جاينى تاۋاپ قىلىمەن. جىگدىلىكنى ئارىلاپ، ئۇنىڭ يېلىم كولاش جەريانىدا ماڭغان ئىزلىرىنى ئاختۇرىمەن، ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي شاللىققا ئۇرۇق چېچىۋاتقىنىمدا ئۇ جىگدىلىككە كەلدى. بۇ قېتىم ئۇ، جىگدىلەرنىڭ چاناپ سۇ پۈركىگەن جايلىرىدا ھاسىل بولغان مونەك-مونەك يېلىملارنى ئاجرىتىپ ئېلىۋاتاتتى.

جىگدىلىكتە كاككۇك سايرىدى، غۇر-غۇر شامال جىگدە شاخلىرىنى لەرزان ئىغاڭلىتىپ تۆكۈلۈشكە باشلىغان چېچەكلەردىن خۇش بۇي پۇراق تارقىتاتتى. مەن بۇ پۇراقلارنى مەندىن يىراقلىشىپ جىگدىلىك ئارىسىغا كىرىپ كېتىۋاتقان تۇنسايىمنىڭ ئوتلۇق نەپەسلىرىدىن كېلىۋاتقاندەك ھېس قىلدىم. پۇراقلار... خۇش بۇي ھىد مېنى مەست قىلغانىدى. جىگدە شاخلىرى، چېچەكلەر: «سەن ئۇنىڭغا كۆيۈپ قالدىڭ، نېمە تۇرىسەن، ئۇ سېنى چاقىرىۋاتىدۇ، ئەنە ئاۋۇ دوڭغاق جىگدىنىڭ كەينىدىن سېنى ماراۋاتىدۇ. بار، يېنىغا بار...» دەپ نازۇك ئاھاڭدا پىچىرلاۋاتقاندەك تۇيۇلدى، ئاخىرىدا بۇ پىچىرلاشلار تۇنسايىمنىڭ ئاۋازىدەك بىلىندى، ئېسىمنى يىغىپ قارىدىم، تۇنسايىم راست دېگەندەك، يىراقتا، ئەگرى ئۆسكەن جىگدىنىڭ غولىغا دۈمبىسىنى چاپلاپ، قاياققىدۇر قاراپ ناخشا ئېيتىۋاتاتتى.

بارسىلا بىللە بارايلى،
ئايرىلىپ قالغان يامان.

يۈرىكىنى تىترىتىدىغان جۇشقۇن ئاھاڭغا قۇلاق سالغاچ تۇنسايىم تەرەپكە ئاستا ماڭدىم.

ئايرىلغانغا كىم ئۆلۈپتۇ،
يولدا يالغۇزلۇق يامان.

تۇنسايىم ئۇمىدسىز كەيپىياتتا جىگدە شاخلىرى ئارىسىدىن كۆرۈنگەن كۆپكۆك ئاسمانغا تىكىلىپ ناخشا ئېيتاتتى.

— ھە، كەلدىڭمۇ؟

— كەلدىم، ساڭا يىپلىم...

تۇنسايىم ماڭا قاراپ ئىللىققىنا كۈلۈپ قويدى. مەن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يۈرۈپ بىرمۇنچە يىپلىم يىغدىم.

— يىپلىمنى نېمانچىلا كۆپ يىغىسەن، — دېدىم يىپلىملارنى ئۇنىڭ پوپكىسىغا سېلىۋېتىپ، — بىر بېشىڭغا مۇنچىۋالا...

— ساتىمەن، — تۇنسايىم يەنە بىر قېتىم ئىللىق كۈلۈمسىرىدى، — سۈت-قېتىق ساتىمىز. توخۇ-تۇخۇم ساتىمىز، قوي-قوزا بوداپ ساتىمىز، شۇنداق قىلىپ جان باقىمىز. بىلدىڭمۇ؟ ئۆزۈڭنى خار قىلغۇچە كۆچۈڭنى خار قىل، دەپتىكەن، ئانام ئىككىمىز جان تىكىپ ئىشلەيمىز، پۇل تاپىمىز، ياخشى يەپ، ياخشى كىيىمىز، خەققە يېلىنمايمىز، خەق بىزنى ئالتۇن، تىللاسى بار دېيىشىدىكەن، بىكار گەپ، ھەممىسىنى بۇرۇن مۇسادىرە قىپتىكەن، ھازىرچۇ، ھازىر بىزدە ئالتۇن-تىللا ئەمەس، مۇشۇ قولىمىزلا بار، ئەمگەك قىلىمىز، ئاددىسى، مۇشۇ بۈگۈن يىغقان يىپلىمنى تۆت كويغا ئالىدۇ دېگىنە؟ ئانام تېخى رەپىدە، گەزنە دېگەندەك نەرسىلەرنىمۇ تىكىدۇ. پۇل، ھەممىسى پۇل...شۇڭا مۇشۇنداق...

ئۇ سۆزلەۋېتىپ دۇخاۋا كۆڭلىكىنىڭ ئېتەكلىرىنى تۇتۇپ سىلكىپ قويدى.

— ئەمدى...ئەمدى توي قىلساڭ ئېرىڭ باقىدۇ. جاپادىن قۇتۇلىسەن، — دېدىم مەن ئۇنىڭ تولغان قەددى-قامىتىگە تىكىلىپ قاراپ ھەم سىناش نەزەرىدە، — يىپلىممۇ كولاپ يۈرمەيسەن.

— ئەر دېدىڭمۇ، مەن ئەرگە تېگەمدىمەن؟ — تۇنسايىم تېرىكىشىنىڭ، ئىزا تارتىشىنىڭ ئورنىغا قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، كۈلۈۋېتىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — كىچىكىمدىن كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈنەتتىڭ، سېنى كۆرسەملا ئامراقلىقىم كېلەتتى، ھازىرمۇ...مۇبادا باشقا ھەرقانداق بىر ئەر كۆزۈمگە سەنچىلىك مېھرى ئىسسىق كۆرۈنسە جەزمەن تېگەتتىم، تېخى ئاچاڭغا ئوخشاش قېچىپ كېتىپمۇ بولسا تېگەتتىم، لېكىن...ھېچكىم... — تۇنسايىم يۇمشاق ئالقانلىرى بىلەن ئېڭىكىمنى ئەركىلەتتى، — ھەي، قارا، ساڭا تېگەي ئالامسەن...؟!

دەل شۇ سۆزنى ئاڭلاشقا تەشنا ئىدىم. لېكىن، يۈرىكىم قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك دەرىجىدە پىلتىڭشىپ كەتتى. بوغۇزۇمغا ئىسسىق بىر نەرسە قاپلاشقاندەك بولۇپ تىنالماي ھاسىراپ قالدىم. كۆزۈمگە جىگدىلەر قاتتىق بوراندا شۇۋۇلداپ تەۋرىنىۋاتقاندەك، شوخ تىكەنلىك شاخلار لەپەڭشىپ-ئېگىلىپ، يۈزۈمگە ئۇرۇلۇۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

— بۆرە تەشكەن سويمىدەك چەكچىيىپلا تۇرىسەنغۇ؟ — تۇنسايىم ئېڭىكىمنى قاتتىق بىرنى چىمدىدى، ئېسىمگە كەلدىم، — گەپ قىل، مېنىڭ نەرىم سەت، قارىغىنا، ھەممىنىڭ كۆزى چۈشكەن چىرايلىققۇمەن، توغرا مېنى چوڭ دەيدىغانسەن، ناھايىتى كەلسە سەندىن ئىككى-ئۈچ ياش چوڭمەن، چوڭ بولسام نېمە بوپتۇ، ئەلچى كىرگۈزمىمىز، چاي ئىچكۈزمىمىز، توي قىلمىمىز دەپ بولغىچە بويۇڭمۇ مەن بىلەن تەڭلىشىدۇ، خەق ئال-

دىدا چانمايدۇ. بويـۇك ئۆسـكىچـە مـەن ئۆسمەي مۇشۇ پېتىم تۇرۇپ تۇراي، بولامدۇ، ھەي يوممىلاق، ئاقپىشمىلاق... — تۇنسايىم مېھرىبانلارچە كۈلۈپ ئېگىمكىمنى يەنە چىمدىدى، — قاشلىرىڭغا قارىغانسېرى قارىغۇم كېلىدۇ، كۆزۈڭچۇ؟ كـۆزۈڭ قاپـقارا، ساڭا تېگەي، مەن قېنىن ئانا يوق ئۆيگـە كېلىن بولسام دەيتتىم، بىلمەمسەن، بىزداق ئۆيدە ئادەم ئۆزى، بەگ ئۆزى خان.



— تۇنسايىم، — دېدىم، لېكىن شۇ سۆز ئاغزىمىدىن چىققاندا ئادەتتىن تاشقىرى ھولۇقۇپ كەتتىم. ئۇنىڭ ئويناپ تۇرغان چىرايلىق كۆزلىرىگە قاراپ سەل غەيرەتلەندىم، — تۇنسايىم، ھە...ھېلىقى قاتلىيا... شۇنى يېگەنىدىن بۇيان...يۇرىكىم ۋىژىلدايدۇ، كۆيىدۇ، كۆيۈك ئوتى دېگەن شۇمۇ، مەن...

— ھا...ھا...ھا... — تۇنسايىم تېلىقىپ قاتتىق كۈلدى، قولىدىكى ياڭاق چۈشۈپ كېتىپ، يېلىملار چۈشۈپ كەتتى، ئىككىمىز تەڭلا ئېڭىشىپ يېلىملارنى تېرىشكە باشلىدۇق، — كۆيۈپ قاپسەندە ماڭا، ئىسىتقۇ يەپ...ھا...ھا...ئەخمەق - تە سەن.

— كۆيۈپ قالدىم، — دېدىم مەن.

— مەنمۇ ساڭا كۆيگەن...

ھازىر ئويلىسام شۇ چاغدىكى ئىشلىرىمىز كۈلكىلىك بىمەنە ئەمەس، بەلكى ئالدىن ئارزۇ قىلغان، كېيىن چىن ئىخلاس بىلەن قىلىنغان مەنىلىك، مۇقەددەس ئىشتەك تۇيۇلىدۇ. شۇ چاغدا چېچىلغان يېلىملارنى تېرىۋېتىپ تۇنسايىمنىڭ ئېڭىشكەن گەۋدىسىگە قاراپ، كۆكسىكىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان دوپ - دۇگىلەك كۆكسىنى يەنە بىر قېتىم كـۆردۈم. ماڭا ئۇ دوپ - دۇمىلاقلار كـۈندىن - كـۈنگـە يوغىناۋاتقاندەك، بۇ ھال تۇنسايىمنى ئەرگە تېگىشكە ئالدىرىتىۋاتقاندەك بىلىنىدى.

بىر كۈنى ئۇ قويلىرىنى ھەيدەپ جىگدىلىككە كەلدى، مەن شالغا سۇ تۇتۇۋاتاتتىم. ئىككىمىز جىگدە ياپراقلىرىنى يۇتاپ سىرىپ قويلارنى تويغۇزدۇق، نامازشامدا قايتتۇق، كېتىۋېتىپ ئۇ ھەدەپ كۈلەتتى، چاقچاق قىلاتتى، ئۇ ئاجايىپ شوخ خۇشال ئىدى. ھەر بىر كـۈلگەنـدە كۈلكىسى ئاجايىپ بىر خىل جەزبىبە بىلەن تىترەيتتى. ئۇنىڭدىن كۆزۈمنى ئۈزەلمەيلا قالدىم، لېكىن مەن ئۇنى كۆلدۈرگۈدەك چاقچاقلارنى قىلالمايتتىم. تۇ-

يۇقسىز ئۇ مېنى چىملىققا ئىتتىردۇەتتى، كاپ قىلىپ كۆڭلىكىمنىڭ ئېتىكىگە ئېسىلىۋالدىم. ئۇ كۆڭلىكىمنى يىرتىلىپ كېتىشتىن ئايىغاندەك ئۆزىنى قويۇۋەتتى - دە، ئىختىيارسىزلا ئۈستۈمگە يىقىلدى ۋە مېنى بېسىۋالدى. ئۇنىڭ بەدىنى يۇمشاق، ئىسسىق ئىدى. مەن بىرلا ئۆرۈلۈپ ئۇنى بېسىۋالدىم. ئۇ ئانچىكى تىپىرلايتتى. لېكىن...بۇمۇ گويا ئەسلىدىن شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىك ئىشتەك تەبىئىي تۇيۇلدى. قايسىمىز ئاغزىمىزنى بۇرۇن ئۇزاتتۇقكىن...بىلمەيمەن، ئىشقىلىپ بىز شۇ چاغدا تۇنجى قېتىم سۆيۈشكەنىدۇق.

— راست گەپ قىل، مېنى ئالامسەن؟ دېدى ئۇ يېقىن قالغان پەيتتە، — كۆيۈپ قالدىڭ، شۇنداقمۇ؟ كۆيۈشتۇق، ھە، ئەمسە داداڭغا دېگىن، ھاراقنى ئازراق ئىچىپ، پۇلنى كۆپرەك يىغسۇن، پۇل بولمىسا...

... مانا، كېچە - كۈندۈز ئىشلەۋاتىمەن، پۇل تېپىۋاتىمەن، تاغ كېچىسى، بولۇپمۇ تاغنىڭ ئايدىڭ كېچىسى ئاجايىپ چىرايلىق. شامال ئۇرۇپ تۇرىدۇ. چاكاندا، قارىغات، گۈلنەپشە...لەرنىڭ قاڭسىق، چۇچۇك ھىدلىرى دىمىغىمغا ئۇرۇلىدۇ، بۇ ھىدلار جىگدە چېچەكلىرىنىڭ ھىدىدەك تاتلىق، شېرىن، خۇش بۇي ئەمەس، شاماللار پىچىرلىغاندەك ئاۋاز چىقىرىدۇ، بۇ ئاۋازلار جىگدىلەردەك مۇھەببەت ھەققىدە پىچىرلىمايدۇ، پەقەت يۇرتتىكى جىگدىلەرلا تۇنسايىمنىڭ قەلب نىداسىنى ماڭا يەتكۈزەتتى. ھېلىقى كۈندىكى سۆيۈشۈشتىن كېيىن مەن ئاچ قالمايدىغان بولدۇم. كېيىملىرىممۇ پات - پات يۇيۇلۇپ تۇردى. تۇنسايىمنىڭ ئانىسىمۇ ماڭا خۇددى ئۆز ئوغلىدەكلا ئىچىل بولۇپ قالغانىدى. تامىقىم قارارلىق، ئۇيقۇم جايىدا. كۆيۈك ئوتىنىڭ خاسىيىتىدىن كۈندىن - كۈنگە كۈچكە تولۇۋاتىمەن، بويۇممۇ ئۆسۈپ قېلىۋاتقاندەك ھېس قىلدىم. مانا ھازىرمۇ تۇنسايىمنى ئويلاۋېتىپ، ئۆزۈمنى ئايدىڭدا ئاشۇ چوقچىيىپ كۆرۈنگەن تاغلاردىنمۇ ئېگىز، يۈكسەكرەك سېزىۋاتىمەن. بىزنىڭ خامىنىمىز جىگدىلىككە يېقىن. قۇرۇقراق يەردە ئىدى، كېچە، ھەممەيلەن ئۆز خامىنىدا ياتاتتى. بىز شال پاخىلى ئۈستىدە قىچىقلىشىپ يومىلىناتتۇق، شۇ بىر كېچە مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقمايدۇ، شۇ كېچىسىمۇ بۈگۈنكىدەك ئايدىڭ ئىدى. شال پاخىلى بىزنىڭ قۇچاقلاشقان گەۋدىمىزنى يوشۇرغانىدى.

— كىچىك دەپ ئويلاپتىكەنمەن، — دېدى تۇنسايىم پاخال ئارىسىدىن قوپقاندا مەيۈس كۆزلىرىنى چەتكە ئېلىپ، — كەپسىزلىك قىلدىڭ. ئەسكى... چوڭ بوپسەنھە؟ قېلىن، ئۇنىمسامغۇ ھېچقانداق قىلالمايتتىڭ، خەير...

مەن ئۇنى يەنە باغرىمغا باستىم، نەپەسلىرىمىز بىرلەشتى.

بىر كۈنى ئۇ يەنە مېنىڭ خامىنىمغا كەلدى، ۋىنۇمغا گىرە سېلىپ سۆيدى ۋە:

— پاتراق توي قىلىلى، پۇل تاپ. تويىنى پاتراق ... ئاھ...! ساڭا تەگسەم قانچىلىك بولۇپ كېتەرمەن - ھە؟ ئەركە قولۇڭنى يۈرىكىمنى تۇتۇپ باقە، گۈپ - گۈپ قىلغىنىنى ئاڭلىدىڭمۇ. ئۇ ئالدىراۋاتىدۇ، ئەمدى يەنە بۇنىڭدىن ئارتۇق سەۋرى قىلالمايدۇ، يېرىلىپ كېتىدىغاندەكلا تۇرىدۇ... — دېدى.

قىش كىرگەندە تۇنسايىم مېنى تېخىمۇ ئالدىراتقىلى تۇردى، «كۆيدۈم دەيسەن، كۆيدۈملا دەيسەن، شۇنداق دەپ مېنى... ئەجەب - ھە سەن، تىۋۋا، پۇل تاپمامسەن،

www.uyghurkitap.com

ماڭا كۆيگىلى نەۋاق، مەنمۇ كۆيدۈمغۇ ساڭا، قۇرۇق گەپكە مۈشۈك ئاپتاپقا چىقامدۇ» دەسلەپ تۇنسايىمنىڭ بۇ سۆزىگە خاپا بولغانىدىم. «يەنە مەندىن خاپا بولسەن، گۇناھنى مەندە قويىسەن، مەندە نېمە ئامال؟ يا ئاچاڭ تراكتورچىنىڭ كەينىدىن قاچقاندەك مەنمۇ كەينىڭدىن قاچايمۇ؟ بولدى، قاچاي، لېكىن مېنى نەگە ئاپىرىسەن، پۇلۇڭ بولسىمۇ كاشكى، ئاچ قالمايتتۇق، لېكىن... داداڭنىڭ ئىشىمۇ ھەل بولماسقا قالدى» دېدى ئۇ يەنە. ئاھ، مەندە تويى قىلىغۇدەك، ھەتتا چاي ئىچكۈزۈش رەسمىيەتلىرىنى بەجا كەلتۈرگۈدەك پۇلمۇ يوق ئىدى.

— ئۆزۈڭنىڭ شورى، — بىر كۈنى ئاخشىمى ئۇ سېيدە تۇۋىدە تۇرۇپ، يۈرىكىمنى مۇجىغاندەك بىرخىل تەئەددى، ئاھاڭدا سۆزلەشكە باشلىدى، — ئانام ئالدىراتتى. مەندە نېمە ئامال، ساقلىسام قېرىپ كېتىدىغان ئوخشايمەن.

— جېنىم تۇنسايىم، تەخىر قىل، داداڭغا ھۆكۈمەت پۇل بېرىدۇ.

— بۇ خۇددى كېسەلگە ئۆلمەي تۇرۇڭ، كەشمىردىن دورا كېلىدۇ، يەپ ساقىيىسىز دېگەندەك بىر گەپ بولدى-دە.

— ياق، ياق، تۇنسايىم ئالدىرىسىما، مەن ئالىمەن سېنى.

— قېنى پۇل، بىكارغا تېگەمتىم؟

نېمە دەي، ھودۇقۇش، قورقۇنچ، ۋەھىمە ئىلكىدە زۇۋانىم تۇتۇلغانىدى. تۇنسايىم ئۆي تەرەپكە كېتىۋاتاتتى. ئاھ... ئۆزۈمنىڭ شورى...

قۇياش، پامىر قۇياشى پامىر تاغلىرىنىڭ ئۈستىدە ئۈزۈپ غەربكە يەنى پامىر تاغلىرىنىڭ ئارقىسىغا يەسلىدى. تاغنىڭ تەسكەي باغرى گۈگۈم بىلەن تۇمان پەردىسىگە ئورالدى. كاندىن چىقتىم، يۇيۇندۇم. تاماق يېدىم، ۋاقىتنى-كېچە بىلەن كۈندۈزنى، ھەپتىنى سانايتتىم، مانا يەنە ئۈچ كۈندىن كېيىن توختامنىڭ ۋاقتى توشىدۇ. پۇلۇمنى ئالىمەن-دە، تۇنسايىمنىڭ قېشىغا قاراپ ئۇچىمەن. ئەينى مەزگىللەردە خەقلەر مېنى «جىگدە پۇراپ قاپتۇ» دېيىشكەنىدى. راست، ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم تۇنسايىمنىڭ قاتلىمىسىنى يېگەندىن بۇيان ئاشۇ جىگدىلىكتىن باشقا ھەممە يەر، ھەممە نەرسە كۆزۈمگە كۆرۈنمەيتتى. شۇڭلاشقىمۇ بۇرنۇمغا ھامان جىگدە چېچەكلىرىلا پۇرايدۇ. بۇ پۇراقتا تۇنسايىمنىڭ ئاتەش نەپەسلىرى، تىنىقلىرى، يېلىم چاپقان قاپقارا چاچلىرىدىكى يېقىملىق پۇراق، بوي-قامىتىدىن تارقالغان ھىد بار، بۇ پۇراقتا يەنە ئۇنىڭ گۈزەل چىرايىدا دائىم ئەكس ئېتىپ تۇرىدىغان خۇشال تەبەسسۇم ۋە نۇرمۇ بار، بۇ پۇراقتا ياشلىق ھېس-تۇيغۇلىرىمىزنىڭ تىنىمسىز چۇقانلىرى بەكباشلىقىنىڭ تىزگىنسىز، لېكىن ئېزگۇ ئارمانلىرى ئارىلىشىپ كەتكەن ياڭراق، ئەبەدى ئۆلمەيدىغان ناخشىلىرىمۇ بار. گۈگۈم بىلەن تۇمان پەردىسى يىرتىلىپ، تۇنسايىمنىڭ جامالى يۈز ئاچقاندەك بولدى. خىيالى كۆزۈمدە ئۇنى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈۋاتىمەن. ئۇ مەۋھۇم بىر بوشلۇقتا مۇئەللەق تۇرۇۋېلىپ مېنى چاقىرىۋاتىدۇ، ئالدىرىتىۋاتىدۇ... ياق، بۇ مېنىڭ خىيالىم.

تۇنسايىم قوشنا كەنتتىكى بىر يىگىتكە تەگكەنىدى، ئۇ يىگىت كۈندە دېگۈدەك بازار قوغلىشىپ تىجارەت قىلاتتى. بىر قېتىم ئىتتىز-ئورمانلارنى ئارىلاپ، يوشۇرۇنچە ئاشۇ مەھەللىگە باردىم. تۇنسايىم ئىتتىز قىرىدا كالا بېقىۋاتاتتى.

— يۈرىكىڭ قاپتەك باركەن، كۆزۈ-

كۆندۈزدە... — دېدى تۆت ئەتراپىغا ئەنسىز
قاراپ، — كەت، ماڭا خاپىلىق تېپىپ بەرمە.
— جېنىم تۇنسايىم، كۆيۈك دېگەن
دوزاخنىڭ ئوتىدىنمۇ يامان دېيىشىدۇ،
راستكەن. مەن چىدىيالمىدىم، سەن توي
قىلغان كېچىسى ئۆلۈۋالاي دەپمۇ ئويلى-
دىم، لېكىن...سېنى دەپ... شۇنىڭدىن بېرى
ساراڭ بولدۇم. ئۇنداق قىلما، ماڭا ئىچىڭ
ئاغرىسۇن، رەھىمىڭ كەلسۇن.
— ئىچىم ئاغرىغان، تېگەي دېگەن،
لېكىن... بىر كىيىملىك لاتا ئېلىپ، ئانام-
نىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشكە قۇدرىتىڭ يەتمە-
دى، مەن قانداق قىلىمەن، ئاخىرى... پۇلى
بارغا تەگدىم، ئەمدى ئۆتكەنگە سالۋات؛ —
تۇنسايىم سۆزلەۋېتىپ قوشۇمىسىنى تۈردى —
مەنمۇ ساڭا كۆيگەن. سەندىن ھېچنېمىنى
ئايىمىغان، ئەرگە تەگەي تۇرۇپلا... بىلە-
مەنغۇ، ھەممىنى قىلغان ئۆزۈڭ، — تۇنسايىم
سۆزىدىن توختاپ ئېغىر خورسىندى، كۆز-
لىرىدە ياش ئەگىپتتى، — ئاھ... ياشلىق،
بەگباشلىق ...ئەمدى ھەممىسى ئۆتۈپ كەتتى.
— ياق، تۇنسايىم، تېخى ئۆتمىدى،
ھەر ئىككىمىز ياشقۇ، ئېرىڭدىن چىق، توي
قىلىمىز.
— ئەمدى بۇ گەپنى قوي، مەن
سەندىن چوڭ، مەن جۇۋان، سەن تېخى
ئۆيلەنمىگەن يىگىت. خەقلەر كىچىك تۇرۇپ
ئۆزىدىن چوڭ، بىر ئەرگە تەگكەن خوتۇننى
ئالدى، دەپ زاڭلىق قىلىدۇ. ساڭا دېسەم،
مەھەللىمىزدە قىز باللار خېلى بار، قىز ئال.
— سېنى ئالالمىسام بۇ دۇنيادىن
خوتۇنسىز ئۆتىمەن. ياق سېنىمۇ، ئۆزۈمە-
نىمۇ ئۆلتۈرۈۋېتىپ...
تۇنسايىم بۇ گەپلەرگە پەرۋامۇ قىل-
ماستىن ھېچنېمە كۆرمىگەندەك كالىسىنى
يېتىلەپ كېتىپ قالدى. تۇساتتىن ئۇنىڭ
بوش، لېكىن مۇڭلۇق ناخشا ئېيتقان ئا-
ۋازىنى ئېنىق ئاڭلىدىم.

ئاللا - ئاللا يار باغى،
ئۆچمەيدۇ كۆيۈك داغى...

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى نەچچە قېتىم
ئىزدەپ باردىم. ئەمما قارىسىنىمۇ كۆرەل-
مىدىم، بەزىدە ئۇنىڭ ئۆيى ئەتراپىدا چۆ-
گىلەپ تاڭ ئاتقۇزۇۋېتەتتىم. ھەممە ئورۇ-
نۇشلىرىم بىكار كەتتى، بىر قېتىم ئۇ مە-
ھەللىمىزگە ئۆيىگە كەلدى، ئارقىسىدىنلا
كىردىم، بەزىدەك مىدىرلىماي ئولتۇرۇۋىدىم،
ئىچىمدە بۈگۈن نېمە كۆرسەم كۆرەي
دەيتتىم، ۋاقىت خۇپتەندىن ئۆتتى، تۇنسا-
يىم تالاغا چىقتى، ئەگىشىپلا چىقتىم،
ئانىسى گۇمانسىراپ قالدى-يۇ، ئۆيدىن
چىقمىدى. تۇنسايىمنىڭ قولىدىن چىڭ
تۇتۇۋېلىپ سۆرەپ، بېغىنىڭ ئارقىسىغا
ئاپاردىم، بويىنىغا گىرە سېلىپ كۆكسىگە
بېشىمنى قويۇپ تۇرۇپ يىغلىدىم، يېلىندىم.
ئۇ شۇنچە مېھرىبان، مۇلايىم ئىدى. يې-
لىنىشلىرىمغا جىم تۇرۇپ قۇلاق سالاتتى،
لېكىن جاۋاب بەرمەيتتى، ئىسىلدىم، سۆي-
دۈم، قۇچاقلىدىم، ئۇ يەنىلا جىم تۇراتتى.
بەلكىم، مۇھەببەت ھەممىدىن غالىب كەلدى
بولغاي، ئۇ بارلىق ئىختىيارىنى ماڭا
تاپشۇردى.
— ئەردىن ئاجراشسام بولماس، —
دېدى ئۇ ئاخىرىدا، — بىز مۇشۇنداق ئۆتەيلى،
مەن سېنى تاشلىۋەتمەيمەن.
— ياق، جېنىم تۇنسايىم، ماڭا تې-
گمەن، چوقۇم... باشقا ئەرنىڭ قوينىدا
ياتىدىغانلىقىڭ يادىمغا چۈشسىلا مېڭەم
ۋاقىدە يېرىلىپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلىدۇ،
ماڭا تەگ...
ئۇزۇن ئۆتمەي تۇنسايىم ئېرىدىن
ئاجراشتى.

— مانا، ئەردىنىمۇ چىقاردىڭ، خۇددى جىنگدە يېلىمدەك بىر نېمىكەنسەن، كۆيدۇم دەپ چاپلىشىپلا ئالدىڭ، ئىچىم ئاغرىدى. تېگەي ساڭا، خوتۇن بولاي، ھە، ئەمدىنىڭ پۇلنىڭ يولنى قىلارسەن، ئېشەك ئالغان ئادەم توقۇمىمۇ ئالىدۇ ئەمەسمۇ؟

قوشنىلار ئارقىلىق دادامغا دېگۈزدۈم، «نېمە، بىرسى يۈزۈمنى تۆكۈپ، مېنى رەسۋا قىلىپ بىر نائەھلىنىڭ كەينىدىن قېچىپ كەتسە، بىرسى ئۆزىدىن نەچچە ياش چوڭ جۇۋاننى ئالىمەن، دېسە، ھۇ ئەقىلسىز،كالۋا، ئوغۇل دەپ تاپقىنىمغا لەنەت... بۇ جاھان نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدىكىن، مۇشۇ كەمنىڭ ئوغۇل باللىرىدە لاتادە-لاتا. مەن جېنىمدا ئىككى قىز ئالغان، 60 قا يېتىنىدىم، ئەگەر ئالاي دېسەم ماڭا يەنە قىز چىقىدۇ، ھېچ بولمىغاندا 20 ياشلىق جۇۋان ئالىمەن»، دادامنىڭ ماڭا بەرگەن جاۋابى شۇ بولدى. تونۇشايىم بولسا ھەر قېتىم «بولمامسەن، پۇل تاپ، تېزرەك توي قىلىلى، ياشىمەن، ھۆسنۈم بار، بىلىسەن، قىزلىق ئۆي كۆۋرۈك، باش ئاغرىقى كۆپىيىۋاتىدۇ، تېزرەك بولمىساڭ بۇدا بىر ئۈچىمەن، ئۇ چاغدا قوغلاپمۇ يېتەلمەيسەن، قايتىپمۇ كەلمەيمەن. پۇل تاپ، توي قىلىۋالغۇدەكلا پۇل بولسا بولىدۇ، ئۇنىڭ نېرىسىغا خۇدايىم بار» دەيتتى، مانا، تونۇشايىم مېنى كۈتۈپ ئىككى يىلغىچە تۇل ئولتۇردى، ۋەدىگە ۋاپا قىلدى.

كۈتكەن پەيتلەرمۇ كەلدى، قولۇمغا نەق 3 مىڭ يەتتە يۈز يۈەن تەگدى. خۇشاللىقتىن بويۇمنىڭ ئاشۇ پامىر تاغلىرىدىنمۇ ئېگىز ئۆسكەنلىكىنى، ۋۇجۇدۇمنىڭ چەكسىز كۈچ-قۇدرەتكە تولغانلىقىنى، گەرچە ھازىر كۈز پەسلى بولسىمۇ، يەنىلا جىنگدە چېچەكلىرىنىڭ بۇرنۇمغا گۈپ-گۈپ قىلىپ خۇش ھىد ئۇرۇۋاتقانلىقىنى سەزگەندەك بولدۇم.

ماشىنا سۈرئىتىنى تېزلەتمەكتە، ئوڭ تەرەپتە دەريا شاۋقۇن سېلىپ ئاقماقتا. تەبىئەت كۈز قوياشىدا ئاجايىپ گۈزەل تۈسكە كىرگەن، بۇنداق مەنزىرە بۈگۈنكى شادلىق-خۇشاللىقلىرىمغا، ماشىنا ئۈستىدىكى ئەرلەرنىڭ كۈلكە-چاقچاقلىرىدىن مۇستەسنا ھالدا سۇرۇۋاتقان شېرىن خىياللىرىمغا سىڭىپ بارماقتا، چۈنكى مەن تونۇشايىم بىلەن دەل مۇشۇ كۈزنىڭ ئەلۋەك، مەمۇرچىلىق كۈنلىرىدە توي قىلىشقا ۋەدىلەشكەن. ئۇ مېنى كۈتمەكتە، يولۇمغا ئىنتىزار بولماقتا، مەنمۇ ئالدىراۋاتىمەن. ئەگەر قانىتىم بولسا، كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە ئۇچۇپ بېرىپ، تونۇشايىمنىڭ ئالدىغىلا چۈشسەم، جېنىم تونۇشايىم، مانا، پۇلمۇ تېپىپ كەلدىم، تويلۇق ئۈچۈن سەن خالىغان كىيىمنى ئالىمىز، ئالتۇن ھالقا دېگەنلەرگىمۇ كۈچىمىز يېتىدۇ، دېسەم، ئۇ ئادىتى بويىچە دەسلەپ ۋىلىلدە قىزىرىپ، كېيىن خۇش تەبەسسۇم بىلەن كۈلسە، ئاپئاق بارماقلىرى بىلەن ئېڭىكىمنى چىمدىپ ئەركىلەتسە، ئاندىن... توي قىلساق... ئاھ... ئاشۇق-مەشۇقلار مۇرادىغا يەتتى دېگەن شۇ ئەمەسمۇ؟... شۇ خىياللار بىلەن ماشىنىنىڭ قانچىلىك يول ماڭغىنىنى سەزمەپتىمەن. دەريا يىراقتا قاپتۇ. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ئورمان، ئېتىز، دېھقان ئۆيلىرى... كابىنىكىدا شوپۇر، كان باشلىقى ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى، كۇزۇپتا — كۆمۈر ئۈستىگە سېلىنغان ئەسكى چېپتىلار ئۈستىدە ئون نەچچە ئەر-ئايال، بەزىلىرى كان ئىشچىلىرى، بەزىلىرى تۇغقان يوقلىغىلى، تىجارەت قىلغىلى تاغقا چىققانلار ... مەن پۇل سېلىنغان كىچىك پوپكامنى چىڭ تۇ-

تۇپ ئۇلتۇردىمەن، تۇنسايمىنىڭ ئالدىغا كېتىۋاتىمەن، ئۇ كۇتۇۋاتىدۇ، مەن ئالدىراۋاتىمەن، ئەگەر قانىتىم بولسا... بىراق مەن ماشىنىدا - دە، ماشىنا ماڭا بارغانسېرى سۇرئىتىنى ئاستىلىتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. راست دېگەندەك ماشىنا يول ئۇستىدىكى كالتە بازاردا توختىدى.

— تاماق يەيمىز، — دېدى كان باشلىقى كابىنكىدىن چۈشۈۋېتىپ، — بىر سائەت توختايمىز - ھە.

باشلىققا نېمە دېگىلى بولسۇن، ماشىنا كانىنىڭ ماشىنىسى، شوپۇرمۇ ھەم... ھەممەيلەن چۈشۈپ، ئاشخانىغا، چايخانىغا مېڭىشتى، مەن قالدىم، گېلىم غىققىدە، تاماق يېيىش تۇگۇل، بىر ئوتلام سۇمۇ ئىچكۇم يوق، ئىچىم تىتىلدايدۇ، ئالدىرايمەن، تۇنسايمىنىڭ ئالدىغا قانچە تېز بارسام شۇنچە ياخشى، پۇلنى كۆرۈپ كۆڭلى تىنسا، ئىككى يىل كۇتكەنلىكىنىڭ ھۆرمىتى، بەدىلى ئۇچۇن ھەممە پۇللىرىمنى ئېتىكىگە تۆكسەم... كان باشلىقى پەيدا بولدى، ئىچكەن چېيى، خوتۇنى بىلەن شوپۇر ئۇنى يۆلەپ كابىنكىگە چىقاردى... ماشىنا ئانچە ئۇزۇن ماڭمايلا توختىدى، ماشىنا ماتورى بىردە پەسلەپ، بىردە كۈچىيىپ گۆرۈلدەپ، كېيىن سىلكىنىپ نورماللاشتى، ماشىنا قوزغالدى - يۇ، دەم ئۇ چەتكە، دەم بۇ چەتكە يۇگۇرۇشكە باشلىدى.

— ماشىنىنى كان باشلىقى ھەيدەۋاتامدۇ - نېمە؟

— مەست ئادەم ماشىنا ھەيدىسە قانداق بولىدۇ؟

— ھېلى چاتاق چىقمىغىيدى؟

شۇ گەپلەر بولۇۋاتقاندا شوپۇر قارشى تەرەپتىن كېلىۋاتقان ھەربىي ماشىنىدىن قاچۇرۇش ئۇچۇن ماشىنا رولىنى ئوڭ تەرەپكە قاتتىق بۇرىدى، كۆزۈمنى يۇمدۇمدە، ئۆزۈمنى پەسكە ئاتتىم، نەگىدۇر ئۇچۇپ كەتتىم.

كۆزۈمنى ئاچسام بالنىتسىدا ياتىمەن. ياتاقداشلىرىم ماڭا كۇزۇپتا ئولتۇرغانلاردىن تۆتەيلەننىڭ قازا قىلغانلىقىنى، قالغانلارنىڭ ئېغىر يارىلانغانلىقىنى، پەقەت مېنىڭلا ئەڭ يېنىك يارىدار ئىكەنلىكىمنى، كان باشلىقى بىلەن شوپۇرنىڭ سولاقتا ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى.

— بۇگۇن ئۇچ كۇن بولدى، — دېدى ياتاقدىشىم ئاخىرىدا، — دادىڭىز بىر كېلىپ كەتكەنچە كەلمىدى. باغرى تاش ئادەممۇ - نېمە؟

— يەنە باشقا ئادەم كەلمىدىمۇ؟ — دەپ سورىدىم بېشىمنى سەل كۆتۇرۇپ، تۇنسايمىنىڭ كەلگەن - كەلمىگەنلىكىنى بىلىپ بېقىش مەقسىتى بىلەن.

— ياق، ھېچكىم كەلمىدى.

كۆڭلۇمنى ئۇمىدسىزلىك، ھەسرەت رەنجىش قاپلىدى، دادامغۇ قېرى، ئاجىزلاپ قالغان، دوختۇرخانا بىلەن ئۆيىنىڭ ئارىلىقى 20 نەچچە كىلومېتىر كېلىدۇ. پىيادە مېڭىپ... مەيلى دادامدىن رەنجىمەيمەن. تۇنسايىم كەلسە، يېنىمدا تۇرۇپ ماڭا قارىسا... شۇ ئوي، شۇ خىيال ھەر مىنۇت - ھەر سېكۇنت كاللامدىن چىقمىدى. ئۆزۈم كارىۋاتتا، كۆزۈم ئىشىكتە، تۇنسايىمنىڭ يولىدا. بالنىتسا كارىدورىدا بىرەر شەپە، ياكى ئاياغ تىۋىشى ئاڭلانسا شۇئان سەگەكلىشىپ ئىشىككە تىكىلىمەن. تۇنسايىم كېلىدۇ، تۇنسايىم، جېنىم تۇنسايىم، ھەر ھالدا سېنىڭمۇ، مېنىڭمۇ بەختىم بار ئىكەن، ئۆلمىدىم، ساق قالدىم،

پەۋقۇلئاددە بەختسىزلىك يۈز بەرمىدى، دېيەمەن، شال ئۇتىغلى، شاللىقا سۇ تۇتقىلى بارغىنىمدا ئۇمۇ مېنى پاناھ تارتىپ باراتتى. جىگدىلىكتە بىر-بىرىمىزنى قوغلىشىپ، قۇچاغلىشىپ، سۆيۈشۈپ قانمايتتۇق، چىملىقتا ئۆزىمىزنى تاشلاپ، سۇنايلىنىپ يېتىپ، جىگدە شاخلىرىنىڭ شامالدا لەرزان ئېغاڭلاپ ئېيتقان مۇھەببەت قىسسىسىنى ئاڭلايتتۇق. بىز خىيالىي ئالەمدە ئېرىشىش ئالدىدا تۇرغان كەلگۈسى بەختىمىزنىڭ ھۇزۇر-ھالاۋىتىدىن بەھرى ئالغاندەك شېرىن، لەززەتلىك ھېسلارغا غەرق بولاتتۇق. ئۆتكەن يىلى يازدا كەلگىنىمدە ئۇ جىگدە غولىنىڭ ئاچىمىقىغا ئېلىپ قويۇلغان، لېكىن ياپراقلىرى سولىشىپ قالغان بىر تال ئىنىچىكە شاخنى ئېلىپ، «بۇ شاخقا كاككۇك قونغانىدى، شۇ ھامان ئۈشتۈۋالدىم. مانا بۈگۈن سەن كەلدىڭ. ماڭا مەڭگۈ ئاشىق بولۇشۇڭ ئۈچۈن...» دەپ شاخنى بېشىمغا بوش-بوش ئۇرغانىدى، مەن، جېنىم تۇنسايىم، كاككۇك قونغان شاخنىڭ قولىدىن نېمە كېلىدۇ. ماڭا ئىشىنەلمەيۋاتامسەن، مەن مەڭگۈ ئاشىق ساڭا، مەڭگۈ كۆيىمەن ساڭا، دېگەنىدىم ۋە بىز قايتا سۆيۈشۈپ كەتكەنىدۇق. ئاھ... مەن بىتەلەي بولمىسام، تۇنسايىم ئەرگە تېگىۋالامتى، مەن بىتەلەي بولمىسام، توي قىلىمەن دەپ كېتىۋېتىپ ماشىنا ھادىسىدە يارىلىنىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالامتىم. ياق، بۇ بىر كېلىشمەسلىك. بۇنىڭلىق بىلەن ئۆزۈمنى بىتەلەي دېيەم بولمايدۇ. ساق قالغىنىمنىڭ ئۆزىمۇ چوڭ بەخت. ھامان ساقىيىپ چىقىپ تۇنسايىم بىلەن توي قىلىمەنغۇ. تۇنسايىم، قاچان سېنىڭ مېنى كۈتۈپ تاقەتسىزلىنىۋاتقان قىياپىتىڭنى كۆرەرمەن ...

دوختۇرخانىدا سەككىز كۈن يېتىپ چىقتىم، مەھەللىگە گۈگۈم مەزگىلىدە يېتىپ كەلدىم، تۇنسايىمنىڭ مېنى يوقلاپ بارمىغىنىغا دەسلەپ رەنجىگەنىدىم، ئەمدىلىكتە بولسا خاپىلىقلىرىم، رەنجىشلىرىم نەگىدۇر غايىب بولدى. مانا بۈگۈن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشىمەنغۇ. يولدا بىزنىڭ ئۆي تەرەپتىن كېلىۋاتقان مەھەللىلىكلىرىمىز ئۇچراپتى. ئۇلار مەن بىلەن سالاملىشىپ بولۇپلا ماڭا ھەيران بولۇپ قارىشاتتى. كۇسۇرلىشاتتى، ئۇچرىغانلار كۆپەيگەنسېرى كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ تېنىم جۇغۇلداشقا باشلىدى، ئۆيگە يېقىنلاشقانىدا ئاغىنەم ئوسمان يولۇقتى. ئامان-سالامدىن كېيىن ئۇ تۇساتتىنلا:

— ئەمدى كەلدىڭمۇ؟ نېمانچىلا كېچىكىپ كەتتىڭ، تۇنسايىم ئەرگە تېگىپ كەتتى... — دېدى.

بىرسى بېشىمغا توقماق بىلەن ئۇرغاندەك پۈت-قولۇمدا جان قالمىدى. كۆز ئالدىم قاراڭغۇلاشتى،

— كىمگە؟...

— ئاۋۋالقى ئېرىگە... ئۇ ھازىر بەك باي بولۇپ كەتتى...

ھازىر مەن جىگدىلىكتە. ئايمۇ، يۇلتۇزمۇ يوق، شامالمۇ يوق، پۈتۈن ئەتراپ قاراڭغۇ، جىگدىلىك بولسا تېخىمۇ قاراڭغۇ، سۈرلۈك، دەھشەتلىك،

# قايغۇلۇق خەۋەر



ئاتاقلىق شائىر ۋە ئالىم ئەھمەد زىيائى 1989 - يىل 10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ بۇ يىل 76 ياشتا ئىدى.

ئەھمەد زىيائى 1913 - يىل 4 - ئايدا قەشقەر يېڭىشەھەرنىڭ خانېرىق يېزىسىدا تۇغۇلغان. 11 ياش چېغىدا ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشىپ، كۆپلىگەن شېئىرىي ئەسەرلەرنى يازغان. «لاداخ يولىدا كارۋان»، «ۋىجدان ۋە مۇھاكىمە»، «توزۇماس چېچەكلەر»، «رابىيە - سەئىدىن»، «ئەھمەد زىيائىي ئەسەرلىرى» دېگەنگە ئوخشاش كىتابلىرى نەشر قىلىنغان. ئەھمەد زىيائى كلاسسىك ئەدەبىيات ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بىلەن پائال شۇغۇللانغان. «قۇتادغۇ بىلىك»، «تۈركى تىللار دىۋانى» نى نەشرگە تەييارلاشقا قاتناشقان، تالانت ئىگىلىرىنى تەربىيىلەش، ئەدەبىياتىمىزنى گۈللەندۈرۈشكە تېگىشلىك تۆھپە قوشقان. ئەھمەد زىيائىنىڭ ۋاپاتى ئەدەبىياتىمىز ئۈچۈن زور يوقىتىش. بىز ئۇنىڭ ۋاپاتىغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرىمىز.

«تارىم ژۇرنىلى» تەھرىر بۆلۈمى

---

گويا ئۇنىڭ قاراڭغۇ، سۈرلۈك باغرىدىن ئەپتى قورقۇنچلۇق، سانسىز جىن-ئالۋاستىلار چىقىپ، مېنى ھازىرلا بوغۇپ ئۆلتۈرىدىغاندەك تۇيۇلىدۇ، جىگدە ياپراقلىرى سولىشىشقا باشلىغان، شاخلاردا لەرزان ئېغاڭلاشلارمۇ، نازۇك پىچىرلاشلارمۇ يوق، يەر-زېمىن، ئاسمان... ئەمدى جىگدىلەرگە ۋىسال، بەخت توغرىسىدىكى ۋەھىيلەرنى يەتكۈزمەيدۇ، جىگدىلەرمۇ مۇھەببەت قىسسىلىرى توغرىسىدا سۆزلىمەيدۇ، پىچىرلىمايدۇ، ئۇلار گاچا، زۇۋانى تۇتۇلغان. ئاھ...

مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمايىل

www.uyghurkitap.com

نەسرۇللا ئابلەت

# شېئىرلار

## ئاي ۋە زېمىن

ئاي ئۈزىدۇ كۆكتىن بېقىپ زېمىنغا،
دەيدۇ نازلىق ساڭا ئاشىق مەپتۇنمەن.
ئۆتتى ئۆمرۈم سۆيۈپ سېنى نۇرۇمدا،
سۆيگۈ ئوتۇڭ كاۋاپ قىلغان مەجنۇنمەن.

زېمىن دەيدۇ ئاي يارىمغا ئەي لەيلى،
يېتەلمەستىن ۋىسالىڭغا قەلبىم لال.
ھەر پەسىلدە بىر باغ ياساپ چىللايمەن،
گۇۋاھچىسى بولۇر سۆيگۈم ئاشۇ ھال...

## ئەتىگەن

تاغ-دېڭىز، يەر-ئاسمان (جىمى جاھانغا)
ئېپ كېلەر قۇياشنى دىلكەش ئەتىگەن.
ئىش باشلار شېرىن ھېس ئىلكىدە ئىنسان،
كۆڭلىدە پارلىغاچ قۇياش ئەتىگەن.

شەپەقمۇ جىلۋىدار كۈلەر ئەتىگەن،
ئۈزلىكى كۆڭۈلنى قىلىپ مەھلىيا.
باغرىنى قان قىلىپ يايرار ئەتىگەن،
بۇلبۇللار گۈلشەندە گۈلنىڭ ئىشقىدا.

بىخ سۈرۈپ چىقىدۇ مايسا ئەتىگەن،
گۈزەللىك بېغىشلاپ ئانا تۇپراققا.
ئىجادقا چىللىدى مېنى ئەتىگەن،
نېمىشقا پاتقايمەن دەردۇ پىراققا!؟

## كېچە ئاسمىنى

ئەي جەھجەت، بىپايان كېچە ئاسمىنى،
تۇغىسەن ھەر تۈنى سانسىز يۇلتۇزنى.
ئوخشايسەن چاپاكەش ئانامغا گويا،
شەندە جەم قىلغان مىليون كۈندۈزنى.
ئىزدەيدۇ ۋە لېكىن ھەيران قېلىشلار
سەن تۇغقان يۇلتۇزنى —
جىلۋىگەر كۆزنى.

## ئۇستاز قەبرىسى ئالدىدا

(ئاتاقلىق مائارىپچى مەمتىلى
ئەپەندى خاتىرىسىگە)

كۆك يانتاق قۇچاقلاپ يوچۇن قەبرىنى،
ئۆتتۈپتۇ سوكۇنات ئىچرە ئەللىك يىل.
قەبرىنىڭ ئۈستىدە ياشىنىڭ دېمى بار،
شۇ يانتاق يېشى ئۇ، بىلسەڭ ئەگەر دىل،
ئاچ يار ① نىڭ لېۋىدە ئۇخلايدۇ ئوغلان،
بىر بۈيۈك ئارزۇنى پۈكۈپ قەلبىگە.
(ئارزۇسى خەلقنى ئويغىتىش ئىدى،
بەخش ئېتىپ شىپالىق ئۈننىڭ دەردىگە.)

دەرياغا كۆز تاشلاپ ياتىدۇ قەبرە،
دەرياھېس بىر بۈيۈك ئىنساننى چۈمكەپ.
تىنىك يارنىڭ ئاستىدا شىلدىرلار دەريا
سۆيۈملۈك ئۇستازنىڭ نامىنى كۈيلەپ.

① ئاچ يار — مەرھۇمنىڭ يۇرتىنىڭ يېنىدىن ئۆتىدىغان دەريانىڭ ئىسمى.

مەرھۇمنىڭ سىماسى كۆرۈنەر ماڭا،
قەبرىنىڭ ئالدىدا تۇرسام سېغىنىپ.
يەر ئۇنى ئۇلۇغلاپ ئاپتۇ باغرىغا،
ئۇ يەرنى ئۇلۇغلاپ كەتكەچكە سىڭىپ.

كۆك يانتاق باغاشلاپ ياتار قەبرىنى،
شۇ قەبرە قۇچاقلاپ ئانا زېمىننى!

### ئوغلۇم ۋە مەن

ھاياتلىق، مۇھەببەت، تۇغدى ھەم تارىخ،
مېنى ۋە پۈشتۇمدىن باھادىر ئوغلان.
مەن بۈگۈن يەلكەمگە تاغنى يۈكلىسەم،
ئەتىچۇ، ئوغلۇممۇ ھاپاشلار ئاسمان.
بۈگۈنكى ھاياتقا مەنسۇپ مەن تامام،
كېلەچەك تەئەللۇق ئوغلۇمغا ھامان.

مەن كەچكى شەپەقتە سۈيىمەن تاغنى،
ئاداقىي نۇرلارغا يېقىپ ماجالنى.
ئوغلۇمدۇر بىر قۇياش ئەمدى بالقىغان،
ئۇ كۆكتە نۇرلىنىپ قۇچار جاھاننى.

بۇلاقمەن، ئەجرىمدىن بولىدۇ پەيدا،
ئوغلۇمدەك شاۋقۇنلۇق بىر ئەزىم دەريا.

گۈلشەندە چېھرىنى ئاچىدۇ گۈللەر،
ۋە لېكىن پەسلىنى تاللاشقا ئامراق.
باتۇرلۇق تىمسالى باتۇر قارىغاي،
سۇسىزمۇ ياشايدۇ دەشتلەردە توغراق.
يۇلتۇزمۇ ئۇخلىماي باققان ئوغلۇمغا،
ئانا يەر ئۈمىدى باغلانغان ئاڭا!

### باھار گۈلى

باھار گۈلى كۈلەر گويا بوۋاقتەك،
بېزەپ گويا ئانىسىنى — زېمىننى.
يۇلتۇز كەبى جىمىرلاپ ئۇ يەتكۈزەر،
باھار كەلدى! دېگەن قۇتلۇق خەۋەرنى.
بۇ خۇش خەۋەر پارلاپ قۇياش نۇرىدەك،
يۇيۇپ ئۆتەر مۇدھىش قىشنىڭ دېغىنى!

**كامىل ھاجى داموللا①**

## يۇرت ۋە يۇرتداشلىرىمغا ئاتاپ

سالام ساڭا ئانا يۇرتۇم — گۈزەل ۋەتىنىم،
سالام ساڭا ئۇچىماق كەبى باغىم، چىمەنىم.

سالام ساڭا قەددى رەنا، يايلىقى كەڭرى،
ئەي ئالەمنىڭ پەخرى ئالتاي، كۆركى خانتەڭرى!

سالام بوغدا، سالام ساڭا، پىروزە سايرام،
سېنى كۆرمەك يۇرتىمنىڭ ھەسرىتى مۇدام.

سالام ساڭا سۈيى كەۋسەر ئىلى دەرياسى،
سەن سۇغارغان تۇپراقلارنىڭ جاندۇر پىداسى.

① ئاپتور سەئۇدى ئەرەبىستاندا تۇرۇشلۇق جۇڭگو مۇھاجىرى.

ئۇنۇتمۇدۇم سېنى لوپنور، سېنى ئەي باغراش،
ئارزۇيۇمدۇر ساھىلىڭدا دوملاپ ئويناش!

سالام ساڭا ئىلھامبەخش خۇش ھاۋا قىرلار،
سالام ساڭا يېشىل لىباس كىيگەن ئېدىرلار.

سالام ساڭا ئەي زەرەپشان، ئەي ئۇلۇغ تارىم،
تىلەرمەنكىم، قۇچاقىڭدا بولسۇن مازارىم.

چىن يۈرەكتىن سالام ساڭا مېھرىبان ئېلىم،
گەرچە سەندىن يىراقتىمەن، سەن بىلەن دىلىم.

كېچە ـ كۈندۈز ئىنتىزار بوپ سېنى ئويلايمەن،
تا تىرىكمەن دىلىمدا كۈي، سېنى كۈيلەيمەن.

ئۆلسەممۇ مەن ئۇنۇتمايمەن بەرگەن تۇزۇڭنى،
قوينۇڭنى ئاچ، باغرىڭغا ئال بۇ ئۆكسۈزۈڭنى①.

يۈرىكىمدىن ئورۇن ئالغان چوڭقۇر شۇ تىلەك:
ئىستىقبالىڭ ئۈچۈن مەڭگۈ تەر تۆكۈپ ئۆلمەك.

كۆپ سېغىندىم قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ، كۇچارىم،
مۇشتاقىڭمەن شوخ راۋابىم، مۇڭلۇق ساتارىم.

كۆپ سېغىندىم تاغلاردىكى قار ـ مۇزلىرىڭنى،
كۆپ سېغىندىم تۈنلىرىڭنى، كۈندۈزلىرىڭنى.

كۆڭلۈم ھامان سېنى ئىزدەر، ھەر جايدا ئۆزۈم،
سېنى كۆرمەي ئۆلسەم ئەگەر يۇمۇلماس كۆزۈم.

سېغىندىم ئەي گۈزەل يۇرتىنىڭ يازى، باھارى،
تۇتار ھەردەم ئەنجۇر، ئۈزۈملەرنىڭ خۇمارى.

كۆپ سېغىندىم ئۆستەڭلەردە ئاققان سۇلارنى،
كۆل بويىغا سۇغا چىققان پەرى رۇلارنى②!

كۆپ سېغىندىم ھوسۇلغا باي ئېتىزلىرىڭنى،
جانغا دەرمان، دەردكە شىپا قىمىزلىرىڭنى.

سېغىندىم ئەي مەجنۇن تاللار، رەڭمۇرەڭ گۈللەر.
گۈل پەسلىنىڭ شوخ كۈيچىسى تورغاي، بۇلبۇللار.

① ئۆكسۈز ـــ بىچارە، مىسكىن.
② پەرى رۇ ـــ پەرى چىراي.

سۆزلەش بىلەن، يېزىش بىلەن سېغىنچىم پۈتمەس،
تىلدا نامىڭ، دىلدا يادىڭ ھېچ يىراق كەتمەس.

ئۈممىدىم شۇ قوبۇل بولغاي بۇ سالاملىرىم،
چوڭ ـ كىچىك ھەممىڭىزگە ئېھتىراملىرىم.

1988 - يىل 31 - ئۆكتەبىر تائىف.

روزى نىياز

## خوشلىشىش

خوش دېدىم، خوش دېدىڭ كىرپىكىڭدە نەم،
ھاۋادا ئېسىلىپ قالدى جۈپ قوللار.
سەن قالدىڭ، مەن كەتتىم، قېنى كەلگىن دەپ،
باغرىنى ئېچىشتى بۇ چەكسىز يوللار.

كەچمىشلەر نۇرلىنار تاڭدەك سۈزۈلۈپ،
سەن بىلەن ئۆتكەن چاغ كېلەر ئالدىمغا.
نۇرلىنىپ تۇرۇۋەن ئاي بالىسىدەك،
ئاي كەبى چىرايىڭ كېلەر يادىمغا!

ئۇچراشقان ئۇ چاغلار ئۇلىدۇق تويماي
كۈندۈزنى كەچكە يۇ، كەچنى كۈندۈزگە.
قاندۇردۇق لەۋلەرنى نائۈمىد قويماي،
يۇلتۇزلار نۇقۇتتەك كۆرۈندى كۆزگە.

سەن كىرىپ كەلگەنتىڭ باھارنى باشلاپ،
باھاردەك ياشنىغان باھار ئۆمرۈمگە.
ياندىمەن گوياكى مۇقەددەس ئوتتەك،
نۇرلارنىڭ دېڭىزى كۆچتى كۆڭلۈمگە.

يۈرەكلەر تۇتاشقان، ئىستەك قېرىنداش،
قىسمەتتەك يانىدۇ ئايرىلىش، ھىجران.
قەيەردە يۈرسەكمۇ ئوخشاش يانىمىز.
ھېكمەت شۇ بىزدىكى ئاشكارا پىنھان.

خوش دېدىم، خوش دېدىڭ، كىرپىكىڭدە نەم،
ھاۋادا ئېسىلىپ قالدى جۈپ قوللار.
يۈرەكلەر چېچىشتى ھارارىتىنى،
گۈل بولۇپ يېتىشتى ئوكۇ ۋە سوللار.

گۈلسۇم نىياز

## ئىككى شېئىر

شائىر كەتتى ئېلىمدىن...

خەلقىمنىڭ ئوغلانى ئوت يۈرەك شائىر،
ئېلىمدىن ئايرىلىپ كەتتىڭ خەير خوش.
كۆيلىرىڭ بالقىيدۇ تومۇرلىرىمدا،
ئۈنلىگىنسىز قالدۇ دىللىرىم بوپ بوش!

سەن كەتتىڭ، چېچەكلەر بىللە كېتىشتى،
قاش سۈزۈپ چاپچىغان دەريادۇر ئىلھام.
تاغلاردا ئارچىلار ئىپار چېچىشتى،
شېرىن مەي تۇتۇشتى جامىدا سايرام.

يامغۇردەك تۆكۈلەر ۋۇجۇدۇڭدىن كۈي،
يانغىندەك ئويلاردىن ئۆرتىنىدۇ دىل.
جەننەتكە ئوخشاتتىڭ ئېلىنى بەرھەق،
ئۆزۈڭگە ئوخشايدۇ ئېلى، بۇنى بىل!

خوشلىشىپ كەتتىڭسەن ئېلىدىن شائىر،
خرۇستال چۈشلەردەك ھېسلارنى ئېلىپ.
كەتتىڭسەن مىڭ قۇياش ھارارىتى بار،
باغرىڭغا ئابرالنى، سايرامنى سېلىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**تولۇن ئاي بەرسەڭچۇ ماڭا بىر جاۋاب**

قاپقارا كېچىدە ساماغا باقتىم،
ئاي ماڭا جىلمايدى دىلبەردەك قاراپ،
سىرلارنىڭ تەكتىگە يېتەلمەي ھاردىم،
تولۇن ئاي، بەرسەڭچۇ ماڭا بىر جاۋاب.

خىياللار ئىچىگە غەرىقمەن ئەمدى،
ھەر زەررە ۋەسلىنى قىلىمەن تاۋاب.
چىگىشلەر تەكتىگە يېتەلمەي ھاردىم،
تولۇن ئاي بەرسەڭچۇ ماڭا بىر جاۋاب.

ھەر يۇلتۇز كۆزىگە قادىلىمەن جىم،
گۇناھلار باغرىدىن ئىزدەيمەن ساۋاب.
ئادەملەر سىرىنى بىلەلمەي ھاردىم،
تولۇن ئاي بەرسەڭچۇ ماڭا بىر جاۋاب.

رەڭلەرنىڭ ئالدىدا توختىدىم ئۇزاق،
شوللار تېنىمنى ئۆتۈشتى ساۋاپ.
ئالەمدە مۇھەببەت نېمىدىگەن گەپ؟
تولۇن ئاي بەرسەڭچۇ ماڭا بىر جاۋاب.

كېرەمجان سۇلايمان

## شېئىرلار

**كۆزەينەك ئىچىدىكى دۇنيا**

ئىزدەيتىمەن، كەچۈرگىن ئەبەد،
ئاھ، سېنىڭدىن ئازغىنىپ باھار.
ئاق ئەتىرگۈل دەپتىمەن پەقەت،
ئورمىنىڭنى قاپلاپ تۇرسا قار.
زەڭگەر دېڭىز يوق ئىكەن سەندە،
لەرزان كۆيلەر، دەريالارمۇ ھەم.
كۆپ - كۆك مۇزغا بوپتىمەن بەندە،
يىراقتىنلا بىرەلمەي بەرھەم.
ئاسمىنىڭدا كۆرۈنمەس قۇياش
كېچە بولسا ئاي ۋە يۇلتۇزۇك،
بىلەي كەبى ياتسا قارا تاش،
دەپتىمەنغۇ بىلمەي قۇندۇزۇك،
توڭلاي دېدىم زېمىستانىڭدا،
ئىسسىنغۇدەك ئوتمۇ يوق پەقەت،
سەن دېگەن شۇ يانار تېغىڭغا
چىقىپ - چۈشتۈم مۇزلاپ نەچچە رەت.
ئاھ، خەيىر خوش! سىغىندۇرغۇدەك
بىرەلمىدىك ھېچنەرسە زىنھار.
ىراق، سەندە ئەسلەپ تۇرغۇدەك
ئىزىم قالدى مەڭگۈ يادىكار.

**يۈرىكىمدە تاشلاندۇق بىر يول**

يۈرىكىمدە تاشلاندۇق بىر يول،
مېڭىشنى سەن قىلمىغىن ئارمان.
ئاھ، بىر چاغلار يانغان قۇرۇق قول،
بەخت ئىزدەپ ساناقسىز كارۋان.

ئۆتەر باشتىن كۆز، قىش ۋە باھار...
كۆرۈنگىنىدە مەنزىلىنىڭ ئۇچى،
يېتەلەيدۇ ئۇنىڭغا زىنھار
ئەبەدىيلىك — بۇ بىر يولۇچى.

يۈرىكىمدە تاشلاندۇق بىر يول،
مېڭىشنى سەن قىلمىغىن ئارمان.
تەقدىرىڭگە ئۆزۈك ئاگاھ بول،
بەخت ئىزدەپ چىققان ئەي كارۋان.

**ئىنسانىدىك، ئادىدىيلا ئىنسان**

ئىنسانىدىك، ئادىدىيلا ئىنسان،
كۆيلەپ سېنى قىلدىم پەرىزات.
پارا بىرىپ لېۋىڭدىن، يەنە
تەلەپ قىلدىك ئالتۇندىن قانات.

ئىنسانىدىك، ئادىدىيلا ئىنسان،
كۆيلەپ سېنى قىلدىم پەرىشتە.

بۇنىڭغىمۇ كۆتۈردىڭ ئىسيان،
شاھ بولاي دەپ دۇنيا، ئەرشكە...

ئىنسانىدىك، ئاددىيلا ئىنسان.
كۆيلەپ ئاخىر قىلدىم ئىلاھمۇ.
بىراق كۆزگە ئىلمايلا قويدۇڭ،
كۆيلىگىنىم سېنى گۇناھمۇ؟!

**سۆيگۈم باھارنى ئابۇت قىلدى جۇت**

سۆيگۈم ئىدى گويا پەسلى ياز،
ئابۇت قىلدى جۇتلىردىك ئۇنى.
يوقالدى ھەم گۈللىرىمدىن ناز،
سەن سولدۇرغان چەيلەپ شۇ كۈنى.

كەچكۈزۈڭنىڭ ئېتەكلىرىگە
ئاسمىنىمدىن تۆكۈلدى يۇلتۇز.
كۆزلىرىمنىڭ جىيەكلىرىدە،
سەپ تارتىشتى خەنجەرسىمان مۇز.
بىراق، ۋېناس① بېلىقلىرىغا
چېچىۋەتتى پىغانلىرىمنى.
ھورداپ يۈرەر تىنىقلىرىدا
توڭلاپ قالغان خىياللىرىمنى.

**بىھوش دالا، ئىزغىرىن شامال**

بىھوش دالا، ئىزغىرىن شامال
ئاچچىق كۆيلەپ چالدۇ رويال.
پولاتلايدۇ كۆك گۈمبىزدە
ھىلال ئايغا يېزىلغان سوئال.
ئاپئاق قارنى كېپەنلىك قىلىپ،
ياتار يەردە يىرتىلغان سۈرەت.
توڭلاپ قالغان دەريا ئۈستىدە
يېلىنجايدۇ تەنھا ياش يۈرەك.

تەلئەت ئاتاۋۇللا

## يۇلغۇنلار سۆزلەيدۇ مەردلىك قىسسىسى

**سۆيگۈ مەغلۇبىيىتى**

يۇتۇپ كەتتى قىرغاقنى دەريا،
زەيكەشلەرگە ئايلاندى قۇملۇق.
ماڭا كۈلۈپ باققانغۇ دۇنيا،
كىم ئۇ ماڭا تىلىگەن شۇملۇق...؟
ھالسىز تاغلار، ئەرۋاھ جىرالار
بولالمىدى توغان قىيانغا.
سۆيگەنتىمغۇ كۆكنى قىيالار،
يىقىلدى ئۇ ئەمدى قايانغا...؟
يۇلتۇزلارنى يۇتتى بېلىقلار،
گۈلخانلاردىن ئېچىلدى كاچكۇل.
ماگىملانغان ئىدى تىنىقلار،
ئاھ! ئۇنى كىم كۆرمىدى مەقبۇل...؟
توكلۇكلەرگە چاك سالدى قىراۋ،
مۇز ئۆڭكۈرگە سولاندى قۇياش.
بولالمىدى دىللار روبىرو،①
مەغلۇپ سۆيگۈ تۆكەر قان ۋە ياش.

**سەن قاتىل، بىگانە يارمۇ ئاشۇنداق**

سەن مېنى تىرىك دەپ ئويلامسەن تېخى،
روھىمنى سەن ئۆزۈڭ قىلغانغۇ شېھىت.
مەن ئىدىم سۆيگۈدە ھاتەمدەك سېخىي،
ئەپسۇس سەن قەلبىمنى ئۆلتۈردۈڭ (ئېسىت).
نۇر-ئىمان ئىزدىگەن پاك مۆمىن كەبى
سەزگۈمنى ئىشقىڭغا قىلسام سەدىقە،
كۆردۈڭمۇ سەن مېنى ئىش بىلمەس سەبىي،
بەرمىدىڭ مېھرىڭدىن زاكات-نەپىقە.

① ۋېناس — گۈزەللىك ۋە ئىشقى-مۇھەببەت ئىلاھى.

يوق ئەمدى روھىمدا تىرىكلىك نىشان،
پەقەت شۇ تۇرقۇملا ئۆزۈمگە مىسال.
مەن شۇتاپ دۇنيانى تەرك ئەتكەن ئېشان،
ئېڭىمدا يوق باغ، ئاي، دەريا، مەجنۇنتال...

سەن مېنى تىرىك دەپ ئويلىما ھەرگىز،
مەن ئۆلگەن ئەقدەم بىلەن بىر كۈندە.
بەس! ئەمدى مەندىن روھ كۈتمىگىن ئەي قىز،
مەن ئۆلگەن سەن غەيرىي كۆلگەن شۇ تۈندە.

## سائەتكە خىتاب

ئۇچقىنا سائىتىم تىلى، ئۇچ تېزرەك،
تومۇردا دەريادەك ئۆركەشلەيدۇ قان.
بىلىنەر بىر مىنۇت شۇتاپ بىر يىلدەك،
بىر بۈيۈك پۇرسەتكە ئىنتىلمەكتە جان.
ئۇچقىنا-ئۇچقىنا تېزرەك سائىتىم تىلى،
ۋىسالدىن ماڭا قۇت ئاتا قىل چەكسىز.
يۈرىكىم يېرىلىپ كەتمىسۇن ھېلى،
كەلسۇن تېز پۈتۈشكەن ۋاقىت — دەل سەككىز...

**بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ئوسمانجان ساۋۇت**


## «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» گە مۇشتەرى بولۇشقا ئالدىراڭ

«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىدۇ، ئىسلاھات ئۇچۇرلىرىنى يەتكۈزىدۇ، مەدەنىيەت بىلىملىرىنى تارقىتىپ، خەلقنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىدۇ، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» «چولپان»، «يۇرتىمىز تارىخىدىن»، «مەشھۇر زاتلار»، «ئۆچمەس مىراس»، «كۆزنەك»، «سۆزلۈك بۇلاق» ۋە «ماياك» قاتارلىق كۆپ خىل سەھىپىلىرى ئارقىلىق تەگرىتاغ مەنزىرىلىرىنى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ شىنجاڭنى ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈشتىكى قەھرىمانانە ئىشلىرىنى تونۇشتۇرىدۇ. «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» ھەپتىدە ئالتە سان چىقىدۇ، ئۇيغۇرچىسى پوچتا ئارقىلىق تارقىتىلىدۇ، جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ. ئايلىق باھاسى 2.20 يۈەن، پارچە باھاسى توققۇز فۇڭ بولىدۇ.

دۆلەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى: CN65-0031/2.
پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 31-57
«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

سەيپۇل يۇسۇپ

# ئۇنتۇلماس تەسىراتلار ※

(زىيارەت خاتىرىسى)

12 - ئىيۇن، هاۋا ئوچۇق، ۋىلنىوس شەھىرى شەرق شەپىقىنىڭ نۇرىدا تاۋلىنىپ تېخىمۇ گۈزەل تۈس ئالغانىدى. ياشانغان كىشىلەر موماي لىرىنى قولتۇقلاپ بىنالار ئارىلىقىدىكى گۈللۈك باغچىدىكىدەك رەتلىك دەم ئېلىش ئورۇنلىرىدا ئولتۇرۇپ قىزغىن پاراڭغا چۈشكەن بولسا، بەزىلىرى ئاستا قەدەملەردە ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئىشچى - خىزمەتچىلەر ماشىنا بىلەن ياكى پىيادە ئىش ئورۇنلىرىغا ئالدىراش كېتىۋاتاتتى. ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن يەنە بىر كۈنلۈك قىسقا سەپىرىمىزنى باشلىۋەتتۇق. ۋىلنىوسنىڭ گۈزەل كوچىلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ لېتۋا يازغۇچىلار ئىتتىپاقىغا زىيارەتكە باردۇق. لېتۋا يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ ياش گەۋدىسى 1920 - يىللاردا شەكىللەنگەنىكەن. لېتۋا ئۇزاق يىللار باشقا دۆلەتلەرنىڭ هۆكۈمرانلىقىدا بولغان، ئۇ چاغدا لېتۋا يازغۇچىلىرىنىڭ لېتۋا تىلىدا ئەسەر يېزىشى مەنئى قىلىنغانىكەن. «هازىر بىزنىڭ يازغۇچىلىرىمىز لېتۋا تىلىدىمۇ، رۇس تىلىدىمۇ ئوخشاشلا يازالايدۇ، هازىر تىل ئەركىنلىكى بولۇپلا قالماي، نېمىنى يېزىش مەسىلىسىدىمۇ تېمىنى ئەركىن تاللاش هوقۇقىغا ئىگە» دەپ تونۇشتۇردى لېتۋا يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ مەسئۇلى بىزگە.

لېتۋادا ئادەتتە لېتۋا، رۇس، پولشا تىلى قوللىنىلىدىكەن، ئەمما ئۇلار لېتۋا تىلىدا ئەسەر يېزىشنى تەشەببۇس قىلىدىكەن. ئۇلار داشۆ ئوقۇغۇچىلىرىنىمۇ ئۆز تىلىدا ئەسەر يېزىشقا ئۈندەۋېتىپتۇ. ساھىبخان بولغان لېتۋا مەدەنىيەت فوندى جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇللىرى بىز بىلەن رۇس تىلى ئارقىلىق سۆزلەشتى، ئۇلار رۇسچىنى لېتۋا تىلىغا ئوخشاشلا سۆزلەيدىكەن، ياشلار رۇس تىلىنى لېتۋا تىلىدىنمۇ ئوبدان سۆزلىسە كېرەك.

چۈشتىن كېيىن ۋىلنىوس شەھىرىدىن خېلى يىراق بولغان گۇناس شەھىرىگە باردۇق. بۇ شەھەردە 46 مىڭ نوپۇس بار ئىكەن، شەھەر قۇرۇلۇشى پۈتۈنلەي ياۋروپاچە

---

※ بېشى ئۆتكەن سانىدا.

بولۇپ، ئىنتايىن رەتلىك، گۈزەل ئىكەن. شەھەر مەركىزىدىكى خەلق قەھرىمانلىرى، ئىنقىلابىي قەھرىمانلارنىڭ نۇرغۇن ھەيكەللىرى ۋە خاتىرە مۇنارلىرى ئورنىتىلىپتۇ. بۇرۇن بۇ مەيداندا ستالىن ۋە لېنىننىڭ ھەيكەللىرىدىن باشقا ھەممە ھەيكەللەر بۇزۇۋېتىلگەنىكەن. ھازىر ئۇلار بىر-بىرلەپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ گۈزەل تۈسكە كىرىپتۇ. بۇ شەھەرنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى يالغۇز مەركىزىي كوچىلىرىدىلا دەم ئېلىش ئورۇنلىرى ۋە ھەيكەللەر بار بولۇپ قالماستىن، ھەرقايسى مەھەللىلەردە، چوڭ بىنالار ئارىلىقىدىمۇ دەم ئېلىش جايلىرى، دەرەخزارلار ۋە كىچىك باغچىلار بار ئىكەن. كىشىلەر شەھەرنى ئايلىنىپ چارچىغاندا دەرەخلەر ئارىسىدىكى پاكىزە ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇپ دەم ئالىدىكەن. بىز يەنە شەھەرنىڭ غەربىي تەرىپىگە جايلاشقان بىر كونا قورغانغا باردۇق. نېمىس فاشىستلىرى لىتۋانى بېسىۋالغاندا بۇ قورغاندا نۇرغۇن بىگۇناھ خەلقنى قاماپ 90 مىڭ ئادەمنى ئۆلتۈرگەن. جىنايەتلىرىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ئادەملەرنى بىر قەۋەت ياغاچ، بىر قەۋەت ئادەم قىلىپ تىزىپ دۆۋە ياساپ بېنزىن چېچىپ ئوت قويۇۋەتكەن. ئوت نەچچە كېچە-كۈندۈز كۆيگەنىكەن. قۇربان بولغان بۇ قەھرىمانلار ئۈچۈن ھازىر گۈناس دەرياسى بويىغا تاشتىن ناھايىتى ئېگىز خاتىرە ھەيكەللەر تۇرغۇزۇلۇپتۇ. بىز ئۇ يەردە سۈرەتكە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇردۇق. ئاندىن كېيىن گۈناس شەھىرىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى تاغ ئورمان بەلبېغىغا كەلدۇق. ئۇ يەر ئېگىز بولۇپ، شۇ يەردە تۇرۇپ پۈتۈن گۈناس شەھەر مەنزىرىسىنى تاماشا قىلغىلى بولىدىكەن. ئۇ يەر تىك يارغا ئوخشاش يانتۇ جاي بولۇپ ئادەم ئۆتكۈسىز يوغان ۋە زىچ ئورمان بىلەن قاپلانغان، شۇ ئورماننىڭ جەنۇبىي قىسمىنى بۇرۇن پرۇسسىيە بۆلۈۋېلىپ گۈناس شەھىرىنى قاپ بېلىدىن ئىككىگە ئايرىۋەتكەنىكەن. ھازىر بۇ گۈزەل ئورمان بىر-بىرى بىلەن ھۆسن تالىشىپ لىتۋالىقلارنىڭ سەيلە-تاماشا قىلىدىغان جايىغا ئايلىنىپتۇ. چۈشتە مۇشۇ جايدىكى بىر رېستوراندا بىز ئۈچۈن مەخسۇس بۇيرۇتۇلغان لىتۋاچە سامسا يېدۇق. ئۇلارنىڭ سامسىسى ئىنتايىن مەززىلىك بولۇپ، قوي گۆشىنىڭ قارا گۆشىدە دورا-دارمان سېلىپ ئېتىلىدىكەن، تونۇردا ئەمەس دوخوپكىدا پىشۇرۇلىدىكەن، خېمىرى ئالاھىدە تۇخۇم، ماي بىلەن ئىشلەپ يۇغۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن ھەم يۇمشاق ھەم مەززىلىك بولىدىكەن، ئۇلار سامسىنى «سامباتى» دەيدىكەن.

ئۇ يەردىن چىقىپ گۈناس شەھەرلىك لىتۋا خەلق مىللىي چالغۇ ئەسۋابلىرى مۇزېيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. ئانچە چوڭ بولمىغان چىرايلىق، پاكىز ھويلىدىكى كىچىكرەك ئىككى قەۋەتلىك بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋىتى مۇزېي ئىكەن. بىز تار ئىشىكتىن كىرىپ ياغاچ پەلەمپەي ئارقىلىق يۇقىرىغا كۆتۈرۈلدۇق. كۆرگەزمە ئىشىكىدىن كىرىشىمىزگە جاراڭ-جۇرۇڭ قىلغان سادا چىقىپ مۇزىكا چېلىندى. كۆرگەزمە بىناسىنىڭ يۇقىرىسىغا قوڭغۇراق شەكلىدىكى 20 نەچچە مىس ئەسۋاب ئېسىلغان بولۇپ، ئۇلارنى قول تايىقى بىلەن ئۇرۇش ئارقىلىق كۈيگە كەلتۈرگىلى بولىدىكەن، ئۇ يەردە ئىپتىدائىي شەكلىدىكى چېكىپ كۈيگە كەلتۈرگىلى بولىدىغان بىرقانچە خىل چالغۇ ئەسۋابلىرى، بىر توپ نەيمۇ بار ئىكەن. نەيلەرنىڭ تۈرى 20 نەچچە

خىل بولۇپ، پادا باققاندا چالىدىغان نەي، باللار ئۆزلىرى ياسىغان نەي، قومۇش يىلتىزىدىن ياسالغان نەي، تال تېرەكلەردىن ياسالغان بىر قانچەخىل «سېغىز»، سېغىزدىن ياسالغان بىرقانچە خىل «چور»، بىرقانچە ئون خىل «قوۋۇز» دىن تارتىپ هازىرقى زامان چالغۇلىرىدىن بىر يۈرۈش دوخوۋوي ئوركېستىرغا كىرىدىغان چالغۇلار، دۇخۇرەتكە (20 خىل)، بايان (ئون نەچچە خىل)، ئاكاردىئون (بىرقانچە خىل)، ئىسكىرىپكا (چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك بىرقانچە خىل)، پىيانىنو (بىرقانچە خىل)، توك بىلەن ئوينايدىغان پىئانىنوغىچە 100 نەچچە خىل چالغۇ قويۇلغان. مېنى هەيران قالدۇرغىنى شۇ بولدىكى، بۇ يەرگە بىرنىڭ مەكتەپتە ئىشلىنىپ ئوينىلىدىغان قەدىمىي خەلق چالغۇسى قالۇننىڭ بىرقانچە خىلى قويۇلغانىدى، مەن ئۇنىڭغا ئالاھىدە قىزىقتىم. «بۇ نەرسە بىزدىمۇ بار، سىلەر بۇنى قانداق چالىسىلەر، ئىسمىنى نېمە دەپ ئاتايسىلەر» دەپ سورىدىم. ئۇلار ئۇنى «كانتوس» دەپ ئاتايمىز، دېدى. چېلىش ئۇسۇلىنى كۆرسەتتى، ئۇلارنىڭ چېلىش ئۇسۇلى ئاساسىي جەھەتتىن بىزنىڭ قالۇن چېلىش ئۇسۇلىمىزغا ئوخشايدىكەن، زەخمەك بىلەن سىمنى بېسىپ هەم سىمنى سىيرىپ چېلىشلىرى ئوخشايدىكەن.

بۇ چالغۇ ئەسۋابلىرى مۇزېيىنىڭ 50 ياشلار چامىسىدىكى ئىمى ۋايدۇتاي ئالىناس ستولگا ئىسىملىك بىر مەسئۇلى بولۇپ، ئۇنىڭ خىزمەت كۆرسەتكەن جۇمهۇرىيەت خەلق مۇزىكانتى، «خەلق مىللىي مۇزىكا ئەسۋابلىرى ئۇستىسى. «پروفېسسور» دېگەن ئۈچ تۈرلۈك ئالىي ئۇنۋانى باردىكەن. ئۇنىڭ ئالىي ئۇنۋانغا لايىق ئاجايىپ تالانتى بولۇپ، بۇ مۇزېيغا قويۇلغان 100 نەچچە خىل چالغۇ ئەسۋابىنىڭ ئورغۇنلىرىنى بىر - بىرلەپ چېلىپ ئورۇنداپ كۆرسىتىپ بەردى. ئۇنىڭ ئەڭ قىممەتلىك هەم هۆرمەتلەشكە تېگىشلىك يېرى خەلقنىڭ مىللىي مۇزىكىلىرىنى يىغىش، ساقلاشتىكى ئېتىقادى، مۇزىكىغا بولغان قىزغىن مۇھەببىتى ئىكەن. بۇ مۇزېيدا لىتۋا خەلق چالغۇ ئەسۋابلىرىلا بولماستىن، لىتۋادا ياشايدىغان باشقا مىللەتلەرنىڭ چالغۇ ئەسۋابلىرىمۇ قويۇلغان. بۇ چالغۇلاردىن بەزىلىرى لىتۋا خەلق چالغۇلىرىغا ئۆزلىشىپ قالغان چەت ئەل چالغۇلىرى، بەزىلىرى ئۆزلەشمىگەن بولسىمۇ ئۇرۇش يىللىرىدا ياكى باشقا سەۋەبلەر بىلەن لىتۋادا ساقلىنىپ كەلگەن چەت ئەل چالغۇلىرى ئىكەن. مەن قالۇننىڭ بىرنەچچە خىل نۇسخىسىنى سۈرەتكە ئېلىپ كەلدىم، چالغۇ ئەسۋابلىرىنى تەتقىق قىلىۋاتقان يولداشلارنىڭ پايدىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

13 - ئىيۇن لىتۋا جۇمهۇرىيىتى ئالىي سوۋېتىغا زىيارەتكە باردۇق. ئالىي سوۋېت ئىشخانىسى سىرتقى كۆرۈنۈشى ئانچە ئالاھىدە ئەمەس، ئىچكى قۇرۇلۇشى ئىنتايىن گۈزەل قەدىمىي بىنا ئىكەن. ئالىي سوۋېتنىڭ رەئىسى، لىتۋا مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى، لىتۋا يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسى قاتارلىق كىشىلەر ئىشخانىدا بىزنى كۈتۈپ ئولتۇرغانىكەن، لىتۋا مەدەنىيەت فوندى جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇلى بىزنى باشلاپ كىرگەندە ئالىي سوۋېت رەئىسى باشلىق هەممە كىشىلەر ئالدى بىلەن ئۆمەك باشلىقى ئاندىن هەممىمىز بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

رەئىس ئالدى بىلەن ئىنتايىن قىزغىن ۋە تەسىرلىك سۆز قىلىپ ئۆمىكىمىزنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ سۆزىدە مۇنداق دېدى: جۇڭگو بىلەن لېتۋانى بەكمۇ ئۇزاق مۇساپە ئايرىپ تۇرغان بولسىمۇ، كۆڭۈل رىشتىمىزنى ئايرىيدىغان ھېچقانداق كۈچ يوق، ئۇلۇغ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەدەنىيەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ بىزنىڭ لېتۋا جۇمھۇرىيىتىنى زىيارەت قىلىشى بىرىنچى قېتىم. سىلەر دوستلۇق ئىشىكىنى ئاچتىڭلار، دوستلۇق مۇناسىۋىتىمىزنى راۋانلاشتۇردۇڭلار. ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئۆزئارا تەجرىبە ئالماشتۇرۇش ئىشىدا سىلەرنىڭ قەدىمىڭلار ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە، بىز ئۇلۇغ جۇڭگو خەلقىنىڭ ئاجايىپ مەدەنىيەت مۆجىزىلىرىگە بايلىقى ۋە تالانتلىق يازغۇچىلىرىنىڭ بارلىقىنى بىلىمىز. بىزنىڭ لېتۋا يازغۇچىلار ئىتتىپاقىمىز خېلى بۇرۇنلا جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۇلۇغ يازغۇچىلىرىدىن لۇشۇن، لاۋشې، ماۋدۇن، گومورو قاتارلىق 16 يازغۇچىنىڭ ئەسەرلىرىنى، خەلق ھېكايە - چۆچەكلىرىنى لېتۋا تىلىغا تەرجىمە قىلىپ تارقاتقان، بىز ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ بەھىر ئالغانمىز. بىز يەنىمۇ تىرىشىپ ھازىرقى زامان جۇڭگو يازغۇچىلىرى ۋە ياش تالانت ئىگىلىرىنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلماقچىمىز. ھازىرچە ئىشلىمەكچى بولغانلىرىمىز 30 نەچچىگە يېتىدۇ. دۇفۇ، لى بەيلەرنىڭ ئەسەرلىرىنىمۇ ئىشلەش لازىم. مېنىڭچە بۇلارمۇ كۇپايە قىلمايدۇ. ئارىمىزدىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشىمىز، بولۇپمۇ بېرىش - كېلىش، ئېكسكۇرسىيە ئۆمەكلىرى ئەۋەتىشنى كۈچەيتىشنى، يازغۇچىلار، سەنئەتكارلاردىن كۆپلەپ كېلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. لېتۋا تىلى سانسكرىت — گېرمان تىل سىستېمىسىغا كىرىدۇ. تىلىمىزنىڭ ئوخشىماسلىقى دىلىمىزنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. دۇنيادا تىلى ئوخشايدىغان، دىلى ئوخشىمايدىغان ئەھۋاللار كۆپ. دېمەكچى بولغۇنۇم مۇساپىمىزنىڭ يىراقلىقى، تىلىمىزنىڭ ئوخشىماسلىقى دوستلىقىمىز ئۈچۈن توسالغۇ بولالمايدۇ. جۇڭگو بىلەن دۆلىتىمىزنىڭ دوستلۇق ئەنئەنىسى بار، سوغۇقچىلىق يىللاردا دىلىمىز غەش بولغان. بۈگۈن كۆڭلىمىز قايتا يايرىدى، مېنىڭ 3 مىليون لىتۋالىقلارغا ئۇلۇغ خەلقىنىڭ دوستلۇقىنى ئېلىپ كەلگەن سىلەرگە — سۆيۈملۈك دوستلارغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرۈشۈمگە رۇخسەت قىلغايسىلەر، سىلەرگە ئاق يول تىلەيمەن.

مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى: «بىز سىلەرنى كۆرۈپ كۆپ ئىلھام ئالدۇق. سىلەر ئاچقان مۇشۇ يولنى تاقىمايلى، بىز ئۇلۇغ دۆلىتىڭلارغا بېرىپ زىيارەتتە بولۇشنى چۈشىمىزدىمۇ چۈشەيمىز» دېدى.

ئالىي سوۋېتتىن چىقىپ لېتۋا ژۇرنالىستلار جەمئىيىتى، لېتۋا ئۇنىۋېرسىتېتى، لېتۋا خەلق فرونتى، لېتۋا مەدەنىيەت فوندى جەمئىيىتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ مۇخبىرلىرىنى قوبۇل قىلىپ، لېتۋا جۇمھۇرىيىتىدە بولغان ياخشى كۈنلىرىمىزدە ئالغان تەسىراتلىرىمىزنى ئېيتتۇق.

مۇخبىرلار بىزنىڭ سۆزلىرىمىزنى ئۈنئالغۇغا، سۆھبەت جەريانىنى سىنئال-

غۇغا ئالدى. مۇخبىرلار بىزدىن رازى بولغانلىقلىرىنى بىلدۈردى، يەنە بىزدىن يېتىشسىز تەرەپلىرىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرىشىمىزنى ئۆتۈندى. ئۆمىكىمىزنىڭ باشلىقى: «بۇ سوئالنىڭ جاۋابى نېسى قالسۇن، ئىككىنچى قېتىم كېلىپ كۆپرەك ئۆگەنگەندىن كېيىن جاۋاب بېرەي» دېدى. ئۇلار كۈلۈشۈپ كەتتى.

ئۇ يەردىن چىقىپ «ۋىلنىۇس رەسىم كۆرگەزمىسى» نى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. بۇ گۈزەل سەنئەت مۇزېيى 1907 - يىلى قۇرۇلغان، مۇزېينىڭ ئاساسلىق رەسىملىرى ئۇزۇن مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە ۋىلنىۇسنىڭ قەدىمىي قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەسەرلەر ئىكەن. 1924 - يىلى گۈزەل سەنئەت ئىنستىتۇتى قۇرۇلۇپ لىتۋانىڭ گۈزەل سەنئەت تارىخىدا گۈللەپ ياشناش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلگەن. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا مەخسۇس تەربىيە ئالغان گۈزەل سەنئەت خادىملىرى كۆپىيىپلا قالماي، چەت ئەللەردىكى ئاتاقلىق گۈزەل سەنئەت بىلىم يۇرتلىرىنى پۈتتۈرگەنلەرمۇ كۆپلەپ سەپكە قوشۇلغان. ئۇلارنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، گۈزەل سەنئەت جەھەتتە دۇنيا مىقياسىدا بار ئېقىملارنىڭ ھەممىسى لىتۋادا بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى لىتۋا خەلقىنىڭ مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈشكە ئاجايىپ تۆھپىلەر قوشماقتا ئىكەن. چۈشتىن كېيىن سائەت 4 يېرىمدا ۋىلنىۇس رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىغا باردۇق. بۇ يەرگە كېلىشىمىزدىكى مەقسىتىنىڭ بىرى بۈگۈن مۇخبىرلار بىلەن بولغان سۆھبەت يىغىنىمىزنىڭ سىنئالغۇ فىلىمىنى كۆرۈش بولسا، يەنە بىرى مۇشۇ رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىناسىنىڭ 15 - قەۋىتىدىكى 130 مېتر ئېگىزلىككە ئورۇنلاشتۇرۇلغان كوفېيخانىدا ئولتۇرۇپ كوفې ئىچكەچ پۈتۈن ۋىلنىۇس شەھىرىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىش ئىدى. مۇخبىرلار بىلەن بولغان سۆھبەت يىغىنىمىزنىڭ سىنئالغۇ فىلىمى تېخى تەييار بولمىغانلىقى ئۈچۈن كوفېيخانىغا چىقتۇق. بۇ كوفېيخانىدا كوفېلارلا بولۇپ قالماي، ھەر خىل تائاملار، ئارشاڭ سۈيى، كۇۋاس، لېمونات قاتارلىق نەرسىلەر بار ئىكەن. كوفېيخانا يۇمىلاق شەكىلدە بولۇپ، يوغان، ئېسىل ئەينەكلىك دېرىزىلىرىمۇ يۇمىلاق شەكىلدە ئىكەن. كافېيخانا چۆگىلەپ تۇرغاچقا، كافې ئىچىپ جايىڭىزدا ئولتۇرۇپ شەھەرنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى كۆرەلەيدىكەنسىز. ئەنە شەھەر مەركىزى، ئەنە بىز چۈشكەن «ۋىلنىۇس مېھمانخانىسى»، ئەنە ئالىي سوۋېت بىناسى، چېركولار...

كافېيخانا دېرىزىسىدىن پۈتكۈل ۋىلنىۇس شەھىرى كىنو لېنتىسىدەك ئۆتكىلى تۇردى. شەھەرنى ئىككىگە بۆلۈپ ئېقىۋاتقان ۋىلنىۇس دەرياسى ئېگىزدىن خۇددى يىلان باغرىدەك پارقىراپ ۋىلنىۇسقا گۈزەللىك بېغىشلايتتى. دەريا بويىدىكى خەلق باغچىسى شەھەرگە ھۆسن قوشۇپ تۇرىدۇ. شەھەر خۇددى چىرايلىق سىزىلغان بىر پارچە گۈزەل رەسىمگە ئوخشايتتى. ۋىلنىۇس ھەقىقەتەن چىرايلىق شەھەر بولۇپ، لېنىنگرادتىن قالسا مۇشۇ شەھەر گۈزەلمىكىن دەپ ئويلاپ قالدىم. لىتۋا، لاتۋىيە، ئېستونىيە قاتارلىق سوۋېت ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىرى ئوتتۇرا دېڭىز بويىغا جايلاشقان بولۇپ، غەربىي ياۋروپاغا تۇتاشقان. لىتۋا ياۋروپا شەكلىدىكى قەدىمىي شەھەر، شەھەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئۆزگىچە بولۇپ، 20 — 30 قەۋەتلىك ئىمارەت-

www.uyghurkitap.com

لەر ئاز ھەم ناھايىتى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئىمارەتلەر ئورمانزارلىق، باغـچا، دەم
ئېلىش ئورۇنلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، كىشىگە بىر خىل تىنچ، خاتىـرجەملىك
تۇيغۇ بېغىشلايدۇ. ھاۋاسى تازا، سۇيى مول، مەنزىرىلىك جايلار، فونتانلار كۆپ. شەھەر-
نىڭ مەركىزىدىلا ئەمەس، چەت ياقلىرىمۇ ئوتلاق، يايلاق، ئورمان، ئۈت - چۆپ، چىملىق
بىلەن قاپلانغان. كوچىلىرى پاكىزە. قۇرۇشقا باشلىغان ياكى ئۆسۈشتىن توختىغان دە-
رەخلەرنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ئەكسىچە ھازىرلا يامغۇر يېغىپ يۇيۇپ ئۆتكەندەك ئۈت-
چۆپ، دەرەخلەر نىـڭ ئۇچلىرىدا سۇ تامچىلىرى ئويناپ تۇرىدۇ. بۇ يەرلەردە ئازراقمۇ
ئىس تۈتەك بولمايدىكەن. لېتۋالىقلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئالاھىدىلىكى ئورمان بىنا قىلىش، كۆ-
كەرتىش، سايـاھەت ئورۇنلىرىنى ئاسـراش ئىكەن. يېـشىل تون كىيـگەن بۇ جايـلارنى
كۆرگەندە تەبىئەت سېخىيلىقىنى مۇشۇ جايلارغىلا بېغىشلىغان بولغىيمىدى، دەپ ئويلاپ
قالىدۇ كىشى. لېـتۋادىن ئايرىلىدىغان مىنۇتلىرىمىز يېقىنلاشماقـتا ئىدى. لېتـۋالىقلارنىڭ
بىزگە قالدۇرغان تەسىراتى چوڭقۇر بولدى. ئۇلار بۇ گۈزەل ماكاندا ئەركىن، خۇشال-
خۇرام تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. بەكمۇ مېھماندوست ئىـكەن. ناخشا - ئۇسسۇلغا ئامراق ئىـ
كەن. تاماقـلىرى كـۆپرەك گۆش، سۈت، قايماق، قېتىق، بولـكا، كافىي بولۇپ، ئوزۇق-
لىنىشقا دىققەت قىلىدىكەن، كىيىنىشتە ھەرخـىل مىللىي كىيىمـلەرنى، كاستـيۇملارنـى
كىيىشىدىكەن. ئاياللىرىنىڭمۇ، ئەرلىرىنىڭمۇ كىيىملىرى رەتلىك بولىدىكەن.

ئۇلار بىزنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىمىزگە ناھايىتى ھۆرمەت بىـلدۈردى. بىـزنى ئەڭ
ئېسىل جايلارغا ئاپىرىپ ساياھەت قىلدۇردى. گۈناس شەھىرىدىكى گۈزەل كۆلگە ئېلىپ
باردى. كۆلدە مەخسۇس قېيىقچىلار باركەن. قېيىقلارغا ئولتۇرۇپ بىر - ئىككى سائـەت
ئايلاندۇق، كۆلنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى سايرام كۆلىدەك بولـۇپ، خۇددى سايـرام كۆلىگە
ئوخشاش چىرايلىقكەن. كۆلنىڭ ئەتراپىدىكى ئۈچ چوڭ قورغان كـۆلنى قوغـداپ تۇر-
غاندەك كۆرۈنىدىكەن. نېـمىس فاشىستـلىرى بېسىۋالـغان يىـلـلاردا بـۇ گـۈزەل كـۆل
غـۇن لـىتـۋالـىـقـلارنـىڭ بـىـگـۇنـاھ قـېـنـىـنـى بـىـلـەن بـويـالـغـانـىـكـەن. ھـازىـر ئـۇ
نـۇر يـەر لېـتـۋالـىـقـلارنـىڭ دەم ئـېـلـىش، سـايـاھـەت ئورنى بولـۇپ قاپـتۇ. ئۇلار
بۇ كۆلنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسرايدىكەن. ئۇلار مېنىڭ شىنجاڭلىق ئۇيغۇر ئىكەنلىكىمـ
گە قىزىقتى. ئۇلارنىڭ شىنجاڭ ۋە شىنجاڭدا ياشايدىغان ئۇيغۇرلار توغرىسىدا چـۈشەنـ
چىسى چوڭقۇر ئەمەس ئىكەن، ئۆمەك تەركىبىدە مېنىڭمۇ بارلىقىم ئۇلارنـىڭ جۇڭخۇا
خەلق جۇمھۇرىيىتىدە ھەممە مىللەت باراۋەر - ئىتتىپاق ئىكەنلىكىنى چـۈشىنىشـلىرىگە
ياردەم بەردى. ئۇلار خۇش چاقچاق بولۇپ، ماڭا چاقچاق قىلىشقا ئۇرۇنۇشتى. بىراق تىل
بىلمىگەچكە بېرىم سۆز، يېرىم ئىما ئىشارەت قىلىشقا مەجبۇر بولۇشتى. ئۇلار شىنـجاڭدا
مۇشۇنداق گۈزەل جايلار بارمۇ دېگەننى ئۇقتۇردى. مەن تەرجىمان ئارقىلىق شىنجاڭدا گۈزەل
جايلارنىڭ كۆپلۈكىنى، ئالتايدا قاناس كۆلى، ئىلى يولىدا سايرام كۆلى، ئۈرۈمچى ئەتـ
راپىدا نەچچە مىڭ مېتىر ئېگىزلىكتىكى بـوغدا چـوققىسـىدا ئىنـتايىن گـۈزەل تەڭرىـ
كۆلىنىڭ بارلىقىنى چۈشەندۈردۈم. تەڭرىكۆل ۋە شىنجاڭنىڭ باشقا گۈزەل جايـلىرىنى
كۆرسىتىدىغان ژۇرناللارنى ئۇلارغا كۆرسەتـتىم. مەن شىنجاڭنىـڭ ئىقتىـسادىي، پەن -

تېخنىكا، ئەدەبىيات - سەنئەت، بولۇپمۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ناخشا- مۇزىكىلىرىنى كۆرسىتىدىغان ،شىنجاڭنى چۈشەندۈرىدىغان ماتېرىياللارنى بارغانلا جايلاردا تەقدىم قىلىپ ماڭدىم. ئۇلار سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ، ماتېرىياللارنى كۆرۈپ، ئىنتايىن خۇشال بولدى. بىز سىلەرنىڭ بۇ گۈزەل جايلىرىڭلارنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولارمىزمۇ، دېيىشتى. بىز بۇ كۈننى ناخشا سادالىرى ئىچىدە ئۆتكۈزدۇق. بىزنىڭ لېنىنگرادتىكى كۈنلىرىمىز شۇ تەرىقىدە كۆڭۈللۈك ئۆتتى.

شۇ كۈنى كەچ سائەت 7 لەردە لېنىنگرادقا پويىز ئىستانسىسىغا چىقتۇق. لېنىنگرادقا كەلگىنىمىزدە پويىز ئىستانسىسىغا چىقىپ كۈتۈۋالغۇچىلارنىڭ ھەممىسى بىزنى ئۇزىتىپ چىققانىدى. ئۇلارنىڭ بىزدىن ئايرىلغۇسى كەلمىگەن كۈچلۈك ھېسسىياتى شوخ ۋە ئوتكۆر كۆزلىرىدىن ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. ئۆمىكىمىزدىكى بارلىق يولداشلار ئۇلاردىن ئايرىلىشقا قىيمىغان ھالەتتە ئۇلار بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلاشتۇق. ئۇلار قايتا كېلىشىمىزنى ئۈمىد قىلىپ ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن توۋلاشتى. پويىز ئۇزاپ كەتكەن بولسىمۇ ئۇلار تېخىچە قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ بىزگە ئاق يول تىلەيتتى. خوش، گۈزەل ماكان لېنىنگراد، خوش، گۈزەل ماكان ۋىلنوس دەپ ئىچىمىزدە پىچىرلىغاچ ئۆز ئورۇنلىرىمىزغا جايلاشتۇق. پويىز ئۇزۇن ئۆتمەي دېرىزىلىرىدىن نەمخۇش ھاۋانى كىرگۈزۈپ، سالقىن ئورمان ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

14 - ئىيۇن ھاۋا تۇتۇق بولدى. كېچىچە ياغقان يامغۇرنىڭ ئايىغى تېخى ئۈزۈلمىگەنىدى. پويىزنىڭ بىر خىلدا تاقىلداۋاتقان رىتىملىق ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

كېچىنىڭ نەمخۇش ھاۋاسى ئېزىۋەتتىمۇ ياكى خۇش كەيپىياتنىڭ تەسىرىدىنمۇ خېلى بەك ئۇخلاپ كېتىپتىمىز. سائەت 7 يېرىمدا ئورنىمىزدىن تۇرۇپ سىرتقا قارىساق پويىز يەنىلا ئورمان ئىچىدە كېتىۋېتىپتۇ. بىرە - بىرە كەپە شەكلىدە سېلىنغان ياغاچ ئۆيلەرمۇ كۆرۈنۈپ قالاتتى. زوۋۇكتىن دېكتورنىڭ لېنىنگراد شەھىرىنى تونۇشتۇرغان ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

لېنىنگرادنىڭ ئەسلى ئىسمى پېتىرگراد. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە قەدىمىي مەدەنىيەتكە، ئۇزۇن يىللىق ئىنقىلابىي ئەنئەنىگە ئىگە گۈزەل شەھەرلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

سائەت 8 دە لېنىنگرادقا يېتىپ كەلدۇق، لېنىنگراد مەدەنىيەت فوندى جەمئىيىتىنىڭ بىرىنچى مۇئاۋىن رەئىسى مولۇنوۋ باشلىق 7 - 8 دەك كىشى پويىز ئىستانسىسىدا كۈتۈپ تۇرغانىكەن. ئۇلار بىزنى لېنىنگراد شەھەرلىك موسكۋا مېھمانخانىسىغا ئورۇنلاشتۇردى. بۇ مېھمانخانا نېۋا دەرياسىنىڭ بويىغا، لېنىنگراد بويىچە ئەڭ چوڭ مۇزېي — نېكولاي I نىڭ پادىشاھلىق مۇزېيىنىڭ ئالدىغا جايلاشقان، كۆلىمى ئىنتايىن چوڭ مېھمانخانا ئىكەن. مېھمانخانىدا 1415 يۈرۈش ئۆي بولۇپ، بەزى ئۈچ، تۆت ئېغىزلىق بىر يۈرۈش ئۆيدىمۇ بىر ئادەم تۇرىدىكەن. كۈندە 1415 ئادەمنى قوبۇل قىلىدىكەن، ئۆيلەر ئازادە بولۇپ، زامانىۋى ئۈسكۈنىلەر ئورنىتىلغان. مەن 7 - قەۋەتنىڭ 7020 - ئۆيىگە ئورۇنلاشتىم.

ئالدى بىلەن لېنىنگراد شەھەرلىك مەدەنىيەت فوندى جەمئىيىتىگە باردۇق. بۇ

www.uyghurkitap.com

جەمئىيەتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يولداش مولۇنوۋ ئەھۋال تونۇشتۇردى. بۇ جەمئى-
يەت مەملىكەت بويىچە ۋەزىپىسىنى ئەڭ ياخشى ئورۇندىغان جەمئىيەتلەرنىڭ بىرسى
ئىكەن. لېنىنگراد ئەڭ قەدىمدىن تارتىپلا پەن ـ مەدەنىيەت ئىشلىرى تەرەققىي قىلغان
شەھەر بولغاچقا، مەدەنىيەت خادىملىرى، مەشھۇر يازغۇچىلار، پەن ئالىملىرى، مەش-
ھۇر ئارخىتېكتور، گۈزەل سەنئەتچىلەر، كىنو چولپانلىرى، رېژىسسور، كومپوزىتور،
ئارتىستلار، دراماتۇرگلار، بالېت ئۇستىلىرى قىسقىسى لېنىن ئوردىنى بىلەن مۇكاپات-
لانغان ئاجايىپ تالانت ئىگىلىرى، زىيالىيلار زىچ توپلاشقان جاي ئىكەن، شۇڭا بۇ جەم-
ئىيەتنىڭ مەسئۇلى ئەھۋاللارنى تونۇشتۇرۇپ كېلىپ مۇنداق دېدى: شۆبە جەمئى-
يەت لېنىنگرادنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىگە ئاساسەن ئىش يۈرگۈزىدۇ، ۋەزىپىمىز
ئىنتايىن ئېغىر. بىز ئىقتىسادىي جەھەتتە ھۆكۈمەتكىلا قول سۇنۇپ تۇرمايمىز، ئۆزىمىز-
مۇ ئىقتىساد توپلايمىز. ئۆزىمىزنىڭ ئاكتىپلىقىغا تايىنىپ ئىشلەيمىز. خىزمەتتە بىرىن-
چىدىن، زىيالىيلار بىلەن، ئىككىنچىدىن، جەمئىيەتتىكى ھەر قاتلام، ھەر ساھە، ھەرقاي-
سى خەلق تەشكىلاتلىرى بىلەن ئىتتىپاقلىشىش كېرەك. خىزمەتتە پىلان، لايىھە تۈزۈش، تەك-
لىپ بېرىش بىلەنلا ئىش پۈتمەيدۇ، ئەمەلىيلەشتۈرۈش مۇھىم. جەمئىيىتىمىزنىڭ قار-
مىقىدا مەدەنىيەتنى قوغداش، رەتلەپ نەشىر قىلدۇرۇش تەشكىلاتلىرى بار. ئۇلار خا-
تىرە مۇنارلار تىكلەش، مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ساقلاش، رېمونت قىلىش، ئەسلىگە
كەلتۈرۈش كۆرگەزمە قىلىش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىدۇ.

بىزنىڭ ئىتتىپاقلىشىش سىپىمىز شۇنداق كەڭرى. ئۇ يالغۇز مەدەنىيەت ئەربابلى-
رى، پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىغىلا تايىنىپ قالماي قۇرۇلۇش ئىنژېنېرلىرى، نەشرىيات-
ئاخبارات خادىملىرى، بولۇپمۇ چەتئەلدە تۇرۇشلۇق رۇسىيە مۇھاجىرلىرىنى ھەرىكەت-
لەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ خالىس ياردىمىگە ئېرىشىشكىمۇ دىققەت قىلىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ ئې-
سىل مەدەنىي مىراسلىرىنى تەقدىم قىلىشقا، يىغىشقا ئۇيۇشتۇرىدۇ. مەسىلەن: بۇرۇن
چار پادىشاھنىڭ سارىيىنى رېمونت قىلىشقا مەسئۇل بولغان چار پادىشاھنىڭ يۇقىرى
دەرىجىلىك ئەمەلدارى نىكولاي لوۋتىينوچىنىڭ ھەممە پەرزەنتلىرى چەتئەلدە ئىدى،
ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەشھۇر پەن ئالىمى، رەسسام، رېژىسسور، مۇزىكانت، كومپوزىتور،
يازغۇچى بولۇپ يۇقىرى دەرىجىلىك زىيالىيلار ئىدى، ئۇلار دۆلىتىمىزنىڭ ئېسىل مەدە-
نىيەت مىراسلىرىدىن ئۆزلىرى ئىجات قىلغان 1000 پارچىدەك ئەسەرنى بىزنىڭ جەم-
ئىيىتىمىزگە تەقدىم قىلدى. بىز بۇ ئەسەرلەرنى «نىۋا جەمئىيىتى» مۇزېيىغا تاپشۇ-
رۇپ بەردۇق. بۇ مۇزېي مۇشۇ خىلدىكى كىشىلەرنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تولۇقلىنىپ ۋە
يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ. كىرىمىمۇ ناھايىتى يۇقىرى بولىدۇ. لېنىنگرادتا «نىۋا مېھمانخانى-
سى» دېگەن مېھمانخانا بولۇپ، چەتئەلدىكى رۇسىيە خادىملىرى مۇشۇ مېھمانخانىغا كې-
لىپ سۆزلىشىش، توختام تۈزۈش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارىدۇ. ھەر يىلى 100 دەك دۆلەت-
تىكى رۇسىيە مۇھاجىرلىرىدىن گۈزەل سەنئەت، ھەيكەلتىراچ، رېژىسسور، كومپوزىتور، نە-
شرىياتچىلار كېلىپ پائالىيەت ئۆتكۈزىدۇ، جەمئىيىتىمىزگە ياردەم قىلىدۇ. كوچا، يەر
ئىسىملىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىشىنى باشلىۋەتتۇق. ئاتاقلىق رۇسىيە كومپوزىتورى

ئۇلۇغ مۇزىكانت چايكوۋسكىغا خاتىرە مۇنارى تۇرغۇزۇۋاتىمىز. بىزنىڭچە ئۇ ناھايىتى گۈزەل ۋە كۆركەم بولىدۇ. يەنە ئاتاقلىق شائىر ئاخماتوۋنىڭ مۇزېيىنى ئاچماقچىمىز. ئۇنىڭدا ناخشا - ئۇسسۇل ئانسامبىلى تەشكىللەپ كونسېرت كېچىلىكى، مۇزىكا كېچىلىكى ئۇيۇشتۇرۇش پىلانلىنىدۇ، بۇنىڭغا كېتىدىغان چىقىم يۇقىرىقى ئورۇنلاردىن، خەلقتىن، ئويۇن قويۇش كىرىمى قاتارلىقلاردىن ھەل قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا بىز يەنە چايكوۋسكى مۇكاپاتى تەسىس قىلىپ، مۇسابىقىلەر ئۇيۇشتۇرۇپ، تارقىتىش ئارقىلىق ئاممىنىڭ ئاكتىپلىقىغا مەدەت بېرىپ تۇرىمىز. ھەرقايسى ساھەدىكىلەر بۇ مۇكاپات ئۈچۈنمۇ ئىقتىسادىي ياردەم بېرىدۇ. مۇزېيغا قويۇلغان ئېسىل ئەسەرلەرمۇ سېتىلىدۇ، بۇلار ئارقىلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشى، پائالىيەتلەر خىراجەتلىرى ھەل قىلىنىدۇ. بۇرۇنقى كلاسسىك ئەسەرلەرگە خەلق موھتاج، ئەمما قايتا نەشر قىلىشقا ئىقتىساد جىق كېتىدۇ. شۇڭا كۆپەيتىپ بېسىش ئارقىلىق چىرايلىق تۈپلەپ سېتىش بىلەنمۇ بىرمۇنچە كىرىم قىلغىلى بولىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتقان ئاخماتوۋنىڭ ئايالى ئاخماتوۋا رىسالە خاراكتېرلىك بىر كىچىك كىتاب يېزىپ بەرگەنىدى، بۇ كىتابنىڭ باھاسى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، مۇشۇ كىتابنى سېتىش ئارقىلىق ئاخماتوۋ مۇزېيى قۇرۇش پىلانلاندى. سېتىش — ياردەم بېرىش دېمەكتۇر. ئامما بۇنى قىزغىن ھىمايە قىلىدۇ. بۇ كىتاب ئالتە، يەتتە رۇبلىدىن سېتىلدى، ئامما تالىشىپ سېتىۋالدى، يەنە مۇزېيلاردىن بەزى قىممەتلىك قەدىمىي گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى، مەشھۇر سەنئەت ئۇستازلىرىنىڭ ئەسەرلىرى ياكى جەمئىيىتىمىزگە تەقدىم قىلىنغان ئەسەرلەرنى كاللىدار شەكلىدە باستۇرۇپ ياكى مۇزېيلارغا ھەق بېرىش ئارقىلىق ئەسلىنى قايتا بېسىشتا يۇقىرى تېخنىكىغا ئىگە يۇگوسلاۋىيىگە ئوخشاش دۆلەتلەردە باستۇرۇپ كېلىپ ساتتۇق. بىزنىڭ يىللىق راسخوتىمىز ئىككى يېرىم مىليون رۇبلى چامىسىدا بولۇپ، بۇنىڭ ھەممىسىنى مۇشۇنداق يوللار بىلەن كىرىم قىلىمىز، ھۆكۈمەتكە قول سۇنمىدۇق. بىز پۇشكىن، دوستويېۋسكى، ئاخماتوۋ، بىلىكوۋ...قاتارلىقلارنىڭمۇ خاتىرە مۇزېيلىرىنى قۇرۇشنى پىلانلىدۇق.

سائەت 12 لەرەدە پادىشاھ نىكولاي پېتىر I نىڭ مۇزېيىنى زىيارەت قىلدۇق. بۇ مۇزېي دەسلەپتە پادىشاھ نىكولاي پېتىر I نىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئالتۇنلۇقى شەكلىدە 1717 - يىلىدىن باشلاپ شەكىللەنگەن، پادىشاھ نىكولاي I ئۆلگەندىن كېيىن شۇ يەرگە قويۇلغان. كېيىن يەنە بىر قېتىم ئاق سۆڭەكلەرمۇ دەپنە قىلىنغان. مۇزېي دەسلەپتە ئانچە چوڭ بولمىغان جاينى ئىگىلىگەن، كېيىن قەبرىلەر داۋاملىق كۆپىيىپ، كېڭىيىپ مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ مۇزېيلارنىڭ بىرسى بولۇپ قالغان. ھازىر ئۇنى مۇكەممەل مۇزېي قىلىش پىلانى تۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ پىلان 1990 - يىلى ئىشقا ئاشىدىكەن، بىز ئۇنىڭ ئۇزۇن، ئازادە كارىدورلىرىغا كىردۇق. پادىشاھ پېتىر I نىڭ ھەيكىلى ئالاھىدە ئۇسلۇبتا ياسالغان بولۇپ، قارا سىردا سىرلانغانىدى. بۇ ھەيكەلنىڭ بەدىئىي قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، ئۇنىڭدىن رۇس خەلقىنىڭ قەبرە قاتۇرۇش جەھەتتىكى ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتىنىڭ نەقەدەر ئۇستۇنلۇكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

بۇ قەبرىلەر قەدىمكى ۋە ھازىرقى زامان ھەيكەلتىراشلىقىنىڭ نەمۇنىلىرى بولۇپ، دۇنيا ھەيكەلتىراشلىقىنىڭ ھەرقايسى ئېقىملىرىغا ۋەكىللىك قىلىدىكەن. قەبرىلەرنىڭ رەڭ شەكىللىرىمۇ ئوخشاش ئەمەسكەن، شۇ كىشىنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى كەسپىي خىزمىتى، ھۈنىرى گەۋدىلەندۈرۈلىدىكەن. بەزىلەر قىلىچنى بېشىغا قويۇپ ھەربىي كىيىمدە ئۇخلاۋاتقان قىياپەتتە بولسا، بەزىلىرى يېزىقچىلىق قىلىۋاتقان، بەزىلىرى كېلىشكەن قەددى-قامەتتە سىزگە قاراپ تۇرغاندەك ئىدى. ئالتۇنلۇقنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە لېنىنگرادتىكى مەشھۇر ئەدەبىيات-سەنئەت ئەربابلىرى قويۇلغان چوڭ بىر جاي بار ئىكەن، ناھايىتى ئاز قىسمى مەشھۇر ئىلىم-پەن ئالىملىرى بولغىنىنىڭ سىرتىدا مۇتلەق كۆپ قىسمى مەشھۇر يازغۇچىلار، شائىرلار، دراماتۇرگلار، مۇزىكانت، گۈزەل سەنئەتكارلار، مەشھۇر ئەرتىست، رېژىسسورلارنىڭ قەبرىلىرى ئىكەن. ئاتاقلىق پەن ئالىمى ۋە مەشھۇر ئوبزورچى لومونوسوۋنىڭ قەبرە ھەيكىلى ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىدۇ. ئۇ قەدىمىي قەبرىچىلىك ئۇسلۇبىدا ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ئىكەن، ئۇنىڭ «كىشىلەر ئادەمدىن ۋە زېمىندىن ئايرىلماسلىقى كېرەك» دېگەن مەشھۇر سۆزىگە ئاساسەن، ئۇنىڭغا زور بىر تاغنىڭ ئىچىدىن ئۆسۈپ چىققاندەك ئاجايىپ ھەيۋەتلىك خاتىرە تېشى ئورنىتىلىپتۇ. پۇشكىننىڭ ئايالى «لانىسكوۋانىڭ قەبرە ئۈستىدىكى ئىككى بالىسىنى تۇتۇپ ئولتۇرغان ھەيكىلى ئىنتايىن گۈزەل بولۇپ، بۇدۇرۇق، ئوماق بالىلار سىزگە تەلمۈرۈپ تۇرىدۇ. لانىسكوۋا پۇشكىننى چىن دىلىدىن سۆيگەن گۈزەل ئايال. ئۇ پۇشكىن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇزاق ئولتۇرۇپ ئاخىرى بىر ھەربىي ئەمەلدارغا ياتلىق بولۇپ ئەنە شۇ بىر ئوغۇل بىر قىزنى تۇغقان ئىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا مەشھۇر يازغۇچى دوستويېۋسكى، مەشھۇر مۇزىكانت گىرىنىيكا، مەشھۇر كومپوزىتور چايكوۋسكىنىڭ رولىنى ئالغان ئاتاقلىق كىنو چولپانى چېركاسوۋ (1903 — 1966) ۋە باشقا نۇرغۇن خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ قەبرىسى ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. تېخى ياسىلىپ پۈتمىگەن مەشھۇر بىر رېژىسسورنىڭ قەبرىسى ئالدىغا كەلدۇق. ئۇ 1988-يىلى جۇڭگوغا زىيارەتكە كېلىش ئالدىدا توساتتىن كېسەل بولۇپ قېلىپ جۇڭگوغا ئۆز ئوغلىنى زىيارەتكە ئەۋەتكەن ئىكەن. رېژىسسورنىڭ ھەيكىلى بىزنى قىزىقتۇردى. ئۇ جۇڭگو مەدەنىيەت ۋەكىللىرى ئۆمىكىنى كۆرۈپ خۇشال بولغاندەك كۆرۈندى. قەبرىسى ئۈستىدىكى چوڭايتىلغان سىزما رەسىمى گۈل-چەمبىرەكلەر ئارىسىدىن بىزگە ئۇزاققىچە قارىدى. بىز دوستلۇقنى قەدىرلىگەن بۇ كىشىنىڭ قەبرىسى ئالدىدا سۈكۈتتە تۇرۇپ تەزىيە بىلدۈردۇق.

سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرى ئىنتايىن يۇقىرى ئابروي ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىكەن.

پادىشاھ نىكولاي پېتىر I نىڭ قەبرىسى يېنىدا دوما ئۈچۈنمۇ قەبرە قاتۇرۇلۇپتۇ، ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قازىنىپ، لېنىن باشچىلىقىدىكى بولشېۋىكلار پارتىيىسى مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئېرىشكەندىن كېيىن، كېرىنىسكى ھۆكۈمىتىدىن ئىبارەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت يەنى دوما لېنىنگراد پادىشاھ سارىيىدىن قوغلانغان، ئۇلارنىڭ ئەمەلدارلىرى ھوقۇق تاپشۇرۇپ چېكىنگەندە قولىدىكى سومكىلىرىنىمۇ ئۇنتۇپ قېلىشقان.

«ماۋۇ سومكىمىزنى ئېلىۋېلىڭ» دېگەن خىتابنى ئاڭلاپ ئالاقزادىلىك ئىچىدە سومكىسىنى ئېلىپ چىقىشقان مەنزىرىنى كۆرۈپ دوما ئۈچۈن قاتۇرۇلغان قەبرە ئالدىدا كۈلكىمىز قىستاپ كەتتى.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن سائەت 7 يېرىمدا لېنىنگراد شەھىرىنىڭ چايكوۋسكى نامىدىكى ئوپېرا باليېت تىياتىرىدا پۇشكىننىڭ «ئالتۇن خوراز» دېگەن ئەسىرىگە ئاساسەن ئىشلەنگەن ئوپېرانى كۆردۇق. تىياتىرنىڭ ئالدىدا دەرەخ ۋە گۈلگە پۈركەلگەن تۈز، بەش مو چوڭلۇقتىكى دەم ئېلىش ئورنى بار. بۇ مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا پۇشكىننىڭ جەنۇبقا قاراپ ئۆرە تۇرغان ئېگىز ۋە ھەيۋەتلىك خاتىرە ھەيكىلى ئورنىتىلغان. پېشى شامالدا سەل قايرىلىپ تۇرغان ئۇزۇن قارا پەشمەت تېخىمۇ جانلاندۇرۇپ تۇرغان بۇ ھەيكەل روس ئەدەبىياتىغا ئاساس سالغۇچى تالانت ئىگىسىنى ناھايىتى گەۋدىلەندۈرگەنىدى. بىز بۇ گۈزەل مەنزىرىنى تاماشا قىلىپ ۋە ئۇ يەردە سۈرەتكە چۈشۈپ ئويۇنغا كېچىكىپ قالغىلى تاسلا قاپتىمىز. بىز ئالدىراش شۇ مەيداننىڭ غەربىي تەرىپىدىكى ئانچە كۆركەم بولمىغان بىر يان ئىشىكتىن تىياتىرخانىغا كىردۇق. زالغا كىرىشىمىزگە ئويۇنمۇ باشلاندى. بۇ زال بىز بىرقانچە قېتىم كىنولاردا كۆرگەن ئاتاقلىق لېنىنگراد ئوپېرا باليېت تىياتىرى بولۇپ، بۇ يەردە مەشھۇر ئوپېرا، باليېت ئۈزۈلمەي قويۇلۇپ تۇرىدىكەن. ئۇ تۆت قەۋەت بولۇپ پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرى ئويۇن كۆرىدىغان مەخسۇس خانىلارغا بۆلۈنگەن ئىكەن. 2-قەۋەتنىڭ ئوتتۇرىدىكى مەرەپكە ئوخشاش ئالاھىدە ياسالغان جاي «پوۋا» دەپ ئاتىلىدىكەن. بۇرۇن پادىشاھ خانىشى بىلەن ئەنە شۇ ئورۇندا ھۇزۇر قىلىپ ئولتۇرۇپ تىياتىر كۆرىدىكەن. سەھنىنىڭ ئىككىنچى، ئۈچىنچى قەۋەتلىرىدە شۇنىڭغا ئوخشىغان ئايرىم «لوژىلار» بولۇپ ئوردا ئەمەلدارلىرى، ئاق سۆڭەكلەر مۇناسىپ جايلاردا ئولتۇرۇپ ئويۇن كۆرىدىكەن. بۇ لوژىلار بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرۇلۇپ گۈزەل نەقىشلەنگەن بولۇپ، ئادەمگە خۇددى چىلتەك تۇتقاندەك، ئالتۇن سۈيى يالىتىلىپ، ھەر خىل جاۋاھىر، لەئلى، ياقۇتلار مەرۋايىت قاشتاشلىرىدا بېزەلگەندەك تۇيغۇ بېرىپ، بەكمۇ گۈزەل مەنزىرە ھاسىل قىلىدىكەن. سەھنىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە ھۆر قىزلارنىڭ سامادا ئۇچۇۋاتقان ئاجايىپ مەنزىرىسى سىزىلغان. سەھنىسى زامانىۋى سەھنە بولۇپ، پۈتۈن دېكوراتسىيە، رەڭ چىراغلىرى قاتارلىق جاھازلار نومۇر مەزمۇنىغا ماسلىشىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدىكەن. سەھنە چۆگىلەپ گاھ ئالدىغا، گاھ ئارقىغا مېڭىپ ئۆزلۈكىدىن تىياتىرغا ماسلىشىپ تۇرىدىكەن. كۇلۇپنىڭ ھەجمى چوڭ ئەمەس بولۇپ، 600 دەك كىشى سىغىدىكەن. لېكىن مەيلى ئالدى-ئارقا ياكى يان تەرەپلىرىدە بولسۇن، ئويۇننى ئوخشاش كۆرۈش ئىمكانىيىتى بولىدىكەن. ئوپېرا ئىككى يېرىم سائەت داۋام قىلدى. ئۇ كۈچلۈك رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە رىۋايەتنى مەزمۇن قىلغان بولۇپ، بىزدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى.

ئوپېرانىڭ رېژىسسورلىرى، ئارتىسلىرى ئاتاقلىق كىشىلەر بولۇپ، ئوينىلىش سەۋىيىسى ناھايىتى يۇقىرى بولدى. باشتىن-ئاخىر ناخشا-مۇزىكا، باليېت ئۇسسۇللىرىنىڭ ماسلىشىشىدا ئورۇندالدى. بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلىنمىدى. پۈتۈنلەي ناخشا ئارقىلىق ئىپا-

www.uyghurkitap.com

دە قىلىنىدى. ئەسەرگە روسىيە - تۈركىيە ئۇرۇشى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغانلىقىنى ھېس قىلدىم. چۈنكى پادىشاھ غەلىبىگە ئېرىشكەندىن كېيىن پادىشاھنى قۇتلۇقلاپ تويى مەرىكىسى ئۆتكۈزگەندىكى مۇزىكا، ئۇسسۇللار تۈركچە نەپىس ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى بولۇپ، كىيىم، تۇرمۇش ئۆرپ - ئادەتلىرىدىمۇ تۈركچە پۇراق قويۇق ئىدى. تۈركچە ئۇسسۇل بالېت ئارتىستلىرىنىڭ قولىغا كىرىپ تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كېتىپتۇ. مەن تۈركچە جۈملىدىن ئۇيغۇرچە، ئۆزبېكچە شۇنداقلا ھىندىچە ئۇسسۇللار دۇنيا ئۇسسۇلىنىڭ تاجىسى بولۇشقا مۇناسىپ دەپ ئويلايمەن. بىراق بۇ ئۇسسۇللارمۇ ئاقما ئۇسسۇل ۋە ئاقما ناخشىلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ تونۇشنى ئۆزگەرتىۋاتىدۇ. بۇ ئۆزگىرىش بۇ ئۇسسۇللارغا قانچە ھاياتىي كۈچ ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلمىدىم. بەلكى مەن مۇتەئەسسىپرەكتىمەن. بۇ گۈزەل ئۇسسۇللار ئاقما ناخشا - مۇزىكا، ئۇسسۇللارنىڭ ھۇجۇمى ئارقىلىق ئەمەس، ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى قانۇنىيىتى بويىچە راۋاجلانسا ھاياتىي كۈچى ئۇبدانراق بولارمىكىن دەپ ئويلايمەن. چۈنكى مەن بۇ ئوپېرادىن بۇ ئۇسسۇللارنىڭ ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن سىماسىنى كۆرگەنىدىم. بۇ ئۇسسۇللار بالېتلىشىش، بالېت بىلەن ماسلىشىش يولىغا ماڭغاندا ئۆز ھاياتىي كۈچىنى جارى قىلدۇرالايدىغاندەك تۇرىدۇ.

15 - ئىيۇن ھاۋا ئوچۇق ھەم ئىللىق ئىدى. نەچچە كۈندىن بېرى چىققان ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ قىيپاش شاملى لېنىنگرادقا سوغۇق ئېلىپ كىرگەن ئىكەن. بۈگۈن سوغۇق شامال بىر ئاز پەسەيگەن، ئىللىق كۈن نۇرى لېنىنگرادقا ھۆسن قوشقانىدى. چۈشتىن بۇرۇن ئۆمىكىمىز پادىشاھ پېتېر I نىڭ تارىخىي مۇزېيىنى كۆردۇق. بۇ جاي پادىشاھنىڭ يازلىق سارىيى بولۇپ 1917 - يىلىدىن باشلاپ تارىخىي مۇزېي بولۇپ قالغان. ئەسلى كىچىك بىر يېزا چوڭايتىلىپ خاننىڭ يازلىق سارىيى قىلىپ قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ يەر خان سارىيىنىڭ ئىشخانىسى ۋە تاشقى ئىشلارنى باشقۇرۇش ئىشخانىسى قىلىنغان. نېمىس فاشىستلىرى بۇ جايلارنى بېسىۋالغاندا چوڭ ۋەيرانچىلىققا ئۇچراتقان. ئۇرۇشتىن بۇرۇن 40 - يىلدىن ئىلگىرى بۇ مۇزېيدا 4000 خىلدىن ئارتۇق تۇرلۇك گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى بار ئىكەن. 2000 خىلدىن كۆپرەكى، شۇنداقلا نۇرغۇن ئارخىپلار سىبىرىيىگە يۆتكەپ كېتىلگەن. قالغانلىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. ئۇرۇشتىن كېيىن رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپتۇ. تولۇق ئەسلىگە كەلمىگەن جايلارمۇ بار ئىكەن. بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان قىسمىنى رېمونت قىلىش ئۈچۈن سەككىز يىل، ھەر بىر بۆلۈمنىڭ ئۈستىدىكى رەسىملەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۈچ يىل كېتىپتۇ. دەسلەپكى بۆلۈمدە پېتېر I نىڭ كاتىپى ئىشخانا قىلىپ ئىشلەتكەن ئۆي ۋە سايمانلار، 1700 - يىللىرى تۈركىيە بىلەن ئۇرۇش قىلغاندا ئىشلەتكەن مىلتىق، زەمبىرەك ۋە باشقا ئۇرۇش قوراللىرى ماي بوياق بىلەن سىزىلغان. بۇ رەسىملەر خۇددى ھايات كىشىلەرنىڭ جەڭدە بولغان پائالىيىتىگە ئوخشاش بەك جانلىق سىزىلىپتۇ. پادىشاھ ئىشخانىسىغا ھەر بىر دەۋردىكى پادىشاھلارنىڭ رەسىملىرى قويۇلۇپتۇ، مەسىلەن، پېتېر I دىن تارتىپ يېكاتې-

رىنا XXIV گىچە بولغان شاھلارنىڭ رەسىملىرى ساقلىنىۋېتىپتۇ. يېكاتېرىنا XXIV ئۆزىنىڭ ئېرىنى قەتلى قىلىپ پادىشاھلىققا چىققان قەيسەر ئايال پادىشاھ ئىكەن. ئۇ خۇددى بۇلۇتقا ئوخشاش ئۇچقۇر ئاق تۇلپارغا مىنىپ يىراققا نەزەر تاشلاپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ گۈزەل ۋە جانلىق ئوبرازىدىن رەسسامنىڭ ئالاھىدە تالانتى ئۆزىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. تاماقخانا قىسمىدا «ئاق ئاشخانا» دېگەن 30 ئورۇنلۇق ئاشخانا بولۇپ، ھازىر خان جەمەتىنىڭ تاماققا كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك ياساپ قويۇلۇپتۇ. قورۇمىنىڭ ئىسسىق تۇرۇشى ئۈچۈن ئورۇندۇق ئۈستىگە تەلەككىلەر قويۇلغان، بۇ ئاشخانىدا 30 كىشىنى 500 خىزمەتچى كۈتىدىكەن. ماي بوياقتا سىزىلغان ھەر تېپتىكى400 ئايالنىڭ رەسىمى كۆرگەزمىگە قويۇلۇپتۇ. كېيىنكى بۆلۈم پادىشاھ خانىشىنىڭ تۇرىدىغان ئۆيى بولۇپ، ئۇ ھايات چېغىدا ئىشلەتكەن نەرسىلەر شۇ پېتى ساقلىنىپ تۇرۇپتۇ. ئۇ يەردىن چىقىپ شۇھويلىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى بىنناۋا گۈزەل سەنئەت كۆرگەزمىسىنى كۆردۇق. بىنناۋا گۈزەل سەنئەت كۆرگەزمىخانىسى 2000 كۈبمېتىر كېلىدىغان ئىككى قەۋەتلىك چوڭ بىر بىنا بولۇپ بۇ بىنانى سوۋېت ئىتتىپاقى ھەربىي قىسىملىرى ئۇزۇن يىل ئىشلەتكەن ئىكەن. 1987 - يىلى لېنىنگراد فوندى جەمئىيىتى بۇ جاينى قايتۇرۇۋېلىپ بىنناۋا گۈزەل سەنئەت كۆرگەزمىسىنى ئېچىپتۇ. بىنناۋا پادىشاھ دەۋرىدىكى مەدەنىيەت پەرۋەر بىر ئاق سۆڭەك ئائىلىسىنىڭ نامى بولۇپ، ئەسلى بىر كىشىنىڭ ئىسمى ئىكەن. بىنناۋا دېگەن كىشى ئۆز دەۋرىنىڭ ئاتاقلىق رەسسامى، مەشھۇر ئارخىتېكتورى ۋە دراماتۇرگى ئىكەن. پادىشاھ يازلىق سارىيىنىڭ نۇرغۇن قۇرۇلۇشلىرىنى شۇ كىشى ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى لايىھەلىگەن ئىكەن. بىنناۋا كۆرگەزمىسىگە قويۇلغان نۇرغۇن گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى ئۇنىڭ ئوغلى ئالېكساندىرنىڭ ئەسەرلىرى ئىكەن. ئالېكساندىر ھەم رەسسام ھەم ئاتاقلىق رېژىسسور ئىكەن. ئالېكساندىرنىڭ ئاكىسى ۋە ئوغلىمۇ ھەتتا تۆتىنچى، بەشىنچى ئەۋلادلىرىمۇ ئاتاقلىق رەسسام ۋە رېژىسسور ئىكەن. قىسقىسى بىنناۋانىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ھەممىسى مەدەنىيەتنىڭ ھەممە ساھەسىدىن بولۇپ، دۇنيانىڭ ھەممە جايلىرىغىچە تارقالغان. ئۇلار يەنە ئات ھەيكەللىنى ياساشقا ماھىر ئىكەن. بىنناۋانىڭ نەۋرىسى بىراسلاۋسكى فرانسىيىدە تۇرغان بولۇپ، فرانسىيىنىڭ قۇرۇلۇش رەسىملىرىنى ئىشلەپ شۆھرەت قازانغان. يەنە بىر ئەۋلادى رەسسام ھەم ئارتىس بولۇپ، ئارگېنتىنادا تۇرىدىكەن. ياش بىر قىز ئەۋلادى شاڭخەيدە بولۇپ ئۆزىمۇ، ئېرىمۇ ئاتاقلىق مۇزىكانت. ئۇلارنىڭ بىر ئوغلى خەنزۇ قىزى بىلەن توي قىلىپتۇ. ھازىر دۇنيانىڭ ھەممە يەرلىرىدىكى بىنناۋا ئائىلىسىنىڭ ئەسەرلىرىنى يىغىپ بىنناۋا ئائىلىسىنىڭ كۆرگەزمىسىنى ئېچىش دۇنيا سەنئەت خەزىنىسىگە ئىنتايىن زور تۆھپە قوشقان بۇ ئائىلىنى خاتىرىلەشنى مەقسەت قىلىدىكەن. بۇ كۆرگەزمىنىڭ مۇناسىپ بۆلۈملىرىدە بىنناۋانىڭ ھەم ئۇنىڭ ھازىرغىچە مەلۇم بولغان ئەۋلادلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ سۈرەتلىرى قويۇلۇپتۇ.

(ئاخىرى كېيىنكى ساندا)　　　مەسئۇل مۇھەررىر ئارسلان

www.uyghurkitap.com



مۇھەممەت باغراش

# دادامنىڭ تاپانچىسى

(ھېكايە)

مەن دادامنىڭ يالغۇزى، ئاپامنىڭ ئەركىسى. ئاپام مېنى بالام دېگەننىڭ ئورنىدا بالىم دەيدۇ. بالىم دېگىنى شېكەردىم دېگىنى. دادام بولسا تايچىقىم، پاخلىنىم دەيدۇ. مەن ئۇلارنىڭ تەرىپىلىرىدىن ئۆزۈمنىڭ چىراي دېسە چىرايلىق؛ ئەقىل دېسە، ئەقىللىق؛ خۇي پېئىل دېسە شوخ-ئوماق، چۈچۈك سۆز، قىلىقى تاتلىق؛ ئەخلاق دېسە ئەدەبلىك، يۈزىدە قېنى بار، راستچىل، ئاتا-ئانىسىنى ھۆرمەتلەيدىغان؛ دادا دېسە تەلپۈنۈپ، ئاپا دېسە ئۆمتۈلۈپ تۇرىدىغان ئىشقىلىپ ھېچبىر يېرىمىدىن ئېيۋەن تاپقىلى بولمايدىغان ئاجايىپ بىر بالا ئىكەنلىكىمنى سېزىپ-ھېس قىلىپ تۇرىمەن. مەكتەپتە مۇئەللىملىرىم، ساۋاقداشلىرىممۇ مېنى بەك ياخشى كۆرىدۇ. دەرسلەردە ئۇزغۇن، ئېمگەك، تازىلىقتا نەمۇنىمەن... ئاتا-ئانا دېگەن بالا ئۈچۈن ياشايدۇ دېيىشىدىغۇ، مېنىڭ ئاتا-ئانام مەن ئۈچۈنلا يارالغاندەك. ئۇلار بىر يۇتۇم سۇنىمۇ مېنىڭسىز يۇتالمايدۇ. مەن ئۇلارنىڭ خۇشاللىقى، كۆز-قارىچۇقى. ياق، ھەقىقەتتىنى ئېيتسام مەن ئۇلارنىڭ سوقۇپ تۇرغان يۈرىكى، تېنىدىكى ئىسسىق جېنى. مەن كېچىلىرى ئويغىنىپ كېتىپ كۆزۈمنى ئاچسام، ئاپام بىلەن دادام بېشىمدا ماڭا قاراپ ئولتۇرغان بولىدۇ. «ئۇخلاڭلارچۇ» دېسەم، «كۈندۈزى سەن مەكتەپتە، بىز خىزمەتتە، 7 - 8 سائەتلەپ سېنى كۆرەلمەيدىكەنمىز، چىرايىڭغا قېنىۋالايلى» دەيدۇ. ئەتىگىنى مېنى ئويغاتقاندا مېنى چاقىرىشقا پېتىنالماي ئۇچامنى سىلىشىدۇ. مەكتەپكە ماڭسام مېنى خېلى يەرگىچە ئۇزىتىپ قويىدۇ، مەن كېيىن بۇنىڭغا ئۇنىمايدىغان بولدۇم. چۈنكى دوستلىرىمدىن خىجىل بولاتتىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مەن مەكتەپكە ماڭغاندا ئىچىۋاتقان چېيىنى، قىلىۋاتقان ئىشىنى تاشلاپ ئىشىكنىڭ ئالدىغا چىقىپ مېنىڭ قارام يۈتكۈچە ئارقامدىن قارىشىپ تۇرىدۇ. كەچتە دادام ياكى ئاپام، يا بولمىسا ئىككىسى مېنى مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا ساقلاپ تۇرىدۇ، ۋە ئىككىسى ئىككى قولۇمدىن يېتىلەپ ماگىزىنمۇ-ماگىزىن ئايلاندۇرۇپ ماڭا خالىغىنىمنى ئېلىپ بېرىدۇ، ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن ئاپام تاماققا تۇتۇش

قىلىدۇ. مەن دادام بىلەن بىر ھازاغىچە ئوينايمەن. ئۇ مۇنداق چاغلاردا ماڭا دادا ئەمەس، ئەكسىچە مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى تېپىپ ھەر قاچان ماڭا ماسلىششقا تەييار تۇرىدىغان ئەڭ يېقىن دوستۇمغا ئايلىنىدۇ، ئىككىمىز گاھ قەغەزدە ئايروپىلان ياساپ ئۇچۇرتۇپ ئوينايمىز، گاھىدا مەن تاپانچا ئالسام، دادام مىلتىق ئالىدۇ (قورقۇپ كەتمەڭ، ئەلۋەتتە ئويۇنچۇق مىلتىق، مېنىڭ تاپانچامۇ ئويۇنچۇق - دە!). شۇنىڭ بىلەن ئىككى ئۆينىڭ ئارىلىقىدا جەڭ قىزىپ كېتىدۇ. گاھ ئىككىمىز رەسىم سىزىمىز، شاھمات ئوينايمىز ۋە ياكى ئۈنئالغۇنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ ئۇسسۇل ئوينايمىز. ئاپاممۇ ئويۇنىمىزغا قىزىقىپ، ئىشىنى بالدۇرراق تۈگىتىپ بىز بىلەن بولۇشقا ئالدىرايدۇ. مۇشۇنداق مىنۇتلار ئائىلىمىزنىڭ ئاجايىپ گۈزەل مىنۇتلىرى بولىدۇ... كەچتە دەرس تەييارلىسام ئاپام، دادام ئىككى يېنىمدا ئولتۇرۇپ يېتەكچىلىك قىلىدۇ. مېنى دەپ ھەر قانچە ياخشى نومۇر بولسىمۇ تېلېۋىزورنى ئاچمايدۇ. تاپشۇرۇقلىرىمنى ئىشلەپ بولغانىدىن كېيىنلا ئاندىن مەن بىلەن تېلېۋىزور كۆرىدۇ...

مەن بەزى باللار كېسەل سەۋەبى بىلەن، بەزىلىرى ماشىنا ھادىسىسى بىلەن ياكى سۇدا ئېقىپ كېتىشتەك بالا - قازا بىلەن كىچىكلا تۇرۇپ ئۆلۈپ كېتىدىكەن، ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىسى قانداق چىدايدىغاندۇ، قانداق ياشايدىغاندۇ... دەپ ئويلاپ قالىمەن ۋە بالىلىدىن ۋاقىتسىز ئايرىلىپ قالغان بەختسىز ئاتا - ئانىلارغا چىن يۈرىكىمدىن ئىچىمنى ئاغرىتىمەن ۋە مۇبادا مەنمۇ ئاشۇنداق بىرەر ھادىسە بىلەن ئۆلۈپ كېتىپ قالسام مۇشۇ دادام بىلەن ئاپام قانداق بولۇپ كېتەر دەپ ئويلاپ قالىمەن. ئۆزۈمنىڭ بۇ بىمەنە خىيالىمدىن قورقۇپ كېتىمەن. كۆڭلۈم بەكمۇ غەش بولىدۇ. بىر كۈنى بىر ساۋاقدىشىم سۇغا چۆمۈلۈشكە بېرىپ سۇغا چۆكۈپ كەتتى. ھەممىمىز بەك قايغۇردۇق. مەن ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن دادام بىلەن ئاپام مېنىڭ روھىي ھالىتىمدىكى مەيۈسلۈكنى كۆرۈپ تىت - تىت بولۇپ كېتىشتى ۋە سەۋەبىنى سوراپ تۇرۇۋالدى. مەن ھېلىقى ساۋاقدىشىمىزنىڭ قازاغا يولۇققانلىقىنى سۆزلەپ بەردىم ۋە ئاخىرىدا، مۇبادا مەنمۇ ئاشۇنداق قازاغا يولۇقۇپ ئۆلۈپ كەتسەم سىلەر قانداقمۇ قىلارسىلەر ـ ھە دەپ تاشلاپتىمەن. مۇشۇ گېپىم بىلەن تەڭ ئاپام بىلەن دادامنىڭ كۆزى چەكچىيىپ، ھوشىدىن كەتكىلى تاس قالدى. ئاپام ئېتىلىپ كېلىپ مېنى باغرىغا بېسىپ يىغلاپ كەتتى. دادام بىر ھازادىن كېيىن: مۇنداق بولمىغۇر گەپلەرنى ئىككىنچى ئاغزىڭغا ئالما! ئاپاڭ بىلەن مېنى تىرىك ئۆلتۈردى دەمسەن... دېدى. ئىككىنچى بۇ گەپنى ئېغىزغا ئالمايمەن... دەپ ۋەدە بەردىم. شۇنىڭدىن كېيىنلا دادام بىلەن ئاپامنىڭ يۈرىكى ئىزىغا چۈشۈپ، چىرايىغا قان يۈگۈرگەندەك بولدى، لېكىن نېمىشقىكىن شۇ كۈنى تاماقنى كۆڭۈلسىز يېدۇق. ھەر قانچە قىلساقمۇ ئۇخلاشقا ياتقۇچە ھەممىمىزنىڭ كەيپىياتى ئوڭشالمىدى... دادام بىلەن ئاپام ماڭا قانچە ئامراق بولسا، مەنمۇ ئۇلارغا شۇنچە ئامراق، ماڭا دۇنيادا دادامدەك

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئەقىللىق، دادامدەك كۆچلۈك، باتۇر دادا، ئاپامدەك مېھرىبان، ئىشچان ئاپا يوقتۇر دەپ ئويلايمەن ۋە بۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەن. شۇڭىمۇ ئۇلارنىڭ مېنىڭ قەلبىمدىكى ئوبرازى تولىمۇ يۈكسەك، تولىمۇ ھۆرمەتلىك ۋە ئۇلۇغۋار. مەن ھەربىر ئىش - ھەرىكىتىمدە دادامنى ئۈلگە قىلىمەن، مېنىڭمۇ دادامدەك ئادەم بولغۇم كېلىدۇ...

دادام جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ كادىرى، مەن دادامنىڭ ئەقىللىقلىقى، پەزىلىتى بىلەن بىر ماختانسام، دادامنىڭ ساقچى ئىكەنلىكى بىلەن ئون ماختىنىمەن. نېمىشقا دەمسىز؟ چۈنكى دادامنىڭ يانپېشى تومپىيىپ تۇرىدۇ، ئوچۇقراق دېسەم دادامنىڭ ئوينىغۇچتەك چىرايلىق تاپانچىسى بار. مەنمۇ ئۇرۇش تەسۋىرلەنگەن كىنولارغا بەك ئامراق، قورال ئويناشقا بولسا ئۈنىڭدىن ھېرىسمەن. مېنىڭ قورالغا ئامراقلىقىمغا خۇدايىم مېنى يېنىدا تاپانچىسى بار ئادەمنىڭ بالىسى قىلىپ يارىتىپ قويغىنىنى دېمەيسىز تېخى! مېنىڭ دادام بىر ياخشى دادىلا بولۇپ قالماي يەنە تېخى يېنىدا تاپانچىسى بار ساقچى دادا تۇرسا، مەن نېمىشقا پەخىرلەنمەي، نېمىشقا ماختانماي؟! باشقا بالىلار ئۆيلىرىدە يالغان تاپانچىنى ئوينىسا، مەن راست تاپانچىنى، كۆپكۆك قۇيۇچتا ياسالغان، ئوق سالسا پاڭ قىلىپ ئېتىلىپ جېنى بارلا نەرسىنىڭ يۈرىكىنى جىغىلدىتىدىغان، شۇڭلاشقا ھەممىلا ئادەم قورقىدىغان سۈرلۈك تاپانچىنى ئوينايمەن، باشقا بالىلارنىڭ تاپانچىلىرىدا مۈشۈكنىمۇ قورقۇتقىلى بولمايدۇ...

مېنىڭ جېدىلىم بىلەن دادام ماڭا تاپانچىسىنى ئويناشقا بېرىدۇ. بېرىپلا قويماي قانداق بەتلەشنى، قانداق قارىغا ئېلىشنى، تەپكىنى قانداق بېسىشنى ئۆگىتىپمۇ قويىدۇ تېخى، لېكىن ھەر قاچان ئالدى بىلەن تاپانچىنىڭ ئىچىدىكى ئوقنى چىقىرىپ تاشلاشنى ئۇنتۇمايدۇ، ئەلۋەتتە. دېمىسىمۇ ئوقلۇق تاپانچىنى ماڭا بېرىدىغانغا دادام ساراڭ ئەمەس. شۇنداق قىلىپ مەن يەتتە ياشقا كىرگەن يىللىرىم تاپانچىنى رەسمىي بەتلىيەلەيدىغان، قارىغا ئېلىپ چارس-چارس قىلىپ ئاتالايدىغان بولدۇم. ئەمدى قاچانمۇ ئوق سېلىپ ئاتالىغۇدەك بولارمەن، ئۇچاغدا بىر پاي ئوق بىلەن نىشاننىڭ يۈرىكىنى تېشىۋەتسەم - ھە، دادام دولامغا ئۇرۇپ «مانا مېنىڭ شۇڭقارىم مەندىن قېلىشمايدىغان مەرگەن يىگىت بوپتۇ» دەپ ماختاپ خۇشال بولسا... دېگەن ئارزۇ مېنى غىدىقلاپ، ماڭا ئارام بەرمەيدىغان بولۇۋالدى. دادام تولىمۇ سەگەك ئادەم - دە، بۇ خىيالىمنى ئۇنىڭغا دېمىسەممۇ ئۇ تۇيۇپ قالدى بولغاي، بىر كۈنى «ئوغلۇم، سەن بۇنى ئوقلاپ ئېتىشقا ئالدىرىمىغىن، سەن تېخى كىچىكسەن، قورال دېگەن تۇرغانلا بىر بالا، كىچىككىنە بىخەستەلىك قىلساڭ ئۆزۈڭنىڭ بېشىغا چىقىدۇ، چوڭ بولغاندا چوقۇم ساڭا ئوقلاپ بېرىمەن...» دېدى. مەن دادامنىڭ گېپىنى توغرا تاپتىم، دېمىسىمۇ مەن تېخى كىچىكمەن، دادامىلا ھايات بولسا بۇ تاپانچىنى ۋاڭشىتىدىغان سائەتلەرمۇ كېلەر، دەيمەن، لېكىن، كۆڭلۈمدىكى ھېلىقى ھەۋەس زادىلا

ئۆچمەيدۇ. قاچانمۇ تاپانچىنى ئوقلاپ ئاتقۇدەك چوڭ بولارمەن- ھە ...! ئۇ چاغدا دادام ئوغرى، بۇلاڭچى، بۇزۇقلارنى دىر - دىر تىترەتكەندەك مەنمۇ ئەسكى ئادەملەرنى غال - غال تىترەتسەم... بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن بىزنى مەكتەپتىن كىنوغا ئاپىرىدىغان بولدى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى تەسۋىرلەنگەن چەت ئەلنىڭ فىلىمى ئىكەن دەپ ئاڭلاپ بەك خۇشال بولۇپ كەتتۇق، چۈنكى ئۇرۇش تەسۋىرلەنگەن كىنو دېگەن باشقا! بىر گەپ - تە! بىز كىنو باشلانغىچە تاقەتسىزلىنىپ ئولتۇردۇق، كىنو باشلىنىپ ئېكراندا كىنو ئارتىسلىرىنىڭ ئىسمى چىقىش بىلەن ھەممىمىز چېكىت ساناشقا باشلىدۇق. چۈنكى بىز ئېكراندىكى رول ئالغۇچى ئارتىس بىلەن فىلىم پېرسوناژىنىڭ ئىسمى ئوتتۇرىسىدىكى چېكىت قانچە كۆپ بولسا، بۇ كىنودا سوقۇش شۇنچە قىزىيدۇ، چېكىت قانچە ئاز بولسا ياكى چېكىت ئۇرۇلماي سىزىق تارتىلسا، شۇ كىنودا سوقۇش قىزىمايدۇ دەپ ئىشىنەتتۇق. كىنو باشلىنىش بىلەن تەڭلا چېكىت ساناشقا باشلىدۇق. بۇ فىلىمنىڭ بېشىدىلا ناھايىتى نۇرغۇن چېكىت چىقتى. بىز قالتىس خۇشال بولۇپ كەتتۇق، دېگەندەكلا كىنو باشتىن - ئاخىرى گۈلدۈر گۇمپاڭ سوقۇش ئىكەن. كىنو ھەممىمىزگە يېقىپ كەتتى. كىنوخانىدىن چىقىپ ئۆيگە كەلگۈچە بىر كوچىلىق باللار بىر توپ بولۇپ ماڭدۇق، كىنونىڭ تەسىراتى بېسىقمىغان ئىدى. بىز بەئەينى قوشاقچىلاردەك چۇلدۇرلىشىپ كوچىنى بىر ئالدۇق، ھەممىمىزنىڭ سۆزى ھېلىقى فىلىم ئۈستىدە ئىدى. بىرىمىز قىزىللارنى ماختىساق، يەنە بىرىمىز نېمىسلارنى تىللايتتۇق. بىرىمىز قارا مىلتىق بىلەن دۈشمەنىنىڭ بومباردىمانچى ئايروپىلانىنى ئېتىپ چۈشۈرۈۋەتكەن سوۋېت جەڭچىسىنى دوردىساق، يەنە بىرىمىز تۆت ئەتراپىنى قورشىۋالغان قىزىل ئەسكەرلەرنىڭ ھۇررا! ساداسى ئىچىدە قورقىنىدىن ئۆزىنى ئېتىۋالغان نېمىس گېنېرالىنى دوراپ مازاق قىلاتتۇق. بىرىمىزنىڭ سۆزىنى يەنە بىرىمىز ئاڭلىمايتتۇق. ھاياجاندىن يۈزلىرىمىز قىزارغانىدى. كۆزلىرىمىزدىن ئوت چاقنايتتى. گاھ قاقاقلاپ كۈلەتتۇق، گاھ، ھۇررا توۋلىشىپ ئاتاكىغا ئۆتۈپ يۈگۈرەيتتۇق... ئاخىرى كوچىمىزغا يېتىپ كەلدۇق، مەن ساۋاقداشلىرىم بىلەن خوشلىشىپ، سومكامنى پۇلاڭلاتقانچە ھۇررا توۋلاپ قورۇغا يۈگۈرۈپ كىردىم. دادام قورۇدا كۆڭلەكچان بولۇپ ئوتۇن پارچىلاۋاتقانىكەن، ئاپام قازان بېشىدا ھەدەپ لەگمەن سوزۇۋېتىپتۇ، مەن دادام، ئاپامغا سالام بەردىم، دادام پالتىنى قويۇپ كۈلۈپ تۇرۇپ بېشىمنى سىلاپ قويدى، ئاپام پېشانەمگە سۆيۈپ قويدى. مەن سومكامنى ئەكىرىپ قويۇش ئۈچۈن ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىردىم! ئۆزۈم تولىمۇ خۇشال ئىدىم. يولبويى يۈگۈرۈپ دېگۈدەك كەلگەن بولساممۇ زادىلا ھارغاندەك ئەمەس، لېكىن ئۇسساپ كېتىپتىمەن. مەن سومكامنى قوزۇققا ئېلىپ قويۇپ شىرەنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ باردىم - دە، ئاغزى يېپىقلىق چوڭ چىنىدىكى سوغۇق چاينى غۇرتىلدىتىپ تىنماي تۇرۇپ ئىچىۋەتتىم، ئاپام مېنىڭ مەكتەپتىن كېلىپلا سوغۇق چاي ئىچىدىغان ئادىتىم-

www.uyghurkitap.com

نى بىلگەچكە ھەر كۈنى ماڭا ئاتاپ بىر چىنە چاينى مۇزلىتىپ مۇشۇ شىرەگە قويۇپ قوياتتى. مەن چىنىنى بىكارلاپ جايىغا قويۇۋېتىپ شىرەدە تۇرغان تاپانچىنى ئۇشتۇمتۇت كۆرۈپ قالدىم. تاپانچا غىلاپ ئىچىدە ئىدى. دادام يېقىندىن بۇيان نېمىشقىدۇر تاپانچىنى مېنىڭ قولۇم يەتمەيدىغان قوزۇقتا ئېلىپ قويىدىغان بولۇۋالغانىدى. شۇڭا مېنىڭ تاپانچا ئويناش پۇرسىتىم كۆپ ئازىيىپ كەتكەنىدى، بىرەر ئىش چىقىرىپ قويمىسۇن دەپ مېنىڭدىن خەۋپسىرەمدىكىن — يا؟ ئادەتتە مەن بىردەم ئويىنىۋالايچۇ دەپ خىيلى يالۋۇرغاندىن كېيىن تاپانچىنىڭ ئىچىدىكى ئوقلارنى چىقىرىۋېتىپ، ئىنچىكە تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈپ ئاندىن ماڭا تۇتقۇزىدىغان دادام، بۈگۈن نېمىشقىدۇر تاپانچىنى قېپى بىلەنلا شىرە ئۈستىگە تاشلاپ قويۇپتۇ، قارىغاندا ئوغلۇم كەلگۈچە تاماق پىشماي قالمىسۇن دەپ بەك ئالدىرىغان ئوخشايدۇ... نېمىلا بولسۇن ھېلىقى كىنونىڭ قىزىقچىلىقىغا ماسلىشىپ بۇ تاپانچىنىڭ كۆز ئالدىمدا تۇرغىنى ئاجايىپ ئىش بولدى ـ دە، بۇنداق پۇرسەت بولۇۋەرمەيدۇ.

مەن خۇشال بولۇپ تاپانچىنى قېپىدىن سۇغۇردىم. ئۆزىدىن ئۆلۈم ۋەھىمىسىنى ياغدۇرۇپ، قارىغان كىشىنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرىدىغان سۈرلۈك تاپانچا كۆپكۆك نۇر بىلەن يالتىراپ تۇراتتى. بايىقى فىلىمنىڭ قىزىقچىلىقى تېخىچە بېسىقمىغانىدى. تاپانچىنى قولۇمغا ئېلىشىم بىلەن تەڭلا فىلىم ۋەقەلىكلىرى كۆز ئالدىمدا قايتىدىن جانلاندى. مەن تاپانچىنى قولۇمغا ئېلىپ كارىدۇۋاتقا تىكلەپ قويۇلغان پەر ياستۇقتا توغرىلاپ ۋارقىرىدىم:

— خېيىندى خوخ!

مېنىڭ بىلىشىمچە بۇ نېمىسچە «قولۇڭنى كۆتۈر!» دېگەن مەنىدە ئىدى. مېنىڭ كۆز ئالدىمدىكى ياستۇق يوغان قورساق پور نېمىسقا ئايلاندى. نېمىس قورققىنىدىن دەررۇ قولىدىكى قورالىنى تاشلاپ ئىككى قولىنى كۆتۈردى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قورقۇنچتىن چەكچىيىپ، ئۆزى غال ـ غال تىترەيتتى. مەن تاپانچىنى ئىشتىنىمنىڭ كەمىرىگە قىستۇرۇپ، قولۇمنى ئارقامغا قىلىپ نېمىسقا يېقىنلاشتىم (كىنودىكى قىزىل ئارمىيە كوماندىرى شۇنداق قىلغانىدى) ۋە ئۇنى سوراق قىلىشقا باشلىدىم.

— ئىسمىڭ؟

— ...

— قايسى دىۋىزىيىدىن...

— ...

— سەن جىنايىتىڭنى بىلەمسەن؟..

— ...

— سەن ئىككى قولى بىگۇناھ خەلقنىڭ قېنى بىلەن بويالغان جاللاتسەن!... ئالۋاستى سەن... جىنسەن... ھۇ ئوغرى!... ھە... يالغانچى!... ئالدامچى... ھە... گەپ ئاڭلىمايدىغان...! كۆرگەنلا يەرگە تۈكۈرىدىغان مەينەت!... ھە... ئاخىرى گەپ تاپالمىدىم، مەن ئۆزۈمنىڭ گەپ تاپالمىغانلىقىمنى بۇ ئەسىرگە چۈشكەن دۈشمەن نېمىسقا چاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن كېلىمنى قىرىپ ـ يۆتىلىپ قويدۇم. يۈزۈمنىڭ ۋىللىدە قىزارغانلىقىنى سەزدىم، مەن دەررۇ ئارقامغا ئۆرۈلۈۋالدىم. چۈنكى ئۆزۈمنىڭ قىزىرىپ كەتكەنـ

لىكىمنى، ماڭا قورقۇش ۋە سىناق نەزەرىدە چەكچىيىپ تۇرغان بۇ ئەبلەخكە كۆرسەتمەسلىكىم كېرەك-تە، بولمىسا مەن قانداقمۇ غالىب ئارمىيىنىڭ ئوفىتسېرى بولالايمەن. مەن نېمىشقا ئارقامنى قىلىپ بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن چىرايىمغا يەنە جىددىي تۈس بېرىپ مەيدەمنى كەردىم. بايىقى ھەيۋەتىم ئەسلىگە كەلدى، مەن دەررۇ بۇيرۇق قىلدىم:

— بۇنى ئاپىرىپ قاماپ قويۇڭلار!

نېمىس ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرگىنىچە ئۈنچىقماي ماڭا چەكچىيىپ قاراپ تۇراتتى. ئۇ مېنىڭ گەپ تاپالماي قالغىنىمنى سېزىۋالدىمىكىن؟ ياق، ئەسلا سېزەلمەيدۇ. بۇ مۇمكىن ئەمەس، قارا، ئۇنىڭ غال-غال تىترەپ تۇرغىنىنى، ئۇ ئۆزى گەپ تاپالماي قالدىمۇ؟ بولمىسا گەپ قىلار ئىدى. ئۇ دېگەن تاجاۋۇزچى. ئۇرۇشخۇمار تاجاۋۇزچى دېگەن ئادەم ئەمەس. ھايۋان... بۇ ھايۋان گەپ ئۇقمايدۇ، شۇڭا گەپ قىلماي گۆشۈرۈپ تۇرىدۇ. لېكىن... دېگەن بىلەن مەندىن قورقتى. چۈنكى مېنىڭ تاپانچام بار-دە... مەن تاپانچامنى كەمىرىمدىن سۇغۇرۇپ قولۇمغا ئالدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن دېگەن قىزىل ئارمىيە كوماندىرى... كوماندىردىن ھەممىسى قورقىدۇ... گەپ بىلمەيدىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە سۆزلىيەلمەيدىغان قورقۇنچاق نېمىس بىلەن ھەپىلىشىش مېنى تېزلا زېرىكتۈردى. تاپانچا ئوينايدىغان ۋاقىتنى گەپ ئۇقمايدىغان گالۋاڭ نېمىس بىلەن بولۇپ بىھۇدە ئىسراپ قىلالمايتتىم، ئۇنىڭدىن كۆرە... بىردىنلا ئېسىمدا قىلىمىدىكى مەغلۇپ بولغان نېمىس گېنېرالىنىڭ گىلەملەر ئارتىلغان ياساداق زالىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ ئۆزىنى ئېتىۋالغان كۆرۈنۈشى ئەلەڭگىدى.

زال ناھايىتى ھەيۋەت ئىدى. مىلتىق پىلىموتلارنىڭ تا... تا... تاتىلىغان ۋە ئارقا-ئارقىدىن گۈمبۈرلىگەن سىنارەد، گرانات، زەمبىرەكنىڭ قىلاقنى ياڭغۇدەك سادىسى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. تەرەپ-تەرەپتىن قۇدرەت بىلەن سەلدەك بېسىپ كېلىۋاتقان قىزىل ئارمىيىنىڭ ھۇررا سادىسىدىن زالىنىڭ ئەينەكلىرى تىترەيتتى. قورقۇپ ئالاقزادە بولغان ئېگىز بويلۇق، ئورۇق نېمىس گېنېرالى زالىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى شىرەنىڭ يېنىغا كەلدى-دە (مەنمۇ شىرەنىڭ يېنىغا كەلدىم) يېرىم ھاراق قۇيۇلغان رۇمكىنى قولىغا ئېلىپ (مەن بايىقى چاي ئىچكەن چىنىنى قولۇمغا ئالدىم) دېرىزىگە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە كۆز تاشلىدى (مەنمۇ دېرىزىگە قاراپ قويدۇم) ئاندىن زەئىپ ۋە خىرقىرىغان ئاۋازدا ۋارقىرىدى:

«ئەلۋىدا غالىبىيەت خۇشاللىقى! ئەلۋىدا بۈيۈك مەقسەتلەر! ئەلۋىدا كۈچ ۋە ھەيۋەتلەر! ئەلۋىدا شان-شەرەپ!...» (ئاۋازىم خېلىلا ئوخشىدى) ئاندىن ئۇ قولىدىكى رۇمكىنى بىرلا كۆتۈرۈپ ھاراقنى ئىچىۋەتتى (مەنمۇ چىنىنى ئاغزىمغا ئاغدۇردۇم) ئاندىن رۇمكىنى تاشلىۋەتتى (مەن تاشلىۋەتمىدىم. شىرەگە ئاستا قويۇپ قويدۇم. چۈنكى ئۇ بىزنىڭ تاماق يەيدىغان چىنىمىز-دە، چىنە چېقىلسا پۇل خەجلەپ ئالىدىغان گەپتە). گېنېرال ئاخىرقى قېتىم دېرىزىگە قاراپ قويۇپ قولىدىكى تاپانچىنى

www.uyghurkitap.com

بەتلەپ ياغاق چېكىسىگە توغرىلىدى. (مەنمۇ قولۇمدىكى تاپانچىنى بەتلەپ ئۇنىڭ ئاغزىنى چېكەمگە تاقىدىم) گېنېرال تاپانچىنىڭ تەپكىسىنى باستى. ۋاڭ قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭلا يىقىلىپ قانغا بويالدى. ئۇنىڭ كۆزى چەكچىيىپ قالغانىدى، مەنمۇ كۆرسەتكۈچ بارمىقىمنى تەپكىگە ئالدىم ۋە ئاستا - ئاستا...

دەل شۇ چاغدا غۇڭ قىلغان ئاۋاز بىلەن بىر تال چىۋىن قۇلاق تۈۋىمدىن ئۇچۇپ ئۆتتى ۋە ئۇدۇل بۇرنۇمنىڭ ئۇچىغا قوندى. شۇ ھامان بۇرنۇمنىڭ ئۇچى چىدىغۇسىز دەرىجىدە قىچىشىپ كەتتى. چىۋىننىڭ پۇتى يىرىك ۋە سوغۇق ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ پاسكىنا ھاشارەتتىن سەسكىنىش تۇيغۇسى شۇ ھامان قوزغالغاچ بەدىنىم شۈركىنىپ كەتتى، نەدىن كىرىۋالدى بۇ سېسىق چىۋىن؟ ئۇنىڭ تېخى بۇرنۇمنىڭ ئۇچىغا قونىۋالغىنىنى دېمەمدىغان، مەن بۇ يېقىمسىزلىقنى چىدىيالماي بېشىمنى سىلكىۋەتتىم، چىۋىن ئۇچۇپ كەتتى. شۇ چاغدا بۇ چىۋىنگە قىزىقىپ قالدىم. چۈنكى بۇ چىۋىن شۇنچىلىك يوغان ئىدىكى، چوڭلۇقى بەئەينى ھەسەل ھەرىسىدەكلا كېلەتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنىڭ غۇڭۇلدىغان ئاۋازى شۇنچە كۈچلۈك ۋە بوم ئىدى، ئۇنىڭ غۇڭۇلدىشى ھاشارەتكە ئەمەس، خۇددى ئايروپىلاننىڭ گۈركىرىشىگە ئوخشايتتى... ئايروپىلان... توغرا، ئايروپىلان... نېمىسنىڭ قارا كۆكۈچ بومباردىمانچى ئايروپىلانى مانا ئۇ تىنچ ئەمەك بىلەن شۇغۇللىنىپ ۋەتىنىنى گۈللەندۈرۈۋاتقان بىگۇناھ خەلقلەرنى قىرغىن قىلىش ئۈچۈن تاجاۋۇز قىلىپ كەلگەن، نېمىس ئايروپىلانى... ئۇنى جازالاش كېرەك! ئۇنىڭ جىنايەتلىك مەقسىتىنىڭ ئەمەلگە ئاشماسلىقى ئۈچۈن، مىليونلىغان ئانىلارنىڭ، بالىلارنىڭ ھاياتى، بەختى، تىنچلىقى ئۈچۈن تېزدىن ئېتىپ چۈشۈرۈش كېرەك...

مەن تاپانچامنى چېكەمدىن ئېلىپ ئۆي ئىچىدە غۇڭۇلداپ ئۇچۇپ يۈرگەن قارا كۆك روچىۋىنگە توغرىلىدىم.

— قېنى كېلە! ئالۋاستىنىڭ ئايروپىلانى.

مەن تاپانچىنى ئىككى قولۇمدا مەھكەم تۇتۇپ، غۇڭۇلداپ يۈرگەن «ئايروپىلان» نىڭ ئارقىسىدىن قوغلىشىشقا باشلىدىم. ئۇ گاھ يۇقىرى ئۆرلەيتتى، گاھ پەسكە شۇڭغۇيتتى، گاھ ئوڭ - سولغا يىلانسىمان سويلايتتى، گاھ ئۇشتۇمتۇت جىددىي بۇرۇلۇش ياساپ ئۆزىنى چەتكە ئالاتتى. قارىغاندا ئۇ ئۆزىگە بىر دەھشەتلىك قورالنىڭ تىكىلەنگەنلىكىنى سېزىپ قالغان بولسا كېرەك، ئۆزىنى ھامان مېنىڭ كۆرۈش سىزىقىمدىن قاچۇرۇشقا ئۇرۇناتتى. مەنمۇ بوش كەلمەي تاپانچامنىڭ قورۇلىنى بۇ جىنايەتكار «ئايروپىلان» نىڭ قارا گەۋدىسىدىن زادىلا ئاجراتماي سوكدىشىۋەردىم، مەنمۇ ئۇنىڭ ئۇچۇش ھالىتىگە ماسلىشىپ گاھ ئالدىغا چامدايتتىم، گاھ ئارقامغا چېكىنەتتىم، گاھ تاپانچىنى ئۇنىڭغا توغرىلاپ ئورنۇمدا ئايلىناتتىم. مېنىڭ بىر كۆزۈم سەل - پەل قىسىلغان، لەۋلىرىمنى مەھكەم چىشلىۋالغانىدىم. پەيلىرىم تارىشىدەك تارتىلىپ، بارماقلىرىم تاپانچىنىڭ دەستىسىگە كىرىشىپ كەتكەنىدى. مېنىڭ پۈتۈن دىققىتىم، جىمى زېھنىي قۇۋۋىتىم ئاشۇ نىشانغا مەركەزلەشكەنىدى، مەن ئۇنى بىر پاي ئوق بىلەنلا ئېتىپ چۈشۈرۈشنىڭ پەيتىنى پايلايتتىم (كىنودىكى قەھرىمان قىزىل ئەسكەرمۇ ھېلىقى بومباردىمانچى ئايروپىلاننى پەقەت بىر تال ئوق بىلەن-

لا تىك موللاق چۈشۈرۈۋەتكەنىدى).

نېمىس «ئايروپىلان» ى ناھايىتى سەزگۈر ۋە ھىيلىگەر ئىكەن. مەن ئۇنىڭ مېنى ئالداپ قويۇپ قېچىپ كېتىشىگە ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدىم. چۈنكى ئۇ بىر ئىزنى ئىككىنچى قېتىم زادىلا ئايلانمايتتى، ئۇدۇل كېتىۋېتىپ ئۇشتۇمتۇت يان تەرەپكە بۇرۇلاتتى، گاھىدا ئېگىزلىككە ئۇچۇۋېتىپ تۇيۇقسىز تۆۋەنگە قاراپ ئوقتەك شۇڭغۇيتتى.

— خام خىيال قىلما! — دېدىمەن غەزەپ بىلەن. ۋەتىنىمگە بېسىپ كىرگەن ھەرقانداق دۈشمەن مەندىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ھازىر جاجاڭنى بېرىمەن...

«ئايروپىلان» كىچىك دائىرىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، ئايلىنىش دائىرىسىنى بارغانسېرى چوڭايتتى، ئەمدى ئۇنىڭ ھالسىراپ قالغانلىقى ئېنىق ئىدى. ئۇنىڭ قۇيرۇقىنى قىسىپ قېچىپ كەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقى مانا مەن دەپ ئاشكارىلاندى.

— ھالىڭ شۇنچىلىككەنغۇ سېنىڭ! دۇنيانى بېسىۋالماقچى بولۇپ كۆرەڭلىگىنىڭنى قارا...

«ئايروپىلان» ئېگىز بىناغا (ئۆينىڭ ئۇدۇل تېمىغا) يېقىنلاشتى، ئەمدى ئۇ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئۆزىنى بىناغا (تامغا) ئۇرۇپ، ئۆزىچە شەرەپ بىلەن ۋە «قەھرىمانلارچە» ھالاك بولماقچى بولۇۋاتقاندەك ئىدى. ئۇنىڭغا بۇنچىلىك ساختا شەرەپ پۇرسىتىنىمۇ بەرمەسلىك كېرەك... ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئەبلەخ ئۆزىنى ئاشۇ بىناغا ئۇرسا ئۇ بىنادا ئولتۇرۇشلۇق يۈزلىگەن تىنچ ئاھالىلەر بىراقلا تۈگەشمەمدۇ...؟ ياق، قەتئىي مۇمكىن ئەمەس، زادى يول قويماسلىق كېرەك.

مەن جىددىيلىشىپ كەتتىم. نەپىسىم قىسىلىپ چېكەمدىن تەر تەپچىرەشكە باشلىدى. يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سوقاتتى، مەن تاپانچىنى تېخىمۇ مەھكەم قامالاپ پۈتۈن كۈچۈمنى، غەزەپ ۋە نەپرىتىمنى قورالغا تىككىلىگەن كۆزۈمگە يىغدىم. ھاسىراپ قالغان «ئايروپىلان» دېگەندەكلا بىنا (تام) غا يېقىنلاپ كېلىۋەردى، ئۇنىڭ نىيىتى تولۇقى بىلەن ئاشكارىلاندى، ئەمدى دەقىقە كېچىكىشكە بولمايتتى. دەرھال ئوت ئېچىش كېرەك! مەن كۆرسەتكۈچ بارمىقىمنى تەپكىگە قويۇپ ئۆزۈمنى توختىتىپ ئاياغلىرىمنى كېرىپ مەھكەم دەسسىگىنىمچە:

— ۋەتەن ئۈچۈن، تىنچلىق ئۈچۈن! - دەپ ۋارقىرىدىم - دە، تاپانچىنىڭ تەپكىسىنى باستىم: قۇلاقنى يارغۇدەك گۈم قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭلا تام تۈرۈس سىلكىنىپ قولۇمدىكى تاپانچىمۇ يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ئۆزۈم سەنتۈرۈلۈپ كەتتىم، قورقىنىمدىن جان - پېنىم چىقىپ، ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالدىم. شۇ ھامان تالادا ئاپامنىڭ «ۋايجان! نېمە بالا بۇ...» دەپ ئەنسىز ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى ۋە ئاپام بىلەن دادام ئۆيگە ئوقتەك ئېتىلىپ كىردى، يەردە تۇرغان تاپانچىغا كۆزى چۈشكەن ئاپام «ۋاي قانداق قىلاي» دېگىنىچە ئارقىسىغا ئۈچۈپ چۈشتى، دادام ئوقتەك ئېتىلىپ كېلىپ مېنى قۇچاقلىۋالدى ۋە مېنىڭ ھايات ئىكەنلىكىمگە جەزم قىلالماي باش - كۆزلىرىمنى ئالاقزادىلىك ئىچىدە سىيلاپ كەتتى.

مەن «ئايروپىلان» غا ئوت ئاچقان چېغىمدىكى ھالىتىمچە ھاڭۋېقىپ قېتىپ قاپتىمەن. ئۆي ئىچى پورۇخنىڭ قاڭسىق ھىدىغا تولغانىدى، مېنىڭچە ئۆزۈم چوقۇم تاتىرىپ كەتتىم. پۇت - قولۇم دىر -

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دىر تىترەيتتى، ئاغزىمغا گەپ كەلمەيتتى. مەن قورقۇنچ ئىچىدە دادامغا تىكىلدىم. دادامنىڭ قورقىنىدىن تىلى بوغۇزىغا قاپلىشىپ قالغاندەك ئىدى. ئۇنىڭ چىرايىدىمۇ قان دىدارى كۆرۈنمەيتتى. خۇددى بەزگەك بولغاندەك كاسىلداپ تىترەيتتى، بۇرنىنىڭ تۆشۈكى كىشى قورققۇدەك دەرىجىدە يوغىناپ، قاڭشىرى ھېكايىلاردا يازغان ئۆلۈكنىڭكىدەك سارغىيىپ كەتكەنىدى. دادام مېنىڭ ئۇيەر، بۇ يەرلىرىمنى سىلىدى. ئاندىن ئۆزىنىڭ ئالقىنىغا سىنچىلاپ سەپسالدى. ئۇ قولىغا قان يۇقمىغانلىقىغا ئىشەنگەندىن كېيىن بۇرۇلۇپ تامغا قارىدى. ئوق تامغا كىرىپ كەتكەن، تامنىڭ ئالقاندەك سۇۋىقى قومۇرۇلۇپ چۈشكەنىدى. ھېلىقى ئۈلگۈر چىۋىن نەگىدۇر يوقالغانىدى. دادام كۆزلىرىنى تامدىن ئاغدۇرۇپ ئاۋۋال يەردە غالىبلارچە ھەيۋەت ۋە ئىپتىخار بىلەن سوزايلىنىپ ياتقان تاپانچىغا، ئاندىن ھوشسىز ھالەتتە ئۈزىرىپ ياتقان ئاپامغا تەشۋىش ئىچىدە قارىدى، ئاپامنىڭ يۈزى قەغەزدەك ئاقىرىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ چاچلىرى چۇۋۇلۇپ پېشانىسىنى يېپىۋالغانىدى. دادام كۆزىنى ئاپامدىن ئېلىپ، مېنىڭ كۆزۈمگە پىچاقتەك قادالدى. ئۇ شۇ تاپتا مېنى يەۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا ئىدى. ئۇنىڭ تىترىكى تېخىچە بېسىقمىغانىدى. كۆزىدىن ئالاقزادىلىك، ۋەھىمە ۋە غەزەپ ياغاتتى. ئۇ بىر ھازاغىچە ماڭا خەنجەردەك تىكىلىپ تۇرغاندىن كېيىن ئۈشتۈمتۇت:

— ۋۇ ئەقىلسىز...! — دەپ ۋارقىرىدى - دە، كاچىتىمغا قەھرى بىلەن بىر تەستەك سالدى. مەن پاكىسىدە ئېتىلىپ يىقىلىۋەتتىم. مەن شۇ چاغدا قورقۇپ كېتىپ يىغلىدىممۇ ياكى تاك ئېتىپ چېكىپ باقمىغان دادامنىڭ تەستىكى ھار كېلىپ يىغلىدىممۇ يا بولمىسا ئاغرىققا چىدالماي يىغلىدىممۇ ۋەياكى دادامنىڭ...

ھازىرغىچە شۇ كۆرۈنۈشنى زادىلا ئۇنتالمىدىم، تەستەكنىغۇ ئۇنتۇۋالدۇم. ئۇنى كۆڭلۈمدىن چىقىرىۋەتتىم. چۈنكى بالا - ۋاقا بولغان ئادەم خاتا قىلىپ قويسا تەنبىھلەش، جىملەش ھەتتا بىرەر ئىككى شاپىلاق تەگكۈزۈپ قويۇش ئاتا - ئانىنىڭ مەسئۇلىيىتى، ئۇنىڭلىق بىلەن ئاتا - ئانا ۋە بالا - ۋاقا ئوتتۇرىسىدىكى رىشتە ئۈزۈلۈپ كەتمەيدۇ، ئەكسىچە بالا ئۆزىنىڭ بىلمەي قىلىپ قويغان ئىشىنىڭ ئاقىۋىتىدىن چۆچۈپ، ئۇنىڭدىن ساۋاق ئالىدىغان، قايتا تەكرارلىمايدىغان بولىدۇ. شۇڭا مەن دادامنىڭ شاپىلىقىنى كەچۈرۈۋېتەلىنىكەم... لېكىن بىر نەرسىنى، پەقەتلا بىر نەرسىنى كەچۈرەلمەيمەن. «كەچۈرەلمەيمەن» دېيىشكە نېمە ھەددىم؟ بالىنىڭ ئاتا - ئانىنى كەچۈرۈش—كەچۈرمەسلىك ھوقۇقى بولمايدۇ، دادام بىلەن ئاپام مەن ئۈچۈن مۇقەددەس. شۇڭا كەچۈرمەيمەن دېگەن سۆزنى ئىشلىتىش ئۆزىنى چاغلىماسلىق ۋە زىيادە كۆرەڭلىك. لېكىن ئەڭ بولمىغاندا ئاشۇ بىر نەرسىنى كۆڭلى - كۆكسۈمدىن يۇلۇۋېتەلمەي ئازابلىنىپ يۈرىمەن، بۇ بولسىمۇ دادامنىڭ ھېلىقى «ھۇ ئەقىلسىز...!» دەپ گۈركىرىگىنى. چوڭلارنى تەجرىبىلىك، ئەقىللىق دېيىشىدۇ، ھەتتا چاچ - ساقاللىرى ئاپئاق ئاقارغان چوڭلار «چاچ ساقالدىكى ئاقلىق، جۇلالاپ تۇرغان ئەقىل - ئىدراكنىڭ شولىسى» دەپ پەخىرلىنىدۇ، مەنمۇ شۇنداق دەپ ئىشىنىپ كەلگەنىدىم. لېكىن ھېلىقى كۈندىن كېيىن بۇ ھەقتە كۆپتىن - كۆپ ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم.

مۆھتەرەم كىتابخان، مېنىڭ كىچىكىمنى تولۇقى بىلەن ئاڭلىدىڭىز، ئېيتىڭچۇ، سىزنىڭچە راستىنلا مەن ئەقىلسىزمۇ؟

مەسئۇل مۇھەررىرى: كامىل تۇرسۇن

## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز

مىر ئەھمەد سەئىد ھاجى

# ئىجادىي ئەمگەك ئۆز ئىگىسى بىلەن مۇنەۋۋەر

— «ھەمرايى غەزەللىرى»نىڭ مۇئەللىپى توغرىسىدا

1987 - يىلىدىن بۇيان «تارىم» ژۇرنىلىدا ھاجى ھامۇت مەھمۇدى، ئابدۇشۈكۈر مەھەممەتئىمىن، غۇلام ئەبەيدۇللا، پەيزۇللا ئوسمان قاتارلىق يولداشلارنىڭ «ھەمرايى غەزەللىرى» توغرىسىدا ماقالىلىرى ئېلان قىلىندى. ماقالىلەرنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى «ھەمرايى غەزەللىرى» نىڭ مۇئەللىپى كىم؟ دېگەندىن ئىبارەت بولدى. بۇ توغرىدا يولداشلارنىڭ قارىشى ئوخشاش ئەمەس. ھاجى ھامۇت مەھمۇدى قاتارلىق يولداشلارنىڭ ماقالىلىرىدە ‹ھەمرايى غەزەللىرى› نىڭ مۇئەللىپى كلاسسىك شائىر مەھمۇد ھېكىمبەگ دېگەن قاراش ئالغا سۈرۈلسە، يولداش ئابدۇشۈكۈر مەھەممەتئىمىننىڭ ماقالىسىدە: «‹ھەمرايى غەزەللىرى› مېنىڭ پەۋقۇلئاددە ئەھۋال ئاستىدا ھەمرايى تەخەللۇسىنى قوللىنىپ، ئانا - بالا ھىجرانىنى كۈيلەپ، ئانا قەلبىگە بېغىشلاپ يازغان غەزەللىرىم بولۇپ، ئۇ مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ ئەسىرى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس» دېيىلگەن. مەن يۇقىرىقى يولداشلارنىڭ ماقالىلىرى ئېلان قىلىنىشتىن بۇرۇن ئۇلار بىلەن، بولۇپمۇ ھاجى ھامۇت مەھمۇدى بىلەن كۆپ قېتىم كۆرۈشكەن. ھاجى ھامۇت مەھمۇدى، مەن ۋە رىشات مۇسالار «ھەمرايى غەزەللىرى»ۋە مەھمۇد ھېكىمبەگ ھەققىدە كۆپ قېتىم سۆزلەشكەن بولساقمۇ، دېگەندەك بىرلىككە كېلەلمىگەن. بىرلىككە كەلگەنلىرىمىزدىمۇ قىياستىن باشقا دەلىل - ئىسپاتىمىز يوق ئىدى، ئارىمىزدىكى ئىختىلابلارمۇ خېلىلا روشەن ئىدى. مەن ئابدۇشۈكۈر مەھەممەتئىمىن بىلەن كۆرۈشۈپ «ھەمرايى غەزەللىرى» گە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى، ئۇنىڭ «تارىم» ژۇرنىلىغا چىققان ماقالىسىنى كۆرگەندىن كېيىن، «ھەمرايى غەزەللىرى» نىڭ مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ ئىكەنلىكىگە دەر گۇمان بولدۇم ۋە ھاجى ھامۇت مەھمۇدى قاتارلىقلارغا بۇ ھەقتە ئالدىراپ ھۆكۈم چىقىرىپ، ياخشى ئادەملەرگە ئۇۋال قىلىپ قويماسلىق ھەققىدە ئۆز پىكرىمنى بەردىم. لېكىن ئۇلار بۇ پىكرگە قۇلاق سالماي «ھەمرايى غەزەللىرى» نىڭ مۇئەللىپى ھەققىدە يەنىمۇ مۇتلەقلەشتۈرۈپ خاتا ھۆكۈم چىقىرىۋەتتى.

مەن ئۆزۈمنىڭ كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىغا، ھەر خىل قاراشتىكىلەرنىڭ ماقالىلىرىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان پاكىتلارغا، خېلى ئۇزۇن يىللىق تەكشۈرۈپ - تەتقىق

uyghurkitap.com



قىلىش، ئۆيلىنىش، مۇلاھىزە قىلىشلىرىمىزغا، ئەڭ مۇھىمى قولۇمىزدىكى نەق ماتېرىياللارغا ئاساسەن، «ھەمرايى غەزەللىرى» ئابدۇشۈكۈر مەھەممەتئىمىننىڭ دەپ قارايمەن. ھەممىمىزدىن پاكىت ئۈستۈن. شۇڭا بىز پاكىتقا مۇراجىئەت قىلايلى.

### 1. مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ شېئىرلىرى

«ھەمرايى غەزەللىرى» گە مۇناسىۋەتلىك ماقالىلەردە تىلغا ئېلىنغان رىشات مۇسا بوۋىسى مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ ھالال ئەمگىكىگە تەئەللۇق ئەدەبىي مىراسلىرىنى ئېغىشىماي ساقلاپ كەلگەن. مەرھۇم ھاجى ھامۇت مەھمۇدى رىشات مۇسانىڭ كېسەلچان پەيتلىرىدە ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ، «ھەمرايى غەزەللىرى» نى مەھمۇد ھېكىمبەگكە مەنسۇپ قىلىش توغرىسىدا كۆپ خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. مەرھۇم رىشات مۇسا «ھەمرايى غەزەللىرى» نى كۆرگەندىن كېيىن: «بۇ غەزەللەر مېنىڭ قولۇمدىكى غەزەللەرگە ئوخشىمايدۇ. ھېچ ئەسلىيەلمىدىم. بىزدە بارلىرى باشقا قېلىپتا يېزىلغان غەزەللەر ئىدى» دەپ ئېنىق پوزىتسىيە بىلدۈرگەنىدى. راستىنلا مەرھۇمنىڭ قولىدا ساقلىنىپ كەلگەن مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ شېئىرلىرى قاتارىدا «ھەمرايى» تەخەللۇسىدا يېزىلغان شېئىردىن بىرسىمۇ يوق ئىدى. مەرھۇم ھاجى ھامۇت مەھمۇدى رىشات مۇسا كۆز يۇمۇشى بىلەنلا ئەمەلىيەتكە خىلاپ ھالدا ئابدۇشۈكۈر مەھەممەتئىمىنگە بوھتان چاپلاپ، ئابدۇشۈكۈر مەھەممەتئىمىن 1975 - يىلىدىن باشلاپ مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ شېئىرلىرىنى ئۆز نامىدا ئېلان قىلغان دەپ، ئاسمان - زېمىنغا پاتمايدىغان تۆھمەتنى پەيدا قىلدى. بۇ تەسەۋۋۇردىن تولىمۇ يىراق بولغان ئوپ-ئوچۇق ئويدۇرما ۋە يالغانچىلىق! رىشات مۇسا 1986 - يىل 1 - ئايدا ۋاپات بولدى. ۋەھالەنكى، «ھەمرايى غەزەللىرى» 1979 - يىلىدىن باشلاپ مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنىشقا باشلىدى. رىشات مۇسا بۇ غەزەللەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، بۇ غەزەللەرنى ئابدۇشۈكۈر مەھەممەتئىمىننىڭ ئانىسىنىڭ سالام خەت، شېئىرلىرىنى ئۆزگەرتىپ يېزىپ چىققانلىقىنى ئاڭلىغان، مەنمۇ بۇ توغرىدا ئوچۇق ئېيتقان. مەسىلە شۇنداق ئوچۇق تۇرۇقلۇق، نېمە ئۈچۈن رىشات مۇسا مۇناسىۋەتلىك گېزىت - ژۇرناللارغا ئۆز پىكرىنى سۇنالمىدى؟ سەۋەب شۇكى، رىشات مۇسانىڭ قولىدا «ھەمرايى غەزەللىرى» گە ئوخشايدىغان، ھېچ بولمىغاندا ئۇنىڭغا مەزمۇن جەھەتتە ماسلىشىدىغان شېئىرلار يوق ئىدى. شۇڭا ئۆزى ساۋاتلىق، خەت يازالايدىغان زىيالىي تۇرۇقلۇقمۇ بۇنداق ئاساسسىز ئىشقا جۈرئەت قىلالمىغانىدى.

مەن تۆۋەندە مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ قولۇمدىكى غەزەللىرىنى جامائەتكە تاپشۇرىمەن.

ئاڭلىڭىز ئەي ئەھلى ئالەم بىر ھېكايەتۇ ئەجەب،
بىلگىنىمچە شەمئى ئىزھار ئەيلىگىنمۇ مەن غېرىب.

تابەئى چىندىن! دىيارىم كاشغەر شەھرى ئىدى،
مەن بىلىق ئىردىم، ۋەتەن گۈيا كى بىر بەھرى ئىدى.

توققۇز ئاي مىقدارى بولدۇم كاشغەرغە ھۆكمىران،
بولدى ئەلايىو ۋىلايەت ھەم رەئىيە شادىمان.

ئەز قازا ئاپاتۇ پىترەت بىزگە سالدى قوزغىلاڭ،
چەشمە بەت تەسىيەتىدىن بولدى تاراجۇ تاراڭ.

يەتتە ئەجدادىم مىنىڭ سۇلتان سۇتۇقنىڭ ۋارىسى،
تابەئىدە نەچچە يۈزلۈك ئادىمى يۇ بار ئىدى.

نەچچە يۇياڭ سۆزنى دارىنلەرغە مەخپى ئۇقتۇرۇپ،
زاھىرى باتىندە يوق ئىشلارنى بىزگە يۇقتۇرۇپ.

ئۇشبۇ چىندە جۇيى ـ دارىن مەن غېرىبىنى تاپتۇرۇپ،
ئوغرىلارنىڭ ئارقىسىدىن ھەر تەرەپكە چاپتۇرۇپ.

خىزمىتىم شاھىستە بولغاندىن قىلىپ كۆپ ئىلتىپات،
جازا تاپشۇردى بېرىپ كۆك جۇكسا كۆزلۈك ئۇتۇغات.

سىز تېپىپ ماھى مۇھەررەمدە كۇچالىق ئىككى سەگ،
مۇددىئاسى مەن يىقىلسام بولسىلا ئورنۇمغا بەگ.

دېدىلار ئاياتۇ پۇرقان ئىچرە بۇھتانۇلئەزىم،
جۇيىنىڭ باشىنى ئايلاندۇردى شەيتانىررەجىم.

دەپئەتەن بىزگە غەزەب ئەيلەپ قوشۇپ ئوتتۇز چېرىك،
ئىتتىرىپ خامىغا تاشلاپ كۆزىتىپ قاتتىق ـ يىرىك.

ئۇشبۇ شەھەر ئىسمى مەشھۇر ئەھلى ئاغزىدا قۇمۇل،
تابەئىدە كەنتى ـ سەھراسى بولۇپ نەچچە سۇمۇل.

دۆلىتى ئىززەتكە رەشىك ئەيلەپ بۇ چەرخى ۋاژگۇن،
قاياندۇر ۋەتەن سالالماس ئاتىنىڭ بېشىغا يۈگەن.

شۇكرە بۇ غۇربەت ئىچىدە بەردى ئوبدان دوستىيار.

..................................................................

* * *

رەئىيە چېرىك كەلدى دەپ ئالدىراپ،
رۇبۇك بەگلەر تىلەپ تون كىيىپ شالدىراپ.
بۇ مەنى خۇداغا پىسەن ئولمىدى،
قازان ئاشقا خاپان تولمىدى.
بۇياندا ياقا يوق، يېڭى يوق ئىلىك،
ئوچاقتا ئوتان يوق، چىراغدا پىلىك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


چېرىكلەر بېشىغا قارا چۈمكەپ،
بىرى ئۇن شاياتىنغا دەرس ئۆگىتىپ.
رەپىق ئىشتىكىل شىكايەت قىلاي،
پەلەك جەۋرىدى، ئاز شىكايەت قىلاي.
ئىمرور بۇ دۇنيا ئۇلۇغراق كېسەك،
باقا يوق دېگىز ئىچرە دېرەك.
دىنان ـ دىنان قايانىدۇر ۋەتەن،
سالالماي ئاتىنىڭ بېشىغا زۇگەن*.

مەن كەڭ كىتابخانلار يۇقىرىقىلارنى كۆرگەندىن كېيىن، سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ھەق ـ ناھەقنى ئايرىپ، «ھەمرايى غەزەللىرى» نىڭ مۇئەللىپىنىڭ كىملىكىگە توغرا ھۆكۈم قىلار دېگەن ئۈمىدتىمەن.

2. ھەمراخانىم ۋە «ھەمرايى غەزەللىرى»

ھەمرا خانىم ئابدۇشۇكۇر مەھەممەتئىمىننىڭ ئانىسى بولۇپ، ئاتا ـ بوۋىلىرى تۇر-كۈللۈك ئىدى.

مەن 1986 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئابدۇشۇكۇر مەھەممەتئىمىن بىلەن كۆرۈشۈپ، «ھەمە-رايى غەزەللىرى» ھەققىدىكى تونۇشۇمنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. ئابدۇشۇكۇر مەھەممەتئىمىن-مىن كىتاب ساقلاش ئىشكاپىدىن بىرمۇنچە ماتېرىيالنى ئېلىپ ئالدىمغا قويدى ۋە: «مىر ئەھمەد ئاكا، مانا بۇ شېئىر ـ غەزەل ۋە سالام خەتلەر ئانامنىڭ ماڭا ئەۋەتكەن نەرسىلىرى، سىلە بىر ـ بىرلەپ كۆرۈپ باقسىلا» دېدى. مەن تەپسىلىي كۆردۈم. ھەمرا خانىمنىڭ سالام خەتلىرى ئارىسىدا شېئىر ـ غەزەل شەكلىدە يېزىلغانلىرى خېلى كۆپ ئىكەن. بۇ شېئىر ـ غەزەللەرنى ئابدۇشۇكۇر مەھەممەتئىمىن ئۆز قەلىمى بىلەن ئۆزگەرت-كەن. مەن يېقىندا مۇشۇ مەنبەلەر بىلەن مېنى تەمىنلەش توغرىسىدا ئابدۇشۇكۇر مەھەممەتئىمىنگە مۇراجىئەت قىلدىم. ئۇ مېنى مۇكەممەل مەنبە بىلەن تەمىن ئەتتى. ھەمرا خانىمنىڭ شېئىرلىرى بىلەن «ھەمرايى غەزەللىرى» نىڭ مۇناسىۋىتىنى ئېچىپ بېرىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەسلى غەزەللىرى بىلەن ئابدۇشۇكۇر مەھەممەتئىمىن ئۆزگەر-تىپ، تولۇقلاپ قېلىپلاشتۇرغان «ھەمرايى غەزەللىرى» نىڭ بىر قىسمىنى سېلىشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

ئەسلىدىكىسى: («ئالدىم خەۋەر»)

شۈكرەلىللا كەلدى دوستلار مېھرۋانىمدىن خەۋەر،
كۆكزىكى گۆياكى بولغان دىل ناۋازىمدىن خەۋەر.
ئانا ـ بالا يولداشىن ئەتراپىغا جەم ئەيلىگەن،
مايدا ئېچىلغان چىمەندەك گۈلى رەنادىن خەۋەر.
ئۆز ـ ئۆزۈمگە ئۇمۇر ئىستەپ يىغلىدىم كۆپ بىمەددەت،
كۆز ئۇچۇپ نە چارە بار يازدىم بالام بەرگىن خەۋەر.
مۇ؟ مۇ؟ مۇ؟ (ئانىلىق ئەركىلىتىشى)

* بۇ شېئىرلار ماقال تۈرىگىنالى بويىچە ئەينەن بېرىلدى (ت)

ئۆزگەرتىلگىنى:

شۈكرۈلىللا كەلدى دوستلار مېھرىبانىمدىن خەۋەر،
ھىجىر ئاپەت ئىچرە ۋەھشەت ھەم ئامانىمدىن خەۋەر.
سۈت ئىمىپ كۆكسۈمدە ئۆسكەن كۆكرىكى قالقان گويا،
نەھرە ئەيلەپ تاغ ئارا بىر تامچە قانىمدىن خەۋەر.
يۈزلىرى گويا كۆرۈندى مىڭ تۈمەن دولقۇن ئارا،
كۆزلىرى مەغرۇر ھامان، قەلبى جاھانىمدىن خەۋەر.
زېھنىدە تەمكىن، تەپەككۇر، ئەيلىمەس پىرقەتكە داد،
چېھرىسىدە بىر ئۈمىد تىنماي راۋانىمدىن خەۋەر.
شادۇ خۇرام كۆل بۈگۈن ھەمرايى كەيپىگىنى ئىچىپ،
كەلدى ئىلھام چەشمىلەپ نەزمە دىۋانىمدىن خەۋەر.

ئەسلىدىكىسى:

بۇكاغەزدە يېتىپ بارسا سالامىم،
يىراقتىكى سۇلتانىمگە سالام دەڭ.
ئانىسىنىڭ يۈرىكىنى داغ ئەيلەگەن،
شۇل يەردىكى جانانىمغا سالام دەڭ.
بىزدىن كېچىپ ئەرش ئۈستىگە جاي سالغان،
كارۋبارىم گۈلزارىمغا سالام دەڭ.
مۇقەددەسلىك ۋەزىپەم دەپ بىر كەلسۇن،
ھەم گۈلۈم گۈلنارىمغا سالام دەڭ.

ئۆزگەرتىلگىنى:

خېتىم ئېلىپ ئوقۇپ رەنا ئوغلانىمغا سالام ئېيتىڭ،
ئانىلىق مېھرى تەختىدە سۇلتانىمغا سالام ئېيتىڭ.
ماڭا پىردەۋسى جەننەتتۇر ئۇنىڭ ۋەسلى ئارامگاھىم،
يۈرەك باغرىمدا جەۋلانىم، بوستانىمگە سالام ئېيتىڭ.
چۈشۈم زاھىرە، ئوڭۇم كەتكەن يۈرەكى دىلئاراتەپكەن،
يىراقى تاغ ئېشىپ يەتكەن رەيھانىمگە سالام ئېيتىڭ.
جۇدا بوپ ئەل سۆيۈپ قالغان، پايانسىز ھەجرىگە قانغان،
ئۈمىدىم كۆكسىدە يانغان چولپانىمگە سالام ئېيتىڭ.
ئۇنى ھەمرايى دەر ماھىم، سېغىنچىلىك قوزغىدى ئاھىم،
يېنىدا شەمئىسى دائىم پەرۋانىمگە سالام ئېيتىڭ.

ئەسلىدىكىسى: («رەناغا شېئىر»)،

تەشنەلەر قىلدىڭ مېنى گۈل قامىتىڭدىن ئۆرگىلەي،
ھالقا-ھالقا ساچلىرىڭنىڭ ھەر بىرى ئەنبەرمىدۇر.
مۇنچە دەنا، مۇنچە رەنا، مۇنچە زىبا سەن ئۆزۈڭ.

www.uyghurkitap.com

غۇنچە گۈللەرنى ياشارتقان دەنالىقىڭدىن ئۆرگىلەي.
تەشنە قىلدىڭ مۇنچە ھەم ئاجىز غېرىب بىچارىنى،
ئاستىلاپ يازغان سالامۇ خەتلىرىڭدىن ئۆرگىلەي.
تېز داۋا قىل دەردىمە بولدى زەئىپ ئەزالىرىم،
ياتمىغىل، تۇر جان بالام قانسۇن، ماڭا پەرزەنتلىرىم.

ئۆزگەرتىلگىنى:

تەشنا لەپ قىلغان مېنى لەبزى شېرىن شىكەرىمدۇر،
باغۇ بوستانلىق ئېلىڭدە شەربىتىڭ كەۋسەرىمدۇر.
غۇنچە رەنا مۇنچە زىبا، شۇنچە مەنا سۆزلىرىڭ،
ھالقا ـ ھالقا چاچلىرىڭدىن ئۇرغىغان ئەنبەرىمدۇر.
گۈل يۈزۈڭگە باقىنىمدا كېپىنەك زوقۇم ئاشار،
تەلپۈنۈپ ئوغلۇمنى جەزىپ ئەتكەن كۆزۈڭ ئەختەرىمدۇر.
بەنت ئېتىپ جادۇ مۇھەببەت توردا شەيدايىنى،
مەن غېرىبىنىڭ رىشتىنى كەسكەن تىغىڭ خەنجەرىمدۇر.
بولدى ھەمرايى زەئىپ، يۈرمە گۈلۈمنى قىزغىنىپ،
كۆر مېنى بىللە ئېلىپ، يا مۇشكۈلۈك ئەسقەرىمدۇر.

ئەسلىسىدىكىسى:

بالام ھۆۋدىدانىڭ بىر سۆزى بار:
«ھەركىم نە بىلۇر دىلدىكى دەردۇ ئەلەمىمنى.
بۇ غەمدە مېنىڭ باشىمدىكى سەۋدايى غەمىمنى،
بىر تەڭرى بىلۇر، بىر مەن بىلۇرمەن، ھېچ كىشى بىلمەس.
ھەر كېچە قارا تۈنلەردە تارتقان ستەمىمنى»
مېنىڭ بېشىمدىكى سەۋدانى بىر كىشى بېشىڭغا سالمىسۇن!

ئىلھاملىنىپ يېزىلغىنى:

سالمىغىن باشىمدىكى سەۋدانى ئۆزگە باشىغە،
قوشمىغىن ھىجران يېشىنى ئۆزگىلەر كۆز ياشىغا.
مەيلى غۇربەت بولسا ۋە ياكى كۈلپەت ھەم خەتەر،
سالمىغىن بىمۆھلىتى ھىجران بىلەن يولداشىغا.
بىر ئوغۇل كۆردۈم جاھاندا بولدى ئالەم تار ماڭا،
ۋەسلىنى كۆزدىن بېرىپ، يەتتەي ئۇنىڭ ئوتقاشىغا.
يوق ئامالىم ئەي پەلەك، چەرخىڭدە ھەم يوق بىر ئامال،
كۆكتە سەيلان ئۆتكۈزۈپ ئۇرماقتىمەن ئۆزگە تاشىغا.
قان بۇگۈن ھەمرايىمنىڭ باغرى، يانا ئارمانى قان،
كايىماسمەن ئۆزگىگە، رەنجىم جاھان نەققاشىغا.

ئەسلىسىدىكىسى:

جاھان مەيداندا نەسلۇ نىشانىم سەن ئامان بولغىن،

ۋۇجۇدۇم گۈلشەنى، تەنلەردە دەرمانىم ئامان بولغىن.
سېنىڭ ئىشقىڭ بىلەن ئەقلىم يوقاتتىم، كىمگە دات ئېيتاي،
گۈلى نەۋرە سىتەئى سەدبەرگى خەندانىم ئامان بولغىن.
ئەقىللىق ئىلمىي ئىنسانىم، نەبولدۇڭ بىلمىدىم ئەسلا،
كۇممۇنىستىك پارتىيەم بولسۇن مەدەتكارىڭ، ئامان بولغىن.
بۇتاسىدىن جۇدا بولغاچ چۇ بۇلبۇل زار يىغلايمەن،
مىسالى جان قۇشۇم تەندە هاياتىم سەن ئامان بولغىن.
ئاتاڭىز يازدۇنامە كۆزىدىن تامچىلار تاشلاپ،
كارامەتلىك مېنىڭ تەختى سۇلايمانىم ئامان بولغىن.
ئاناڭ بىر مىسلى مەجنۇندۇر، يولۇڭدا زارلەر يىغلاپ،
قاراڭغۇ كېچىدە سۇبھى قۇياشىم سەن ئامان بولغىن.
جۇدالىق هېجرى دوستلار ئۇستىخانىم ئىچرە ئورناشتى،
باشىم ئۇستىدە تۇرغان سايىبانىم سەن ئامان بولغىن.
(داۋامى بار، جەمئى 42 مىسرا)

ئۆزگەرتىلگىنى: (1)

جاهان مەيدانىدا نەسلۇ نىشانىم سەن ئامان بولغىن،
ۋۇجۇدۇم گۈلشەنى تەن ئىچرە دەرمانىم ئامان بولغىن.
سېنىڭ ئىشقىڭ بىلەن ئەقلىم يوقاتتىم كىمگە داد ئەيلەي،
گۈلى نەۋرە سىتەئى سەد بەرگى خەندانىم ئامان بولغىن.
ئەقىللىق ئىلمىي ئىنسانىم، نە بولدۇڭ بىلمىدىم ئەسلا،
زىمىستان ۋەھىمىسى ئىچرە گۈلىستانىم ئامان بولغىن.
ئاتاڭ هەر كۈن يازار نامە كۆزىدە تامچىلار تاشلاپ،
ئاناڭ يىغلار كۆڭۈلدە بەختى سۇلتانىم ئامان بولغىن.
هوشۇڭدىن ئازما هەمرايى، زەبۇن قىلما هاياتىڭنى،
ۋىسال ئاستانىسىگە يەتكىلى جانىم ئامان بولغىن.

تۈزىتىلگىنى: (2)

جۇدالىق هىجرى دوستلار ئۇستىخانىم ئىچرە ئورناشتى،
بالايى ئاتەشى پىرقەت يىلاندەك تەنگە چىرماشتى.
كۆڭۈلدە ۋەسلى شەيدايى گويا ئەپسانە بىر غولمان،
قايان باقسام ۋىسالدىن قەترە مەي يوق چاڭقىقىم ئاشتى.
ئاتاڭ غەرق ئەتتى تاھىردەك پىغان دەرياسىغا ئاخىر،
ئاناڭ بىر مىسلى مەجنۇندۇر قىلاردىن بىلمەيىن شاشتى.
بۇ زۇلمەت هىجرىنى قاي كۈن ۋىسالىڭ خۇرشىدى تاڭلار،
گۇمانىم بەلكى باشىمدىن هومانىڭ نەۋبەتى قاشتى.
ساڭا هەمرايى گۈل دىلبەر بىلەن بۇلبۇل هاياتى خوپ،
ئۇنىڭدىنمۇ گۇمان يەتكەيمۇ دەپ چەشمىمدە ياش تاشتى.

www.uyghurkitap.com

ئەسلىدىكىسى:

نىگارا مەن سالام ئېيتاي ئىشتىگىل ئاھۇ زارىمنى،
كۆزۈڭ ئالدىدا گەر بولسام كۆرۈبان كارۇ بارىمنى.
كېلىپ ھالىمنى سورغىل، تاقىتىم تاق بولدى ھىجرىڭدە،
كۆزۈڭ بىرلەن كۆرۈپ بىلگىل تامامۇ بۇ ئۇۋالىمنى.
ھەمە ئاشىق، ئېلى ھەم مەن كەبى ھېچ كۆرمىگەن ھىجران،
كىمگە دەردلەر ئېيتاي مېنىڭ بىچارە ھالىمنى.
ئۇمىدى بىگاران ئەيلەپ ھاياتىمنى كۆزەتتىم مەن،
بېرىپ چۆللەرگە داد ئەيلەي گىياھلەرگە پىغانىمنى.
مۇبادا ئورغىلى كەلسە قۇمۇشنى ئەزىيەت قالخۇز،
قولغا گەر ئېلىپ چالسا ئىشىتكەي ئاھۇ زارىمنى.
قولۇڭ بىرلەن ئېلىپ بارىپ قويار بولساڭ لەھەت ئىچرە،
قويۇپ يانغاندا بىلگەيسەن كۆلۈپ ياتقان مازارىمنى.

تۈزىتىلگىنى: (1 — 8 مىسرالىرى ئوخشاش، 9 — 12 مىسرالىرى مۇنداق):

مۇبادا كەلسە ئول موشىپىق كۆرەر يا كۆرمىگەي ۋەسلىم،
قۇچاقلاپ يىغلىسا دەريا قىلۇر قەبرىمدە زارىمنى.
قولۇڭ بىرلەن بىشىمنى يا لەھەت خاكىن تۇتار بولساڭ،
ئېلىڭگە قايتقىنىڭدا كۆر كۈلۈپ ياتقان مازارىمنى.

ئابدۇشۇكۇر مەھەممەتئىمىننىڭ خاتىرە دەپتىرىدە تېخى «ھەمرايى غەزەللىرى» قىلىپ ئۆزگەرتىلمىگەن شېئىرلارمۇ كۆپ ئىكەن.

## 3. خاتىمە

مەن مۇلاھىزىلىرىم ۋە پاكىتلارغا ئاساسەن مۇنداق يەكۈن چىقىرىمەن:

1) «ھەمرايى غەزەللىرى» نى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئانىسى ھەمراخانىمنىڭ شېئىرلىرى، شېئىردىي پىكىرلىرى ئاساسىدا قايتا ئىشلەپ، پىششىقلاپ يېزىپ چىققان. بۇ غەزەللەرنى «ناۋايى غەزەللىرى» دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ ماختاپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ھەقىقىي ھالال مۇئەللىپىنى يالا ۋە بوھتان دېڭىزغا غەرق قىلىۋېتىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس.

2) «ھەمرايى غەزەللىرى» نىڭ ھەقىقىي مۇئەللىپى كلاسسىك شائىر مەھمۇد ھېكىمبەگ، دېگەن ھۆكۈم تامامەن خاتا. بۇنداق ھۆكۈمنى چىقىرىش پەقەت ھاجى ھامۇت مەھمۇدىنىڭ «ئاتۇشتىن مەھمۇد ھېكىمبەگنى ئۈزلۈغ ۋەتەنپەرۋەر قىلىپ تونۇشتۇرساق ...» دېگەن ناتوغرا ئىدىيىسىنىڭ تۈرتكىسىدە بولغان.

3) ھازىرقى «تەزىيە مەكتۇپى» ھەرگىزمۇ ئەسلى نۇسخا ئەمەس، ئۆزگەرتىلىپ ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەن. مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ پەرخانىدىن ئاتا ـ ئانا، ئاكا ـ

نىڭ پاجىئەلىك ھالدا ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، تەزىيە بىلدۈرۈپ خەت يازغانلىقى ئېھتىمال بولسىمۇ، ئەمما ئەسلى نۇسخا يوق، پەقەت رىشات مۇسا يادلىۋېلىپ خاتىرىلەپ قويغان، دېگەن نۇسخىلا بار. مۇشۇ نۇسخىمۇ ھاجى ھامۇت مەھمۇدىنىڭ قولىدا ئۆزگىرىپ پۈتۈنلەي باشقا بىر نەرسە بولۇپ قالغان. مەن 1978 - يىلى ھازىر «تەزىيە مەكتۇپى» دېيىلىۋاتقان سالام خەتنىڭ رىشات مۇسا خاتىرىلەپ قويغان نۇسخىسىنى كۆرگەن. ئۇ خەت بەكلا تاققا - تۇققا ئىدى. «قىل ئىنايەت ۋەسلىدىن دىدار ماڭا ھاجەت خۇدا، شېئىرىدە ھەمرايى دەپ ئات قويدۇم ساڭا» دېگەن مىسرالار يوق ئىدى. خەتنىڭ ئاخىرىغا «ھىجرىيە 1245 - يىل» دەپ يېزىلغانىدى. بۇ چاغدا (مىلادى 1828 - يىل) مەھمۇد ھېكىمبەگ 4 ياش ئەتراپىدىكى گۆدەك بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا «ھىجرىيە 1275 - يىل» دەپ ئۆزگەرتىلگەن. ھالبۇكى، ھاجى ھامۇت مەھمۇدى شۇنىڭغا دىققەت قىلمىغانكى، بۇ چاغدا (مىلادى 1858 - يىل) ئابدۇراخمان ئەلەم ئاخۇنۇم ھايات بولۇپ، مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ قېشىغا قېچىپ كەتكەن. بۇ ئادەم 1862 - يىلى مىر ئەھمەد شەيخ ۋە ھەمرا خېنىمدىن 4 يىل كېيىن ئالەمدىن ئۆتكەن. دېمەك، مەھمۇد ھېكىمبەگ ھېچقاچان يېنىدا ھايات تۇرغان ئاكىسىغا تەزىيەنامە يازمايدۇ.

4) ھاجى ھامۇت مەھمۇدى ئۆز ماقالىسىدە «ھەمرايى غەزەللىرى» نىڭ مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ ئىكەنلىكى توغرىسىدا مەشھەدتىن ئابدۇسەمەى مەخسۇم، ھاجى مۇھەممەت قاراجىملارنىڭ ئىسپات - ئاساس بەرگەنلىكىنى كۆرسەتكەن. مەن بۇ كىشىلەر بىلەن ياخشى تونۇشىمەن. بۇلار مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ شائىر ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ ئاساس بەرگەن بولۇشى مۇمكىن. لېكىن بۇلارنىڭ ھازىر تالاش - تارتىش قىلىنىۋاتقان «ھەمرايى غەزەللىرى» دىن بۇرۇن ھېچقانداق خەۋىرى يوق ئىدى ھەم بۇ غەزەللەردىن بىر نەچچە مىسرانىمۇ ياد بىلمەيتتى. ئۇلار «ھەمرايى غەزەللىرى» نى 1979 - يىلدىن كېيىن يادلىۋالغان بولۇشى مۇمكىن.

5) ھاجى ھامۇت مەھمۇدى تىلغا ئالغان رىشات مۇسا بىلەن مەن ئوبدان تونۇش. مەن بۇ كىشى بىلەن كۆپ قېتىم مەھمۇد ھېكىمبەگ شېئىرلىرى ۋە «ھەمرايى غەزەللىرى» توغرىسىدا سۆھبەتلەشكەن، مەن مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ شېئىرلىرىنى ئۇنىڭدىن كۆچۈرۈۋالغان. لېكىن ئۇ ماڭا «ھەمرايى غەزەللىرى» گە كىرگۈزۈلگەن غەزەللەردىن بىرەر مىسرامۇ ئوقۇپ بېرەلمىگەن.

6) مەن 1986 - يىلى مەرھۇم ھاجى ھامۇت مەھمۇدى بىلەن كۆرۈشۈپ، «ھەمرايى غەزەللىرى» نىڭ مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ ئىكەنلىكىگە دەرگۇمان ئىكەنلىكىنى ئېيتقانىدا، ماڭا: «سىلە بۇ ئىشقا ئارىلاشمىسىلا، ئاڭلىماسلىققا سالسىلا، بۇ ئىشقا قول تىقمىسىلا» دېگەن. گەرچە «ھەمرايى غەزەللىرى» نى «ئاتۇش نەزمىلىرى» دېگەن كىتابتا دەسلەپ ئېلان قىلغان ئادەم مەن بولساممۇ، دەرۋەقە بۇ ئىشقا كېيىنكى كۈنلەردە ئارىلاشمىدىم، سۈكۈتتە تۇردۇم. ھەر ئىشنىڭ ۋاقتى - سائىتى بار، مەن ئەمدى ھەق گەپنى قىلساممۇ كېچىكمەسمەن. ھاجى ھامۇت مەھمۇدى يۇقىرىقى سۆزى ئارقىلىق زادى نېمە دېمەكچى؟ ئۇ «ئالتۇن كەمەر» دېگەن غەزەلنى قاچان، كىمدىن تاپشۇرۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاپتىكەن؟ مەن ئۇزۇن يىل ئىزدىنىپ بۇنداق غەزەلنى ئۇچراتمىدىم. مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ ئالتۇندا ھەل بېرىلگەن كەمىرىنى ساقلىغان رىشات مۇسامۇ بۇ ھەقتە زادىلا سۆز ئاچمىغان. بۇ غەزەلنىڭ ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن قۇراشتۇرۇلغانلىقى ئېنىق. «ئۇممىدلىك بول ھېكىم، ئىشقا ئاشار ئاخىرىدا ئىسيانىڭ» دېگەن غەزەل نەدىن كەلگەن؟ «ھەمرايى غەزەللىرى» ئىچىدە بۇنداق غەزەل يوق. بۇنى كىم قۇراشتۇرغان؟

7) ھاجى ھامۇت مەھمۇدىنىڭ ماقالىسىدا: «قەشقەر شەھەرلىك دۇكاندار ئاخۇنۇم دېگەن كىشى رىشات مۇسانىڭ قولىدىكى شېئىرلاردىن بىر نۇسخا كۆچۈرۈۋېلىپ، قەشقەرنىڭ سابىق ۋالىيسى ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمغا كۆرسەتكەن... 1956 - يىلى ئۈرۈمچىدىن كەلگەن ئىككى نەپەر ياش كادىر بۇ شېئىرلارنى ئالداپ - سالداپ ئېلىپ كەتكەن» دېيىلگەن، بۇ ياش كادىرنىڭ بىرى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن دېگەن پەرەز بار ئىكەن. بۇ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىنگە قىلىنغان بوھتان. ئۇ قاچان، كىمدىن «ھەمرايى غەزەللىرى»نى ئېلىپ كەتكەن؟ بۇنى كىم كۆرۈپتىكەن؟ يەنە: «يۈسۈپ بەگ مۇخلىسوۋ رىشات مۇسانىڭ قولىدىكى شېئىرلار توپلىمىنى ‹كۆچۈرۈۋالاي› دەپ ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېتىپ، قايتۇرۇپ بەرمىگەن» دېيىلگەن. بۇ سۆز ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. چۈنكى شۇ يىللاردا رىشات مۇسا باشقا كىشىلەر بىلەن كۆرۈشەلەيدىغان سىياسىي ئەركىنلىكتىن مەھرۇم ئىدى.

ھەر بىر مىللەتنىڭ راۋاج تېپىشى، ئالدى بىلەن شۇ مىللەتنىڭ روھىي جەۋھىرى بولغان ئىلىم - پەن ئىگىلىرىنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسراشتىن ئايرىلمايدۇ. كىم نەتىجە قازانسا ئۇنى قوللىشىمىز، كىمكى رەشك، ھەسەتخورلۇق قىلسا ئۇنى ئەيىبلىشىمىز لازىم. گۆھەرنى تاشقا ئۇرماسلىق، تاشنىمۇ گۆھەرگە ئۇرماسلىق، ئۇسەك تارقىتىپ تاماشا قىلماسلىقىمىز لازىم. ئەدەبىي تەنقىد ۋە ئەدەبىيات تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقات سۈيىقەست ۋە سۇيىئىستېمالدىن يىراق بولۇشى، ئىلمىي بولۇشى كېرەك.

ئۇممىد مەرىپەت چىرىغىنى ئېگىز تۇتقۇچىلاردا.

ھەق ئېگىلەر، سۇنماس! ئىجادىي ئەمگەك ئۆز ئىگىسى بىلەن مۇنەۋۋەر.

1989 - يىل 22 - ماي.

---

(بېشى 147 - بەتتە)

بىلەن ئۇنىڭ ئەمەلىي خاراكتېرى ئىزچىل چىقىرىلغان، شۇنىڭدەك بۇ بايان ئۇنىڭ سۆيگۈ، ۋاپا ئالدىدىكى ئاكسىزلىق، ھېسسىياتسىزلىقتىن ئىبارەت خاراكتېرىگىمۇ تازا ماس كەلمەيدۇ.

بۇ خىل يېتەرسىزلىك «جۇۋان» ئوبرازىدىمۇ بار. ئاپتور «جۇۋان» ئوبرازىنى شەكىللەندۈرۈشتە پۈتكۈل دىققەت - ئېتىبارىنى ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى ئەڭ نازۇك تەرەپلىرىنىلا ئېچىشقا قارىتىۋېتىپ، ئۇنىڭ پورترېت - قىياپىتىنى ئېتىبارنىڭ سىرتىدا قالدۇرغان. پۈتۈن ھېكايىدا «جۇۋان» توغرىسىدا« ئۇنىڭ جىلمىيىشى دەل ئاشۇنداق ئىتنىڭ ھىجىيىشىغا ئوخشاپراق كېتەتتى. ئۇ ئىت ئىدى. كۈلۈشنى بىلمەيدىغان ئىت ئىدى» دېگەن بايانىدىن باشقا ئۇنىڭ پورترېتى، فىزىئولوگىيىلىك ياكى پسىخولوگىيىلىك بىرەر قىياپىتى ئىزاھلانمىغان. شۇڭا ئۇنىڭ قەلبى شۇنچە ئېنىق نامايان بولسىمۇ، نېمىشقىدۇر ئۇنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ. شۇنداقتىمۇ بۇ تەرەپلەر يەنىلا ھېكايىنىڭ كىتابخانلار ئالدىدىكى قىممىتى ۋە ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىگە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

ئابدۇللا مۇھەممەدى

# بەدىئىي زوق پائالىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا

بەدىئىي زوق پائالىيىتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ كۆڭۈل ئېچىش خاراكتېرى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ، كىشىلەر بەدىئىي ئەسەرلەردىن زوقلانغاندا، ئۇنىڭدىن تەربىيە ئېلىشنى نەزەردە تۇتۇش بىلەن بىللە، ئاساسەن ئېستېتىك زوقنى نەزەردە تۇتقان بولىدۇ. بۇ خىل ئېستېتىك زوقنىڭ ئاساسىي بەلگىسى شادلىقتۇر. مەشھۇر قەدىمكى رىم ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەنقىدچىسى ھوراتىئۇس بەدىئىي زوق پائالىيىتىنىڭ كۆڭۈل ئېچىش خاراكتېرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ: «پايدىلىق ۋە لەززەت بېغىشلايدىغان بولۇشى، يازغان نەرسە كىشىنىڭ شادلىق سەزگۈسىنى قوزغىشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرمۇشقا ياردىمى بولۇشى كېرەك» دەيدۇ.

ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىدىن زوقلانغاندا ئېرىشىلگەن شادلىق ئىلمىي ئەسەرلەرنى ئوقۇغاندا ئېرىشىلگەن شادلىققا ئوخشىمايدۇ. ئالدىنقىسى گۈزەللىك ئىستېتىكىدىن ئېرىشىلگەن شادلىق بولۇپ، ئۇنىڭدا مەنپەئەتدارلىق خۇسۇسىيەت روشەن كۆرۈلمەيدۇ، بەدىئىي زوق گەرچە مەنپەئەتدارلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ خىل مەنپەئەتدارلىق يوشۇرۇن بولىدۇ، ئۇنى ئوڭايلىقچە بايقىغىلى بولمايدۇ؛ ئىلمىي ئەسەرلەرنى ئوقۇغاندا ئېرىشىلگەن شادلىق بىلىم ئېلىش يولىدا ئېرىشىلگەن شادلىق بولۇپ، روشەن مەنپەئەتدارلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولىدۇ، كىتابخان بۇ خىل شادلىقنىڭ ھاسىل بولۇش سەۋەبلىرىنى ئىنتايىن روشەن بىلگەن بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خىل شادلىقنى قويۇق تەپەككۇر تۈسىنى ئالغان شادلىق دېيىش مۇمكىن. ھەممەيلەنگە ئايان، كۆڭۈل ئېچىشنىڭ ھەجىمى ئىنتايىن كەڭ. بۇ كومېدىيە خاراكتېرلىك ئەسەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماستىن، بەلكى تراگېدىيە خاراكتېرلىك ئەسەرلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ، زوقلانغۇچى كومېدىيە خاراكتېرلىك ئەسەرلەردىن زوقلانغاندا، مەسىلەن، لەتىپىلەردىن زوقلانغاندا تېلىقىپ كۈلىدۇ، مانا بۇ بىر خىل فورمىدىكى كۆڭۈل ئېچىش؛ زوقلانغۇچى تراگېدىيە خاراكتېرلىك ئەسەردىن زوقلانغاندا، مەسىلەن، «غېرىب ـ سەنەم» ئوپېراسىدىن زوقلانغاندا، ئىختىيارسىز ياش تۆكىدۇ ياكى ئويغا چۆكىدۇ، بۇمۇ كۆڭۈل ئېچىشنىڭ يەنە بىر خىل فورمىسىدۇر. ئەگەر بۇ كۆڭۈل ئېچىش دائىرىسىگە كىرمەيدۇ، دەپ قارىلىدىغان بولسا، كىشىلەرنىڭ پۇل ۋە ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ھەسرەت-نادامەتكە ئىختىيار قىلغانلىقىنى ئىزاھلاش مۇمكىن بولماي قالىدۇ. بىز ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىدىن زوقلىنىشنىڭ كۆڭۈل ئېچىش خاراكتېرىنى كونكرېت ئەسەر زوقلانغۇچىنىڭ ھېسسىي تەلىپىنى قاندۇرغانلىقى ئۈچۈن ئىجابىي قىممەتكە ئىگە، دەپ چۈشىنىمىز.

بۇ يەردە بىز تەكىتلىگەن بەدىئىي زوق پائالىيىتىنىڭ كۆڭۈل ئېچىش ئىبا-
رەت ئالاھىدىلىكى غەيرىي مەنپەئەتپەرەسلىك ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ بۇ خىل كۆڭۈل
ئېچىش خاراكتېرى تەربىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان غەيرىي روشەن مەنپەئەتدارلىق، شاد-
لىق ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان مەنپەئەتدارلىقتۇر. ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئىجتىمائىي رو-
لىنى شەكىللەندۈرگەن ئىدىيىۋى تەربىيىۋى رولى بىلەن ئېستېتىك رولىنى ئوخشاش
ئورۇنغا قويغىلى بولمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ بىلىش رولى بىلەن ئىدىيىۋى تەربىيە رو-
لى ئېستېتىك رولىنىڭ ئىچىگە سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ؛ بەدىئىي زوق پائالىيىتىدىكى
چىنلىق، ياخشىلىق ۋە گۈزەللىكنىڭ بىرلىكىمۇ دەل گۈزەللىكنىڭ ئۆزىدە بىرلىككە
كەلگەن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، گۈزەللىكتىن زوقلانغاندا، زوقلانغۇچى مۇقەررەر ھالدا
چىنلىقنىڭ تەلىمىگە، ياخشىلىقنىڭ تەربىيىسىگە ئېرىشكەن بولىدۇ، ئەدەبىيات - سەن-
ئەت ئەسەرلىرىدىن زوقلىنىشنىڭ زوقلانغۇچىغا بەرگەن تەربىيىسى ۋە تەسىرى، قارى-
ماققا، بىر پارچە ئىلمىي ماقالىنىڭ تەربىيىسى ۋە تەسىرىدىگە، ئۇنىڭدا گەۋدىلەنگەن
قانۇنىيەتلەرمۇ ئىلمىي ماقالە ۋە لېكسىيىلەرنىڭ ئېنىقلىقىغا يەتمىسىمۇ، لېكىن ئەدەبى-
يات - سەنئەتنىڭ جەلپ قىلىش ئىقتىدارى ئادەمنىڭ ھېسسىياتىنى قوزغاپ، ئۇنىڭ
پۈتۈن روھىي دۇنياسىنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىش جەھەتتە ئىلمىي ئەسەرلەر بىلەن لېك-
سىيىلەردىن كۈچلۈك تۇرىدۇ. بەدىئىي ئوبراز ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدىيىلەر ئادەتتىكى
ئىلمىي ئەسەرلەردە كۆرسىتىلگەن ئىدىيىلەرگە قارىغاندا، ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسىغا
تېخىمۇ ئاسان سىڭىپ، تېخىمۇ ئۇزۇن زامان تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ، چېرنىشېۋسكىنىڭ
«نېمە قىلىش كېرەك» ناملىق رومانىنىڭ لېنىنغا كۆرسەتكەن تەسىرى يۇقىرىدىكى
نۇقتىئىنەزەرىمىزنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. لېنىن بۇ ئەسەرنى بىر ياز پەسلى ئى-
چىدە بەش قېتىم ئوقۇپ چىققانلىقىنى، «ھەر قېتىم ئوقۇغاندا، بەزى يېڭى، كىشىنى
ھاياجانغا سالىدىغان ئىدىيىلەرنى بايقىغان» لىقىنى بايان قىلغان ۋە مەزكۇر ئەسەرنى
«مانا بۇ ھەقىقىي ئەدەبىيات» دەپ باھالىغان، بەدىئىي زوق پائالىيىتى جەريانىدىكى
كۆڭۈل ئېچىشقا چوڭقۇر ئىجتىمائىي مەزمۇن سىڭگەن بولىدۇ، يەنى ئۇ بىلىش ۋە
ئىجتىمائىي ئەھمىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆڭۈل ئېچىش بولىدۇ.

بەدىئىي زوق پائالىيىتى بىلىش بىلەن ھېسسىياتنىڭ بىرلىكى بولغان پىسخىك
پائالىيەت. ئارىستوتېل بۇنىڭدىن ئىككى مىڭ يىل ئىلگىرى ئۆزىنىڭ مەشھۇر ئىلمىي
ئەسىرى — «شېئىر شۇناسلىق» تا زوقلىنىش ئوبيېكتى بولغان بەدىئىي ئەسەرگە
قارىتا: «بىز بىر تەرەپتىن ئوقۇيمىز، بىر تەرەپتىن، بىلىم ئېلىش ئىستىكىدە بولىمىز،
ھەر بىر شەيئىنىڭ مەلۇم بىر شەيئى ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىمىز، مەسىلەن، مانا بۇ
ئەنە شۇ شەيئى دەيمىز» دېگەن. ئارىستوتېل بۇ يەردە بەدىئىي زوقنىڭ بىلىم ئې-
لىش، يەنى بىلىش بولىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ، ئىككى مىڭ يىلدىن ھازىرغىچە
قەدەر ئارىستوتېلنىڭ بۇ نۇقتىئىنەزەرى ئۆز قىممىتىنى يوقاتمىدى، دەلىللىنىپ، تولۇقلىنىپ، مۇئەييەنلەشتۈ-
رۈشكە بولىدۇكى، بەدىئىي زوق پائالىيىتىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ بىلىش ئەھمىيىتى بولىدۇ،
لېكىن بۇنىڭ بىلەن بەدىئىي زوق پائالىيىتى بىلىش دائىرىسى ئىچىدە چەكلەپ قو-

يولسا، بىر تەرەپلىمىلىك بولۇپ قالىدۇ؛ بەدىئىي زوق پائالىيىتىنىڭ بىلىش پائالىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىغا قاراپ، ئۇنى نوقۇل بىلىش پائالىيىتى، دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈش دۇرۇس بولمايدۇ، ھەتتا پۈتۈن زوق پائالىيىتىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدىكى بىلىش ئامىلىنىڭ ئۆزىنىمۇ ئادەتتىكى بىلىش بىلەن باراۋەر قىلىپ قويۇشقا بولمايدۇ. بەدىئىي زوقنىڭ ئىلمىي ئابستراكتسىيىگە مەنسۇپ بىلىش ئەمەسلىكىنى، بەلكى مەخسۇس ئېستېتىك بىلىش ئىكەنلىكىنى ھازىرقى زاماندا ئىنكار قىلىدىغان كىشى چىقمىسا كېرەك.

ئېنگېلس بالزاك ئەسەرلىرىنىڭ غايەت زور بىلىش ئەھمىيىتىگە باھا بېرىپ، ئۆزىنىڭ بالزاك ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ، كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىنىپ ئالغانلىقىنى، ھەتتا ئىقتىسادقا دائىر تەپسىلاتلاردا ئۆگەنگەن نەرسىلىرىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى بارلىق كەسپىي تارىخشۇناسلار، ئىقتىسادشۇناسلار ۋە ستاتىستىكلاردىن ئۆگەنگەن نەرسىلىرىدىنمۇ كۆپ بولغانلىقىنى بايان قىلغان. بىراق ئېنگېلسنىڭ بالزاك ئەسەرلىرىدىن ئېرىشكەن بىلىشى ئېستېتىك بىلىش ئىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولغىنى ھەرگىزمۇ ئابستراكت ئۇقۇم ئەمەس، لوگىكىلىق خۇلاسىمۇ ئەمەس ياكى ماددىي دۇنيانىڭ ئوبيېكتىپ تەرتىپىمۇ ئەمەس، بەلكى مۇئەييەن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئىچىدە ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئادەم، ئادەمنىڭ ئىدىيە ـ ھېسسىياتى ۋە ئادەمنىڭ تەقدىرى، ئېنگېلس قەيت قىلىپ ئۆتكەن «فرانسىيە جەمئىيىتىنىڭ پۈتۈن تارىخى» ۋە «ئىقتىسادىي تەپسىلاتلار» بالزاك ئەسەرلىرىدىكى پېرسوناژلار پائالىيىتىگە سىڭدۈرۈلگەن ئېستېتىك ئۇچۇرلاردۇر. بەدىئىي زوق گەرچە بىر خىل نوقۇل تەنقىد پائالىيىتى بولمىسىمۇ، ئەمما بەدىئىي ئەسەرنى باھالاش ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىشنى چەتكە قاقمايدۇ، بۇ خىل ھۆكۈم ئىلمىي ئانالىز بىلەن ئىلمىي سىنتېزنى ئاساس قىلمايدۇ، ئۇ پەقەت ئېستېتىك شادلىقنىلا ئاساس قىلغان بولىدۇ.

بەدىئىي زوق بىر خىل ئېستېتىك پائالىيەت سۈپىتىدە كۈچلۈك ھېسسىيات خاراكتېرىگە ئىگە، بەدىئىي زوق جەريانىدىكى ھېسسىيات پائالىيىتى بىلەن بەدىئىي ئىجادىيەت جەريانىدىكى ھېسسىيات پائالىيىتىنىڭ ماھىيىتى ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتى رېئال تۇرمۇشنى ئوبيېكت قىلىدۇ ۋە تۇرمۇش چىنلىقىغا ئاساسەن ئېستېتىك پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ. بەدىئىي زوق كونكرېت بەدىئىي ئەسەرلەرنى ئوبيېكت قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئېستېتىك پائالىيىتى بەدىئىي چىنلىقنى ئاساس قىلغان بولىدۇ. بالزاك «گورىيو بوۋاي» ناملىق رومانىنىڭ قەھرىمانى ئۆلۈش ئالدىدىكى ھالەت تەسۋىرىنى يېزىۋېتىپ، گويا ئۆزى ئېغىر كېسەل بولۇپ قالغان كىشىدەك دوختۇر تەكلىپ قىلىشقا ئادەم چاقىرتقان. دوستويېۋسكى ئۆزى ياراتقان پېرسوناژلار بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ، «ئۇلار بىلەن شادلىق ۋە قايغۇدا بىللە بولىمەن، بەزىدە ھەتتا پاك قەھرىمانلىرىم قەلبىمگە ئىنتايىن سەممىي ياشلىرىنى تۆكىدۇ» دېگەن. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، سەنئەتكارلار ئۆزى ياراتقان پېرسوناژلار بىلەن ھېسسىيات مۇناسىۋىتى ئورناتقان بولىدۇ، ئۇلۇغ يازغۇچىلارنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئىچىدىن ھېسسىياتى لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرمايدىغان بىرەرسىنى تاپقىلى بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ قايسىبىرى قايناق ھېسسىياتىنى ئۆز ئەسەرلىرىدە سىڭدۈرمىگەن؟! زوقلانغۇچىلارمۇ يازغۇچىلارغا ئوخشاش ھېسسىياتلىق كىشىلەر، ئۇلار بەدىئىي ئەسەردىن زوقلانغاندا، بەدىئىي ئەسەر ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىنى قوزغايدۇ، زوقلانغۇچىلار سەنئەتكارلارغا ئوخشاش يالقۇنجاپ تۇرغان ھېسسىياتىنى بەدىئىي ئوبرازغا سىڭدۈرگەن بولىدۇ، كېيىن ئېيتىشقا بولىدۇكى، ھېسسىياتى تولغان ئادەم بىلەن بەدىئىي زوقنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئۆتكىلى بولمايدىغان ئېگىز تاغ توسۇپ تۇرغان بولىدۇ. سەنئەتكارنىڭ بەدىئىي ئەسەردە ئىپادىلىگەن ھېسسىياتى بىلەن زوقلانغۇچىنىڭ ھېسسىياتى مۇناسىۋەت ئورناتقاندىلا، زوقلانغۇچى بەدىئىي ئەسەر بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلانغان بولىدۇ. ل. تولستوي ئېيتقاندەك: «تەسىرلەنگۈچى بىلەن سەنئەتكار شۇنداق بىرلىشىپ كېتىشى كېرەككى، تەسىرلەنگۈچى بەدىئىي ئەسەرنى باشقىلار ئەمەس، دەل ئۆزى ياراتقانلىقىنى، بەلكى بۇ ئەسەردە ئىپادىلەنگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى، خېلى بۇرۇنلا ئىپادىلىمەكچى بولغانلىقىنى ھېس قىلىشى كېرەك». زوقلانغۇچىنىڭ ھېسسىياتى ئەنە شۇ دەرىجىگە يېتىپبارغاندىلا، بۇ خىل زوق ھەقىقىي بەدىئىي زوق بولغان بولىدۇ.

بەدىئىي زوقتىكى ھېسسىيات بىلەن بىلىشنىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت ئالاھىدىلىك بەدىئىي زوق جەريانىدىكى ھېسسىيات بىلەن ئەقلىنىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت ئالاھىدىلىكتىن ئايرىلمايدۇ. بىلىشنىڭ ئەڭ دەسلەپكى باسقۇچى — سەزگۈ، گەرچە بىلىش بېسىپ ئۆتىدىغان زۆرۈر باسقۇچ ياكى ئەڭ دەسلەپكى باسقۇچ بولسىمۇ، ئەمما بىلىش پەقەت سەزگۈ باسقۇچىدىلا توختاپ قالسا، ئۇ مۇكەممەل بىلىش بولماي قالىدۇ، بىلىش مول ھېسسىي ماتېرىياللارنى تەھلىل قىلىش، يىغىنچاقلاش ئارقىلىق ئەقلىي بىلىش باسقۇچىغا كۆتۈرۈلۈپ، شەيئىنىڭ ماھىيىتى بىلەن قانۇنىيىتىنى بىلىشى كېرەك. بەدىئىي زوق ئالاھىدە بىر خىل بىلىش سۈپىتىدە بىلىشنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيىتىدىن ئايرىلمايدۇ. لېكىن بەدىئىي زوق ئومۇمىي بىلىشكە شۇنىڭ ئۈچۈن ئوخشىمايدۇكى، ئۇنىڭ بەدىئىي گۈزەللىكنى بىلىشتە قوللانغان تەپەككۇر فورمىسى ئابستراكت تەپەككۇر بولماستىن، ئوبرازلىق تەپەككۇر فورمىسىدۇر.

بەدىئىي زوقنىڭ بۇ خىل بىلىش فورمىسى كونكرېت ئوبرازدىن ئايرىلمايدۇ. سەزگۈدىن ئەڭ دەسلەپ ئېرىشىلگەن ئوبراز بىلەن كېيىن تەپەككۇر ئارقىلىق شەكىللەنگەن ئوبراز تامامەن ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇ بارغانسېرى روشەن، مول ۋە جانلىق بولىدۇ، بۇ ئۇنىڭ ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىكى. ھېسسىي بىلىش باسقۇچىدىن ئەقلىي بىلىش باسقۇچىغا كۆتۈرۈلگەندە، ھېسسىي كونكرېت ماتېرىياللار چىقىرىۋېتىلىپ، نەزەرىيىۋى ئابستراكت ئۇقۇم سىستېمىسى شەكىللەندۈرۈلگەن بولىدۇ. بەدىئىي زوقتىكى بىلىش بۇنىڭغا شۇنىڭ ئۈچۈن ئوخشىمايدۇكى، ھېسسىي بىلىش ئەقلىي بىلىشكە تەرەققىي قىلىش جەريانىدا، بىر تەرەپتىن، ئابستراكتسىيىلەشتۈرۈش ئارقىلىق شەيئىنىڭ ماھىيىتى بىلىۋېلىنغان بولىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، سەزگۈ ئارقىلىق ئېرىشكەن مول ماتېرىياللار ئۆزگەرتىپ ئىشلىنىپ يېڭى ئوبراز شەكىللەندۈرۈلىدۇ. بۇ ئىككى تەرەپ بىر بىرىگە باغلىنىدۇ، بىر - بىرىنى چەكلەيدۇ ۋە ئۆز ئارا تۈرتكە بولىدۇ. ئابستراكتسىيە بۇ خىل ئوبرازغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ، بۇ خىل ئوبراز بولسا ئابستراكتسىيىنى تېخىمۇ بېيىتىدۇ؛ ئاخىرىدا ئابستراكتسىيىدىن ئېرىشىلگەن شەي-

ئىلەرنىڭ ماھىيىتى ۋە قانۇنىيىتىگە ئائىت بىلىش تامامەن كونكرېت ئوبرازلاردىن شە-
كىللەنگەن بەدىئىي ئوبرازغا سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ، بەدىئىي زوقتا ئوبرازنىڭ ئەھمىيىتى
توغرىسىدىكى ئەقلىي بىلىشكە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئوبرازغا مۇناسىۋەتلىك تەپسىلاتلار
مېڭىدىن يوقىلىپ كەتمەيدۇ، بەلكى تەپسىلاتلارنىڭ ئەھمىيىتى روشەنلەشكەنلىكتىن، بۇ تەپ-
سىلاتلارنىڭ تەسىرى تېخىمۇ كۈچەيگەن بولىدۇ. زوقلانغۇچىلار ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئىز»
ناملىق تارىخىي رومانىدىن زوقلانغاندا، رومانىنىڭ ئالدىنقى قىسمىدىكى سەلبىي قەھرى-
مان شامەخسۇتنىڭ كەڭ ئەمگەكچى خەلقنى ئېزىشىگە ۋە ئېكسپىلاتسىيە قىلىشىغا دا-
ئىر تەپسىلاتلار زوقلانغۇچىلارنى دەسلەپ ئانچە قىزىقتۇرماسلىقىمۇ ياكى كۈچلۈك تە-
سىرلەندۈرەلمەسلىكىمۇ مۇمكىن، لېكىن ئۇلار رومانىنى ئوقۇپ بولۇپ، ئۇنىڭ ئىدىيە-
ۋى ئەھمىيىتىنى ئۆزلەشتۈرگەندىن كېيىن، بۇ تەپسىلاتلار ئۇلارنىڭ مېڭىسىدە تېخىمۇ
روشەن گەۋدىلەنگەن بولىدۇ. ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىدىن زوقلانغىنىمىزدا، بىز-
نىڭ مېڭىمىزدە ساقلىنىپ قالغان چوڭقۇر تەسىرات ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى ئەھمىيىتى
ۋە ئوبزورچىلار ئىخچام تىل بىلەن ئومۇملاشتۇرۇپ چىققان ئۇنىڭ مەركىزىي ئىدىيە-
سى بولماستىن، بەلكى جانلىق، چوڭقۇر ھېسسىي ئوبراز بولىدۇ. «ئىز» دىن زوقلانغاندا
زوقلانغۇچىنىڭ تۆمۈر خەلىپە، لى شۈفۇ قاتارلىق ئوبرازلارنى ئەستىن چىقىرىپ قوي-
مايدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىمۇ دەل شۇنىڭدا.

بەدىئىي زوق جەريانىدىكى ئەقلىي پائالىيەت پەقەت ئوبرازدىن تەسىرلىنىش شەر-
تى بىلەنلا رول ئوينايدۇ. زوقلانغۇچى بەدىئىي ئەسەردىن زوقلانغاندا، ئۇنىڭ مەلۇم
بىر قانۇنىيەتنى بىلىشى چۈشىنىش ئاساسىدا بولىدۇكى، ھەرگىزمۇ ئۆگىنىۋېلىش ئاسا-
سىدا بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خىل زوقلىنىش غۇۋا ياكى تۇتۇق بولۇپ، زوقلانغۇ-
چىنىڭ زېھنىن قويۇپ چۈشىنىشى ياكى مۆلچەرلىشى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشقان بولىدۇ.
شۇ سەۋەبتىن زوقلانغۇچىنىڭ چۈشىنىش قابىلىيىتى زوقلىنىش جەريانىدا ئىنتايىن
موھىم رول ئوينايدۇ، مۇزىكىدىن تەسىرلىنىش قابىلىيىتى تۆۋەن ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن
زوقلىنىش سەۋىيىسىمۇ تۆۋەن بولىدۇ. رەڭ، فىگۇرا قاتارلىقلاردىن تەسىرلىنىش قابىلى-
يىتى تۆۋەن كىشىنىڭ تەسۋىرىي سەنئەت ۋە فىگۇرا سەنئىتىدىن زوقلىنىش سەۋىيە-
سى جەزمەن تۆۋەن بولىدۇ، ئەدەبىيات بولسا، تىل سەنئىتى. ئۇنىڭ ئوبرازلىرى ۋاس-
تىلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە. بۇ خىل ئوبرازلاردىن تەسىرلىنىش پۈتۈنلەي زوقلانغۇچى-
نىڭ تەسەۋۋۇرى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ، زوقلانغۇچىنىڭ بەدىئىي ئەسەردىن تە-
سىرلىنىش قابىلىيىتى، يۇقىرى ياكى تۆۋەن بولۇشىمۇ، كۈچلۈك ياكى ئاجىز بولۇشىمۇ
مۇمكىن. چۈنكى بەدىئىي ئەسەرلەردىن زوقلىنىش ئېستېتىك ئوبيېكتنىڭ ئېستېتىك
خاراكتېرىگە باغلىق بولۇپلا قالماي، بەلكى ئېستېتىك سۇبيېكتنىڭ تەربىيىلىنىش
ئەھۋالىغىمۇ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، يەنى بەدىئىي زوق جەريانىدىكى ئوبيېكت بىلەن
سۇبيېكتنىڭ ئەھۋالىغا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

بەدىئىي زوق پائالىيىتى مۇرەككەپ ئېستېتىك پائالىيەت، مەزكۇر ماقالىمىزدا
ئۇنىڭ بىرنەچچە ئاساسىي تەرەپلىرىگە دائىر مەسىلىلەر ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزدۇق.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

uyghurkitap.com

ئابدۇقادىر سادىر

# «تۆت قۇلاق» ھېكايىسى توغرىسىدا تۆت ئېغىز پاراڭ

ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈشنى مەركەز قىلىدۇ. ئەدەبىياتتىكى بۇ «مەركەز» تىپىك شارائىتتىكى تىپىك پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىپ ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر جەريانىنى تەسۋىرلەپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئېچىپ بېرىش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. بۇ مەنىدىن ئالغاندا، ھەرقانداق ئەدەبىي ئەسەردە يارىتىلغان تىپ شۇ ئەسەر سۈپىتىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم بەلگە ھېسابلىنىدۇ.

ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىيات تارىخى كۆرسەتتىكى، كىتابخانلارنىڭ يۈرەك تارىنى چېكەلىگەن ھەرقانداق بىر ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئېسىللىكى دەل ئۇنىڭ بەدىئىي تىپ ئارقىلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرەلىگەنلىكىدە، تىپىك پېرسوناژلارنى فورمۇلالاشتۇرۇلغان ياسالما ئادەملەر تەرىقىسىدە ئەمەس، بەلكى تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدىكى ھەقىقىي ئىنسانىي ھېسسىياتقا، ھەقىقىي تۇرمۇش ئادىتى ۋە ھەقىقىي پىسخىك خاراكتېرگە ئىگە جىنى ئىنسان سۈپىتىدە يارىتالىغانلىقىدا.

مۇھەممەت باغراشنىڭ «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1989 ـ يىللىق 6 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «تۆت قۇلاق» ناملىق ھېكايىسى بۈگۈنكى دەۋر كىتابخانلىرى كۈتكەن ياخشى بەدىئىي ئوبراز يارىتىلغان ئەسەرلەر جۈملىسىگە كىرىدۇ.

مېنىڭچە، «تۆت قۇلاق» ھېكايىسىنىڭ كىشى كۆڭلىگە ياقىدىغان مۇنداق ئىككى ئارتۇقچىلىقى بار: ئۇنىڭ بىرسى، ئاپتور پۈتكۈل زېھنىي كۈچىنى ئۆز پېرسوناژلىرىنىڭ مۇرەككەپ روھىي دۇنياسىنىڭ ئىچكى قاتلىمىدىكى ئەڭ نازۇك تەرەپلەرنى چوڭقۇرلاپ قېزىش، ئەتراپلىق ۋە ئەينەن يورۇتۇپ بېرىشكە قارىتىپ، ئادەملەرنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى بولغان ئىنسان تەبىئىتىنى راستچىللىق بىلەن كۆرسىتىپ بەرگەن، كىتابخانلارنى پېرسوناژلارنىڭ مۇرەككەپ روھىي دۇنياسىغا باشلاپ كىرەلىگەن.

يەنە بىرسى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، ئېنىقراق ئېيتقاندا، مۇھەببەت، نىكاھ ۋە ئائىلە مۇناسىۋىتىدىكى نۇرغۇن نازۇك مەسىلىلەر رېئاللىقنىڭ ئەسلى قىياپىتى بويىچە تىپىكلەشتۈرۈپ كۆرسىتىپ بېرەلىگەن، بولۇپمۇ بۇ ھېكايە مۇھەببەت تېمىسىدىكى نۇرغۇن ئەسەرلەرگە ئوخشاش فورمۇلالاشتۇرۇشنىڭ مەھسۇلىغا ئايلىنىپ قالمىغان.

ھېكايە تاق لېنىيىلىك سيۇژېت ئاساسىدا راۋاجلاندۇرۇلغان، ئۇنىڭدىكى ۋەقەلىك ناھايىتى ئاددىي. ھېكايىدا يېتىلگەن ياش «جۇۋان» نىڭ كىچىككىنە ھويلىدىن ئىبارەت تار مۇھىت ئىچىدىكى ھايات سەرگۈزەشتىلىرى ۋە ئىدىيىۋى، روھىي كەچۈرمىشلىرى ناھايىتى ئىخچام ھالدا بايان قىلىنىدۇ. يازغۇچى «جۇۋان» ئوبرازىغا مۇجەسسەملەشتۈرۈلگەن تىپىك خاراكتېر ۋە ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ئەكس ئەتكەن گۈزەل - نازۇك ھېسسىياتلار تەسۋىرى ئارقىلىق ھاياتنى، سۆيگۈ - مۇھەببەتنى ۋە گۈزەللىكنى قىزغىن سۆيىدىغان، بەخت ئۈچۈن كۆرەشلەيدىغان غايىلىك، ئۈمىدۋار، چىن ئىنسانىي خىسلەتكە ئىگە ساپ ئىنسانلار تىپىنى ياراتقان ۋە شۇ خىلدىكى چىن ئىنسانلارغا مەدھىيە ئوقۇغان.

ئايالىلارنىڭ ياتلىق بولۇشى، ئەرلەرنىڭ ئۆيلىنىشى ئىنسان ھاياتىنىڭ مۇقەررەر قانۇنىيىتى. بۇ، پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئورتاق، لېكىن تۇرمۇشتىكى ياتلىق بولۇش ۋە ئۆيلىنىش، يەنى يات جىنستىكى ئىككى كىشىنىڭ بىر ئۆيگە كىرىپ، ئورتاق تۇرمۇش كەچۈرۈش جەريانى ئوخشاش بولمايدۇ. بەزىلەر ئاۋۋال ياخشى كۆرۈشۈپ، سىنىشىپ، ھەتتا بىر مەزگىل بىر - بىرىنىڭ كەينىدىن يۈرۈشۈپ، مۇئەييەن كۆيۈپ پىشىش جەريانى ئارقىلىق ئىدىيە، غايە، مەقسەت، ھېسسىياتلاردا بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن، ئۆزئارا قوشۇلىدۇ. يەنە بەزىلەر بولسا، بىر - بىرىنى كۆرمەي، تونۇماي، ئۈچىنچى بىر تەرەپنىڭ ۋاسىتىسى بىلەنلا بىر ئۆيگە كىرىپمۇ قالىدۇ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى «ئاۋۋال توي، ئاندىن مۇھەببەت» يولى بويىچە ئاستا - ئاستا ئورتاق ھېسسىيات، ئورتاق مەقسەت، غايىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئۆز بەختىنى تېپىۋالىدۇ. ئىككىنچى بىر خىلدىكىلىرى بولسا، خۇددى «تۆت قۇلاق» تىكى «جۇۋان» بىلەن مەكۇناغا ئوخشاش بىر ئۆيگە كىرىدۇ - يۇ، مەڭگۈ بەختكە سازاۋەر بولالماي، ئۆتۈپ كېتىدۇ.

ھېكايىدىكى مەكۇنا بىلەن «جۇۋان» بىر - بىرىگە تامامەن ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل روھىي كەيپىياتتىكى شەخسلەر بولۇپ، مەكۇنا «ئېشەكتەك ئىشلەش»، ئەجدىھاردەك يەپ - ئىچىش، دېۋىدەك ئۇخلاشتىن؛ «ئەزرائىلنى ئازدۇرغۇدەك» سۆزمەنلىكتىن باشقا نە مۇھەببەت، نە ئىللىقلىقنى؛ نە ئۆزىنى، نە ئۆزگىنى بەختكە ئېرىشتۈرۈشنى بىلمەيدىغان ھېسسىياتسىز بىر بەندە.

ئۇ «جۇۋان» غا ئۆيلەنگەندىن كېيىن، «تورغاي چۇ، چۇلىماستىن تارتىپ تاكى تۈن نىسپىغىچە قېيىن ئاتىسىنىڭ يېرى ئۈستىدىن كەلمەيدۇ، تۈن نىسپىدە «جۇۋان» نىڭ قوينىغا كىرىدۇ - دە، ئۇنىڭغا كەينىنى چاپلاپ ياتىدۇ. قېنىپ - قېنىپ سۆيۈشكە، سىيلاپ ئەركىلىتىشكە، ئوتلۇق قۇچاقنىڭ ئاغرىتىپ - ئاغرىتىپ قىسىشلىرىغا تەشنا بولغان «جۇۋان» قەلبىنىڭ چاڭقاش ۋە زارىقىشلىرىغا ئۇنىڭ ئېرى بولمىش ھېسسىياتسىز بەندە ئۆزىنىڭ «ئورۇق، ئەتسىز، لاتىدەك سولاشقان مەيىت سۆڭەكچىنى پات - پات گارتىلدىتىپ قاشلاپ يېتىپ، تۈگىمەس بارماق ساناشلىرى، ئاندىن قۇرتتەك تۈگۈلۈپ يېتىپ ئۇيقۇغا كېتىشلىرى» بىلەن جاۋاب بېرىدۇ.

ھېكايىنىڭ مۇشۇ ئابزاسلىرىنى ئوقۇۋاتقىنىمىزدا، قايناق مۇھەببەتكە موھتاج

www.uyghurkitap.com

بولغان، ئۇنىڭغا پۈتۈن ھېسسىياتى بىلەن ئىنتىلگەن، ئەمما ئۆزى ئىنتىلگەن كىشىنىڭ ۋۇجۇدىدىن قىلچىلىكمۇ بەخت لەززىتىنى ئالالمىغان بىچارە «جۇۋان» نىڭ ئېچىنىشلىق ھالىغا چوڭقۇر ھېسداشلىقىمىز قوزغىلىدۇ، ئۆز مەھبۇبىنىڭ قەلبىنى چۈشەنمەيدىغان، يۈرىكىدە سۆيگۈ - مۇھەببەتتىن قىلچە ئەسەر بولمىغان، «دەردسىز كېسەك، ئىشقسىز ئېشەك» سۈپەت مەكۇناغا ئېچىنىمىز ۋە غەزەپلىنىمىز. بىزدىكى بۇ خىل ھېسسىياتنى دەل مۇشۇ «تۆت قۇلاق» ھېكايىسىدىكى مەكۇنا بىلەن «جۇۋان» خاراكتېرىنىڭ مەنتىقىلىق راۋاجى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

ئىنسان قەلبىنىڭ نازۇكلۇقى ھەممىگە ئايان، پۈتۈن مېھرى بىلەن بىراۋنىڭ مۇھەببىتىگە ئىنتىلگەن بىر ياشتا ئۆز ئارزۇسىغا جاۋابەن سۆيۈلمەي قېلىشتىن ئارتۇق روھىي ئازاب بولمىسا كېرەك. ھېكايىدا كىشىلەر قەلبىنىڭ ئاشۇنداق نازۇك تەرەپلىرى «جۇۋان» نىڭ تۇرمۇش سەرگۈزەشتلىرى ۋە ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئىنسانىي ھېس-تۇيغۇلار تەسۋىرى ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىلگەن.

مەكۇنا بىلەن بىرگە ھايات كەچۈرۈش جەريانىدا ئۆزىنىڭ يالقۇنلۇق ھېسسىياتىغا جاۋاب تاپالماي، چەكسىز روھىي ئازاب ئىچىدە قالغان «جۇۋان» مۇشۇ بۇرۇختۇملۇق مۇھىت ئىچىدە بىردىنلا «قويچى تاز» نىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاپ قالىدۇ - دە، ئۇنىڭغا غايىبانە باغلىنىپ قالىدۇ. «جۇۋان» ھېسسىياتىدىكى بۇ خىل ئۆزگىرىش ھەرگىزمۇ ئۇنىڭدىكى يات بىر جىنسقا بولغان ئاللىقانداق شەھۋانىي ئىنتىلىش ياكى سەۋدايىلارچە ئاشىقلىق بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ مۇھەببەت، مېھرى - ۋاپا، ئىللىق تۇرمۇش ۋە بەختلىك، گۈزەل ھاياتقا ئىنتىلىشىدىن ئىبارەت ھەقىقىي، چىن ئىنسانىي تەبىئىتىنىڭ نازۇك ھېسسىيات ئارقىلىق ئىپادىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ھېسسىيات ئىنسانىنىڭ مۇرەككەپ روھىي پائالىيىتى بولغاچقا، «جۇۋان» قەلبىدە ئويغانغان ئاشۇ ھېسسىياتتىن ئىبارەت روھىي پائالىيەت ئۇنىڭ خاراكتېرىنى ئاشكارىلىغان.

يازغۇچى ئىنسانلار روھىي دۇنياسىنىڭ مۇرەككەپ، نازۇك تەرەپلىرىنى تېخىمۇ روشەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش ئۈچۈن، «جۇۋان» ئوبرازىنىڭ مۇكەممەللىكىگە ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلغان.

مەسىلەن، «جۇۋان» «قويچى تازغا» قارايمەن دەپ ئېرىدىن قاتتىق تاياق يېگەندىن كېيىنمۇ قەلبىدە ئويغانغان ھېسسىياتلىرىدىن ھەرگىز ئۆكۈنمەيدۇ. ئەكسىچە بەختلىك، قىزغىن ھاياتقا تېخىمۇ ئۈمىدۋارلىق بىلەن قاراپ، بەخت ئۈچۈن كۈرەشىدۇ. «بەخت» ھەققىدىكى تەقدىرچىلىك كۆز قارىشىنىڭ يالغانلىقىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلىدۇ.

ئەسلىدە ئۇ باشقىلارنىڭ «توي قىلمىغان قىزغا ئۈچ قۇلاقلار ئارىسىدىن تۆت قۇلاق ئۇچراپ قالسا، ئۇ قىز چوقۇم نىكاھدىن بەختلىك بولىدۇ. ئەردىن تەلىيى چىقىدۇ» دېگەن رىۋايىتىگە ئىشىنىپ، تەلىيىنى سىناش جەريانىدا ئېرىشكەن توقۇز تال تۆت قۇلاق بىلەن مەكۇنانىڭ كىملىكىنى سورۇشتۇرمايلا ئۇنىڭغا تەگكەن ۋە بەختلىك بولىمەن، دەپ قارىغانىدى. بىراق مەكۇنانىڭ ھېسسىياتسىز ۋۇجۇدى ئالدىدا ئۇ-

زىنىڭ تەقدىرگە ئالدانغانلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ ۋە تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا غەزەپلىنىپ: «خۇدايىم نىكاھىدىن ئېيتارمىش، ئەردىن ئېيتارمىش، ئىسسىقىنى يەپ قاپتۇ شۇنداق دېگەن بوڭقۇشلار!» دەپ تىللايدۇ.

بۇ دەل «جۇۋان» روھىي دۇنياسىنىڭ ئۆزگىرىۋاتقانلىقى، ھېسسىياتىنىڭ چوڭقۇرلىشىۋاتقانلىقى بولۇپ، بەخت - ئامەت توغرىسىدىكى تەقدىرچىلىككە قارشى يارىتىلغان ئىسيانكارانە روھتۇر.

«جۇۋان» ھېسسىياتىدا ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان دەل مۇشۇ ھالقىلىق پەيتتە ئاپتور ئۆز قەھرىمانىنىڭ روھىي دۇنياسىنى تېخىمۇ روشەن، تېخىمۇ چوڭقۇر ئېچىپ بېرىش ئۈچۈن، «قويچى تاز» ناخشىسىنى ۋاسىتە قىلىپ، ئۇنىڭدىكى ساپ، قىزغىن مۇھەببەتكە ئىنتىلىش ئارزۇسىنى كۈچەيتىدۇ. ئۇنىڭ قەلبىدە ئۆزلۈكسىز پەيدا بولۇۋاتقان شېرىن ھېس - تۇيغۇلار، تاتلىق ئىنتىلىشلەرگە ئۇلاپلا ئۇنى غايىبانە «ساھىبقىران يىگىت» ئوبرازى بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ ۋە «جۇۋان» نى ئۇنىڭ قىزغىن سۆھبىتى، ئورتاق سۆيۈشلىرىگە نائىل قىلىدۇ، ئىشرەت ئېتىزلىرىنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ، بۇرۇختۇملۇقتا قالغان دىلىنى ياشارتىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن «جۇۋان» نىڭ مىجەز - خاراكتېرىدە، پىسخىك ھالىتىدە ۋە چىرايىدا بىردىنلا ئۆزگىرىش بارلىققا كېلىدۇ، يەنى ھۆسنى - جامالى «كۆزىدىن - كۆزىگە توۋلۇپ، چىرايلىقلىشىپ، مەڭىزلىرىدىن ئانار قىزىللىقى بالقىپ، كۆزلىرىدە ئاجايىپ بىر روشەنلىك ۋە جۇشقۇنلۇق پارلاپ» تۇرىدۇ، ھەتتا ئەسلىدىكى دۆت، ھورۇن خوتۇن ئۆزىچىلا ئۆي ياسايدىغان، ئۆزىنى تۈزەيدىغان، «ئۆي ئىچىدە بېشىنى بەركاش، يەلكىسىنى ئەپكاش قىلىپ چېپىپ يۈرىدىغان... ئۆزىچىلا ۋىلىقلاپ كۈلۈپ، بىلمىگەندەك سىرغىپ - سىرغىپ ماڭىدىغان» بولۇپ قالىدۇ، بۇ تەپسىلاتلار ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى، ساپ - شېرىن مۇھەببىتىنى، ئىللىق - بەختىيار ھاياتىنى، ئۆزىنى بەختلىك قىلالايدىغان ئىككىنچى بىر جان ئىگىسىنى قىزغىن سۆيۈش ۋە ئۇنىڭغا ئىنتىلىشتەك ئىزەلىۋارلىق روھىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن ھەمدە بۇ ئارقىلىق «جۇۋان» ئوبرازىغا مۇجەسسەملەنگەن ھەقىقىي ئىنسانىي تۇيغۇ ۋە ھېسسىياتنى ئېچىپ بەرگەن.

دېمەك، بىز «جۇۋان» خاراكتېرىدىكى ئاشۇ روھىي ھالەتلەردىن گەرچە نادان ۋە ساددا بولسىمۇ، ھەقىقىي غايە - تىلەككە، ساپ ھېسسىياتقا ئىگە بىر سەھرا قىزىنى كۆرگەندەك بولىمىز.

ئەمدى مەكۇنا ئوبرازىغا كەلسەك، ئاپتور خۇددى «جۇۋان» خاراكتېرىگە كۈچ سەرپ قىلغاندەك، ئۇنىڭ خاسلىقىنىمۇ بىرقەدەر روشەنلىككە ئىگە قىلغان.

بىزگە مەلۇمكى، خاسلىق بىر ئادەمنىڭ باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان، ئۆزىگە خاس روشەن خاراكتېر ئالاھىدىلىكىدۇر. ئادەملەر جەمئىيەتتە ياشايدۇ، ئۆز ئەتراپىدىكى كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇلارنىڭ كونكرېتنى تۇرمۇش شارائىتى، سەرگۈزەشتىسى، ئالغان تەربىيىسى، ھەتتا فىزىئولوگىيىلىك سۈپەتلىرى ئوخشاش بولمايدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇلاردا ئۆزىگە خاس ئىدىيىۋى ھېسسىيات، ئى-ھەۋەس - ئىشتى-

www.uyghurkitap.com

ياق، تۇرمۇش ئادىتى ھەممە تەقىقى - تۇرق، سالاپەت قاتارلىقلار شەكىللىنىدۇ. مانا بۇ شەخسلەرنىڭ خاسلىقىدۇر.

«تۆت قۇلاق» تىكى مەكۇنا مانا مۇشۇنداق خاسلىققا ئىگە غەلىتە بىر ئادەم. ئۇ باشتىن - ئاياغ ئۆزىنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كەتكەن ئارام تاپماي ئىشلەش، كەپلەپ - كەپلەپ يېيىش، ئىشتىن چۈشكەن ھامان يوتقانغا كىرىپ ئۇخلاش، يوتقاندىن سوغۇرۇلۇپ ئېتىزغا كېتىشتىن ئىبارەت تۇرمۇش ئادىتى ۋە پسىخىكىسىنى قىلچە ئۆزگەرتمەيدۇ. ئۇ ھايات ۋە ئائىلىۋى تۇرمۇشتا شۇنچىلىك مەسئۇلىيەتسىز ۋە بىپەرۋاكى، ئۆز خوتۇنىنىڭ ۋۇجۇدىدا تەرەققىي قىلغان مەنىۋى گۈزەللىك، روھىي جۇشقۇنلۇق، شادلىق ۋە ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى زادىلا بايقىمايدۇ. ئۇنىڭغا قىلچە كۆڭۈل بۆلۈپمۇ قويمايدۇ، بەزىدە تېڭىرقاپ ئايالىغا ۋەھىمە ئارىلاش قاراپ قالىدۇ. ھەممىگە ئايانكى، رېئال ھاياتتا مەكۇنادەك ئادەملەر ھەقىقەتەنمۇ بار. ئۇلاردا نە مۇھەببەت، نە مېھرى - ۋاپا، نە ئەتىسى ئۈچۈن باش قاتۇرىدىغان تىلەك بولمىغاچقا، ئۆزىگە ھەمدەم بولۇۋاتقان ھەمراھىنى قىلچىمۇ ئويلاپ قويمايدۇ. قىسقىسى، يا ئۆزىنى، يا ئۆزگىنى بەخت لەززىتىدىن بەھرىمەن قىلالمايدۇ. ئاپتور تۇرمۇشتىكى مۇشۇ خىل كىشىلەرنى مەكۇنا ئوبرازى ئارقىلىق ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا تىپىكلەشتۇرگەن.

«تۆت قۇلاق» ھېكايىسىدا يەنە «قويچى تاز» ۋە «جوۋان» تەسەۋۋۇرىدىكى «ساھىبقىران يىگىت» ئوبرازى بار. بۇ پېرسوناژلارنى «جوۋان» قەلبىگە نىسبەتەن سىمۋوللۇق خاراكتېرگە ئىگە ئوبرازلار دېيىشكە بولىدۇ. بۇنداق دېيىشىمىزنىڭ ئاساسىي شۇكى، ئاپتور «تاز» نى بىۋاسىتە مەيدانغا چىقارماي، ئاۋۋال «جوۋان» نىڭ قەلب قۇلىقىنى ئۇنىڭ ناخشا ساداسى بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ. گەرچە «تاز» «جوۋان» نىڭ تام ئۇستىدە تۇرۇپ زارىقىپ قاراشلىرىنى كۆرمىگەن، شەپە بېرىپ چاقىرىشلىرىنى ئاڭلىمىغان ھالدا ئۆتۈپ كەتسىمۇ، لېكىن «جوۋان» نىڭ نەزەرىدە ئۇ ۋۇجۇدىدا ئىشقى - مۇھەببەت سېزىمى بار شوخ قەلب ئىنسان سۈپىتىدە گەۋدىلىنىدۇ. دەل شۇنداق بولغاچقا، ئۇنىڭ ئاغىل - تاغىل ئاۋازدا ئوقۇغان «تۇخۇم كۆمدۈم ئوچاققا، جېنىم ... ئېتىلغاندۇ بۇ چاققا جېنىم...» دېگەن ناخشىسى «جوۋان» قەلبىنى لەرزىگە سالىدۇ. يۈرىكىدە يېڭىدىن يېڭى مۇھەببەت سەۋداسىنى ئويغىتىپ، ئۇنىڭ ئىللىق سۆيگۈ، شېرىن بەخت ۋە گۈزەل ھاياتقا بولغان ئىنتىلىشىنى كۈچەيتىدۇ، ئۈمىدىنى ئاۋۇندۇرىدۇ.

ئاپتور ئەسەر راۋاجىنىڭ دەل مۇشۇ يېرىگە كەلگەندە، «جوۋان» قەلبىدىكى ھېسسىياتنىڭ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىشى ۋە چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئاجايىپ گۈزەل بىر بەرنا يىگىت — «ساھىبقىران يىگىت» ئوبرازىنى پەيدا قىلىدۇ ھەمدە ئۇنى «تاز» ئوبرازىغا قارىغاندا ئېنىقلىق ۋە يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ، «جوۋان» غا ئوتتەك قىزغىن كەيپىياتتا كۆز سالدۇرىدۇ. گويا «سۈرەتتەك كېلىشكەن»، «ئىنسان بالىسى تەڭ كېلەلمەيدىغان بىر قۇدرەتنىڭ شاھىدى سۈپىتىدە» بۇ بەرنا يىگىت ئۆز گۈزەللىكىگە قىلچە كىبىرۇ - تەمەننا قىلماي، ئاشۇ بىر ئاددىي سەھرا قىزىنى ئۆز باغرىغا چىللايدۇ...

ئاپتور بۇ يەردە ئۆز ھېسسىياتىنى پېرسوناژ ھېسسىياتى بىلەن ئورگانىك يوسۇندا بىرلەشتۈرۈۋەتكەن. ئاپتور تىلىدىن بېرىلىۋاتقان بۇ كۆرۈنۈش، ئەمەلىيەتتە

ئۇنىڭ ئۆزى ياراتقان پېرسوناژى — «جۇۋان» نىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى غايىۋى سەزگۈلەر كارتىنىسىدىن ئىبارەت. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ ھالەتلەر«جۇۋان» نىڭ مېھرى - ۋاپا، سۆيگۈ - مۇھەببەتكە تولغان ئاشۇنداق بىر ھېسسىيات ئىگىسىگە ئىنتىلىش تۇيغۇسىنىڭ قەلب چوڭقۇرلۇقىدىكى غايىۋى نامايەندىسىدۇر.

شۇڭا «قويچى تاز» بىلەن «ساھىبقىران يىگىت» ئوبرازىنى قەلبى جۇشقۇن، ھېسسىياتقا باي، ھايات ۋە بەختنىڭ لەززىتىنى چۈشىنىدىغان، ئۆز ياشلىق باھارىنىڭ قەدىر - قىممىتىگە يېتىپ ئۆزىنىمۇ ئۆزگىنىمۇ بەختلىك قىلالايدىغان چىن ئىنسانلارنىڭ سىمۋولى دېيىشكە بولىدۇ.

مېنىڭ قارىشىمچە، ھېكايىدىكى مەكۇنانىڭ خاراكتېرىنى سۈپەتلەپ بېرىدىغان تەپسىلاتلار تەسۋىرى بىلەن مەكۇنانىڭ ئەمەلىي خاراكتېرى ئارىلىقىدا قىسمەن قارىمۇ قارشىلىقلار بولغاندىن تاشقىرى، ئۇنىڭ خاراكتېرىگە ئالاقىدار پاكىتلار سەل كەمچىل، شۇڭا ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى ئۆزگىچىلىك كىشىنى تولۇق قايىل قىلالمايدۇ.

ئاپتور مەكۇنانى باشتا «... ئۇنىڭ ئىككى ئارتۇقچىلىقى — ئېشەكتەك ئىشچانلىقى ۋە سۆزمەنلىكى ھەممە كىشىنى تاڭ قالدۇراتتى، ئىش دېسە مۇلغۇي ئىدى. قائىدە - قانۇن، ئېرەم - ئىزامدىن سۆزلىگىلى تۇرسا ئەمدىلا بۇردا نانغا ئېرىشكەن ئادەم قولىدىكى ناننى، ئەزرائىل خەقتىن ئالغان ئىسسىق جاننى ئۇنىڭغا قانداق بېرىپ قويغانلىقىنى بىلمەي قالاتتى» دەپ تەرىپلەيدۇ، مەن بۇ بايانلارنى ئوقۇۋاتقىنىمدا، مەكۇنا ئوبرازىدا تازا يارقىن بىر خاراكتېر گەۋدىلەنسە كېرەك دەپ ئويلىغانىدىم. ئەمما ئەسەرنى قايتا - قايتا ئوقۇپمۇ ئۇنىڭ تويىدىن كېيىنلا قېيىن ئاتىسىنىڭ پۈتكۈل ئىگىلىك ئىشلىرىنى قولىغا ئالغانلىقىغا ئائىت بايانلاردىن باشقا «ئىش دېسە مۇلغۇي»، «كۈچ بىلەن ئەقىلدىن قىسىنچىلىقى يوق» لىقىنىڭ تىپىك شارائىتتىكى تىپىك پائالىيەت جەريانىنى زادىلا تاپالمىدىم. دېمەك، بۇ، ھادىسىلەرنىڭ ئوبراز شەكلىدە گەۋدىلىنىشى يېتەرسىز بولۇپ قالغان.

ئەمدى ئۇنىڭ «كىشىنىڭ قولىدىكى ناننى، ئەزرائىل ئېلىۋاتقان جاننى تارتىۋالغاندەك» سۆزمەنلىكىگە كەلسەك، بۇنىڭدا ئاپتورنىڭ ئاشۇ بايانلىرىدىن باشقا ئۇنىڭ خاراكتېرىدىن بۇنداق قالتىسلىقىنى ئەسلا كۆرەلمەيمىز.

مەسىلەن، ئۇ ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈنىنىڭ ھەممىسىدە «جۇۋان» نىڭ قۇچىقىدا ئۇنىڭغا سۆڭگىچىنى چاپلاپلا يېتىپ، ئاللىقانداقتۇر بارماق ساناش، خورۇلداپ ئۇخلاش بىلەن ئۆتكەندىن باشقا، ھېچقانداق بىر ئىش توغرىسىدا بىرەر ئېغىزمۇ سۆز قىلىپ قويمايدۇ، ھەتتا «جۇۋان» نى كۈنلەپ شوتىدىن دومىلىتىۋەتكەن چاغدىمۇ ئۇنىڭ «قائىدە - قانۇن، ئېرەم - ئىزامدىن سۆز ئاچقاندا بېسىلمايدۇ» غان ئاغزى پەقەتلا «سەنزە، ئېتىزىڭنى ئاشۇ تازغا بېرىپ، بۇ روزغارغا ئاشۇ قۇماق باشنى ئىگە قىلماقچىمىدىڭ؟» دېگەندىن باشقا گەپلەر كەلمەيدۇ.

تۇرمۇش چىنلىقى جەھەتتىن، ھەتتا مەكۇنانىڭ خوتۇنىنى تامدىن يىقىتىشىنىڭ مۇددىئاسى ۋە شۇ ئىشلار بولۇۋاتقان مۇھىت جەھەتتىن ئالغاندىمۇ، ناھايىتى ئېنىقكى، مەكۇنادەك «گەپدان» ئەمەس، ئادەتتىكى بىر مۆرىمەس ئەرمۇ كۈندەشلىك كۈچىدىن خېلىلا چالۋاقاپ كېتىشى، تامدىن ماراشنىڭ تېگى - تەكتىنى سۈرۈشتۈرۈپ خېلىغىچە جېدەل قىلىشى مۇمكىن، دېمەك، بۇ يەردە مەكۇنا «سۆزمەن ئىدى» دېگەن بايان

(ئاخىرى 136 - بەتتە)

# يېڭى دەۋردىكى مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى مۇكاپاتلاش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسى 1989 - يىلى 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى تيانشان مېھمانخانىسىدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن يېڭى دەۋردىكى مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى مۇكاپاتلاش يىغىنى ئۆتكۈزدى. يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جانابىل قاتناشتى ھەمدە مۇھىم سۆز قىلدى. يىغىنغا يەنە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لى كاڭنىڭ، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق يازغۇچى، شائىرلارنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشتى. يىغىندا 60 پارچە ئەسەر مۇكاپاتلاندى. بۇ ئەسەرلەرنىڭ تىزىملىكى تۆۋەندىكىچە:

## نەسرىي ئەسەرلەر

«ئىلى دولقۇنلىرى» (رومان)........................ ئابدۇراخمان قاھار ........................

«مېھرىگىياھ» (رومان)................................ جالالىدىن بەھرام ........................

«ئۇنتۇلغان كىشىلەر» (رومان)........................ ئەخمەت تۇردى ........................

«مەخپىي ئەلچى» (رومان)............................. ۋاڭ رۇڭ (خەنزۇ) ........................

«چۇقان» (رومان)........................................ شايسۇلتان قىزىر (قازاق) ........................

«قۇملۇقتىكى دولقۇنلار» (رومان) ........................ خې يۈكېلىڭ (مانجۇ) ........................

«قارلىق ئارال» (ھېكايىلار توپلىمى)........................ تاڭ دۇڭ (خەنزۇ) ........................

«ئاقساق بۇغا» (پوۋېست)........................ مۇھەممەت باغراش ........................

«قۇملۇقنىڭ چۈشى» (پوۋېست)........................ خالىدە ئىسرائىل ........................

«ئوخشىمايدىغان تەقدىر» (پوۋېست)........................ ئابدۇللا ئەخمىدى ........................

«ياشىسۇن تۇرمۇش» (پوۋېست)........................ غەيرەت ئاسىم ........................

«ئات ئۈستىدىكى قاندالا» (پوۋېست)........................ دىياۋ تېيىلىڭ (خەنزۇ) ........................

«مۇزدىن ئاپتاپ» (پوۋېست)........................ ۋاڭ كېڭ (خەنزۇ) ........................

«قايدار» (پوۋېست)........................ ئەخمەتوللا (قازاق) ........................

«شىۋىرغانلىق تاغدا» (پوۋېست)........................ دۇ نەدە (موڭغۇل) ........................

«ئاق مودەن، قارا مودەن» (پوۋېست) ........................ چېن گاڭ (خۇيزۇ) ........................

«رەيھاننىڭ سەرگۈزەشتىلىرى» (ھېكايە)........................ مۇھەممەت ئىمىن ........................

«ئىجارە ھەققى» (ھېكايە) ........................ ئالىمجان ئىسمايىل ........................

«سىرلىق سەبدە» (ھېكايە)........................ ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ........................

«ئاقارىۋۇلتۇز» (ھېكايە)........................ چېڭ ۋېنلى (خەنزۇ) ........................

«ئىككى جۇڭگولۇق» (ھېكايە)........................ جۇ دىڭ (خەنزۇ) ........................

«قەنت نېمىشقا بۇنداق تاتلىق» (ھېكايە)........................ شاڭ جۇيېن (خەنزۇ) ........................

ۋۇ يۈنلۇڭ (مانجۇ) ........................

«تۇقتاسىن ۋە بەكتۇر» (ھېكايە)...................... لى شەشۇن (خەنزۇ)......................
«مەسەل» (ھېكايە)...................................... تۇرسىنالى ئىرىسكەلدى (قازاق)........
«زۈكتۈك رىقابىتى» (ھېكايە)........................... باتىرقان (قازاق).........................
«كۆل رەڭ بىنالار» (ھېكايە)............................ ئەكبەر مىجىت (قازاق).....................
«تىرىلىۋېلىنغان ھېكايە» (ھېكايە)...................... ئېركاش تۇرمانبېكوۋا (قازاق)..........
«يۇرت مۇھەببىتى» (ھېكايە).............................. ئا. ئولسۇ (موڭغۇل).......................
«ئىلى دەرياسى گۇۋاھ» (ھېكايە).......................... ماكاۋجېيەن (خۇيزۇ).........................
«جەننەت قارلىق دالا» (ھېكايە)........................... ۋۇچاۋشىنچاڭ (شىبە).........................
«خاسىيەتلىك سىرىنگۈل» (ھېكايە)......................... تېمۇرگۇۋەنچېڭفۇ (شىبە)...................
«قوڭغۇراق قوڭغۇراق ئەدەمىس» (مىكرو ھېكايە)... خۇ ئېيۇ (خەنزۇ).............................
«جەمسار خاتىرىلىرى» (نەسىر)............................ جۇ تاۋ (خەنزۇ)..............................
«غەربىي دىياردىكى سەرگەردانلىق» (ئۆچېرك)...... ياڭ مۇ (خەنزۇ)...............................
«توپ - توپ قارا ياغاچلىق» (نەسىر).................... غا. گومبا (موڭغۇل)..........................
«مىراس» (نەسىر)............................................ يەھيا سادىق (ئۆزبېك)........................
«ئۈمىد» (ئەدەبىي ئاخبارات).............................. لىۋېيىن (خەنزۇ)..............................
مېڭ چىبېي (موڭغۇل)........................
«غەربىي دىياردىكى قارا دېڭىزنىڭ كۆتۈرۈلۈپ
چىقىشى» (ئەدەبىي ئاخبارات).......................... جاڭ گۇڭچېن (خەنزۇ).........................
«شاتىگۈل» (ئەدەبىي ئاخبارات)........................... ياسىن ئىمىن...................................

## شېئىرىي ئەسەرلەر

«ئالتاي لىرىكىسى» (سىكىل)................................ تۆمۈر داۋامەت..................................
«ئۆلمەس تۇيغۇلار» (شېئىر تورلىمى).................... ئارسلان.............................................
«قارا چۆل تېشى» (شېئىر توپلىمى)...................... جاڭ دېيى (خەنزۇ).............................
«يۈزمۇ-يۈز» (شېئىر توپلىمى)............................... زاداقان مىكباي (قازاق).....................
«كۈمۈش يوللار» (داستان).................................... رەخىم قاسىم.......................................
«توققۇز پارچە سۈرەت» (داستان)............................. تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن..............................
«ستۇدېنتلار» (داستان)........................................ مەھەممەتجان سادىق............................
«كۆز قاراش» (داستان)......................................... بېردىبېك تۇرقاي (قازاق)......................
«گېنېرال ۋە قورغان» (سىكىل)............................... لى يۇ (خەنزۇ).....................................
«خۇائېر ھەققىدە ناخشا» (سىكىل)........................... شى گې (خۇيزۇ)....................................
«چىنىەن قىرغاق» (باللادا)...................................... ئابلىكىم خېۋىر......................................
«ۋەتەنگە مۇھەببەت» (باللادا)................................ ئورغالچا قىدىرباي (قىرغىز)..................
«يېشىل تەسكەي» (باللادا).................................... ئابدۇراخمان ئىسمايىل (قىرغىز)............
«دەريا ۋە بۇلاق» (شېئىر)....................................... ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر..................................
«مەن مۇئەللىم جاپاكەش ئىنسان» (شېئىر)............. مامۇت زايىت........................................
«يۈرىكىمنى تۇتىمەن ساڭا» (شېئىر)........................ ئوسمانجان ساۋۇت.................................
«جەسۇر بوكسيورچى» (شېئىر)................................ خې خەيتاۋ (خەنزۇ)..............................
«جايىمە شۇۋاق» (شېئىر)......................................... تۇلىسقان ئەخمەت (قازاق).....................
«مۇھەببەت مۇزىكىسى» (شېئىر)............................. ت. نامجىل (موڭغۇل)...............................
«كۆك ئاسماندا» (شېئىر)......................................... مۆمىن تۇردى (قىرغىز)..........................

# «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1989 - يىللىق مۇندەرىجىسى

## ماقالە ۋە نۇتۇقلار


خۇ چىلى ...... جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 5 - قۇرۇلتىيىدا سۆزلىگەن تەبرىك سۆز ...... 1 - سان

جانابىل ...... «شۇغىلا» ژۇرنىلىنىڭ 300 سان چىققانلىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز ...... 2 - سان

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ قايغۇلۇق ئۇقتۇرۇشى ...... 4 - سان

تېيىپجان ئېلىيېۋنى دەپنە قىلىش ھەيئىتىنىڭ ئىسىملىكى ...... 4 - سان

ئاتاقلىق شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋ ۋاپات بولدى ...... 4 - سان

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتنى يەنىمۇ گۈللەندۈرۈش توغرىسىدىكى بىرقانچە پىكرى ...... 5 - سان

تۆمۈر داۋامەت ...... ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 4 - قۇرۇلتىيىدا سۆزلەنگەن تەبرىك سۆز ...... 5 - سان

جانابىل ...... جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ 4 - قۇرۇلتىيىدا سۆزلەنگەن تەبرىك سۆز ...... 5 - سان

جانابىل ...... تېيىپجان ئېلىيېۋغا تەزىيە بىلدۈرۈش يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز ...... 5 - سان

تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ ۋاپاتى مۇناسىۋىتى بىلەن ئەۋەتىلگەن تەزىيە تېلېگراممىلىرى ...... 5 - سان

تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ ئەدەبىيات ھەققىدە ئېيتقانلىرى ...... 5 - سان

فېڭ داجىن ...... پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنى گۈللەندۈرەيلى! ...... 10 - سان


## پوۋېستلار


ئالىمجان ئىسمايىل ...... سەھرالىقلار ...... 1·2 - سان

ئەختەم ئۆمەر ...... قۇرتلاپ كەتكەن كۆل ...... 3·4 - سان

قاھار جېلىل ...... تەقدىرنى كىشىلەر يارىتىدۇ ...... 6·7 - سان

مەتتىمىن شىپە ...... ئاخىرقى ئۆتۈنۈش ...... 6 - سان

خالىدە ئىسرايىل ........ قۇملۇقنىڭ چۇشى........ 8 - سان

تۇرسۇن ئىبتىپ........ ئەجدادلار ئىزىدىن (روماندىن پارچە) ........ 8 - سان

نۇرمەھەممەت توختى........ ئامانەت........ 9 - سان

مۆيدىن سايىت........ قارا ئالتۇنلۇقتىكى تاڭ ........ 10،11 - سان

قەييۇم تۇردى........ جۇڭغارىيە يۇلتۇزلىرى (روماندىن پارچە)........ 11 - سان


## ئۇچېركلار، خاتىرىلەر


ماخمۇت مۇھەممەت........ بۇركۇت قېرىمايدۇ........ 2 - سان

زوردۇن سابىر........ يوقالماس كۆلكە، ئۇنتۇلماس تەبەسسۇم (ئەسلىمە)
........ 2 - سان

ۋاڭ مىڭ........ تېيىپجانغا يىغلايمەن (ئەسلىمە) ........ 5 - سان

ۋاڭ گۇلىن........ «زەر تون - لىباسلىق تالقان تۆكتى چاغ» (ئەدەبىي
خاتىرە)........ 5 - سان

ئەخەت تۇردى ........ سەن قويغان قەلەمنى مىڭلار قولىغا ئالىدۇ (ئۇچېرك)
........ 5 - سان

نۇرمەھەممەت زامان........ شائىر بىلەن بولغان سۆھبەت (ئەسلىمە)........ 5 - سان

تۇردۇش ........ تېيىپجان مەڭگۈ هايات (ئەسلىمە)........ 5 - سان

زۇنۇن تاھىر
ئەركىن قادىر ........ تۆگىمەس تويۇقلار........ 5 - سان


## ھېكايىلەر


پەرھات تۇرسۇن........ ھالاكەت........ 1 - سان

قاھار جېلىل........ ۋاقىت ئۇنتۇلدۇرالمىدۇ........ 1 - سان

ئەخەت تۇردى........ قىزىق ئىشلار ........ 2 - سان

ئابدۇرېھىم ئابلىمىت........ كىچىكتە........ 2 - سان

ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر........ ھېكايىلار........ 2 - سان

غەلىبە مۇھەممەت........ بۇ مۇھەببەت ئۇچۇن ئەمەس........ 3 - سان

ئايگۇل مۆيىدىن........ يىراقتىن كەلگەن ئەلچى........ 3 - سان

ئارسلان........ «ئاق كۆكۈل» خۇشامەتچى........ 3 - سان

نۇرمۇھەممەت توختى........ ئىككى ھېكايە ........ 4 - سان

مۇھەممەت باغراش........ تۆت قۇلاق........ 6 - سان

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم........ كۈلەيمۇ يا يىغلايمۇ........ 6 - سان

ھىمىت مەقسۇت........ ئۇقتۇرۇش قەغىزى........ 6 - سان

توختى ئايۇپ........ مۇڭگۈز ........ 7 - سان

ئالىمجان ئىسمايىل........ كىمگە ئېيتاي بۇ دەردىمنى........ 7 - سان

ماخمۇت مۇھەممەت........ گۈزەل قىرغاق........ 7 - سان

www.uyghurkitap.com


ئەخمەت هاشىم ...... رېستورانلاردا ئېچىلغان يىغىن ...... 7 - سان
ئىبرىز ساۋۇت ...... ئىزهار قىلىنمىغان سۆيگۈ ...... 7 - سان
ئەركىنجان ئەھمەت ...... قايتا ئۇچراشقاندا ...... 7 - سان
ئەسئەت ئەھمەت ...... ئۈچ ھېكايە ...... 8 - سان
گۈلجامال داۋۇت ...... سۈكۈت ...... 8 - سان
خېۋىر تۆمۈر ...... سالاپەت ...... 8 - سان
ماخمۇت مۇھەممەت ...... ئۈچ ھېكايە ...... 9 - سان
قادىر ئارسلان ...... بوتكىدىكى ئايال ...... 9 - سان
ئىبرىزنۇر ...... ئانا سەن نەدە ...... 9 - سان
مۇھەممەت لېتىپ ...... دۇفۇ شورپىسى ...... 9 - سان
ئىبرىز ساۋۇت ...... ئويغىنىش ...... 9 - سان
ئابدۇقادىر سادىر ...... ئاخىرقى تۇتقۇن ...... 10 - سان
شېرىن قۇربان ...... تەزىم ...... 10 - سان
توختى ئايۇپ ...... ئۈۋچى ئەسلىمىلىرى ...... 10 - سان
ئەبەيدۇللا ئىبراھىم ...... ئىككى ھېكايە ...... 10 - سان
ۋەلى داۋۇت ...... «خارىس ساپا» ...... 11 - سان
ئەسئەت ئەمەت ...... قەلەندەرنىڭ سەدىقىسى ...... 11 - سان
مەمتىمىن ھوشۇر ...... «تەكشۈرۈش» ...... 11 - سان


## نەسىرلەر


مۇھەممەت باغراش ...... ھايات ۋە مەن ...... 4 - سان
ئەركىن نۇر ...... نەسىرلەر ...... 4 - سان
ياسىن ئەمەت ...... ئۈمىدتىن تۇغۇلغان سەۋدالىق ...... 6 - سان
ئەسئەت ئابدۇقادىر ...... يىتكەن ئۇيۇقلار ...... 6 - سان
ياسىن ئىمىن ...... نەسىرلەر ...... 7 - سان
ئەنەيتۇللا قۇربان ...... غازاڭ تۇيغۇلىرى ...... 10 - سان
ئەركىن نۇر ...... نەسىرلەر ...... 11 - سان


## شېئىرلار


ئابابەكرى تۇيغۇن ...... كۆي تۆكىدۇ قىشلاقلار ...... 1 - سان
داۋۇتجان سەئىدىن ...... ئەقىدەمگە تاڭ قالسۇن ئالەم ...... 1 - سان
ماخمۇت مۇھەممەت ...... ئىسمىسىز گۈللەر ...... 1 - سان
تۇرسۇنجان هاشىمى ...... ئىككى شېئىر ...... 1 - سان
قاسىم سىدىق ...... لەببەيچىلەر ...... 1 - سان
مامۇت زايىت ...... غەزەللەر ...... 1 - سان
قۇربان ئىمىن ...... ئاپىرىن ...... 1 - سان

| | | |
|---|---|---|
| ئابدۇللا سۇلايمان | ئىككى شېئىر | 1 - سان |
| مۇكەررەم ئەبەيدۇللا | گۈل سۆيگۈسى | 1 - سان |
| ئىبراھىم نىياز | گىستارچى | 1 - سان |
| مەتسەيدى مەتقاسىم | ياشلىق ئابىدىلىرى | 1 - سان |
| ئىبراھىم قۇربان | ئىككى شېئىر | 1 - سان |
| مۇختەر سوپى | ئىككى شېئىر | 1 - سان |
| ئۆمەر رىجەپ | تاغ نېمىشقا تاقىر باش | 1 - سان |
| ئىسلام سادىق | قىزىل يۇلتۇز | 1 - سان |
| ئەركىن مۇھەممەت | ياردىدار يىگىت ئارزۇسى | 1 - سان |
| ئىپتىخار | شېئىرلار | 1 - سان |
| ئەخمەت ئوسمانى | كەچكۈز شامىلى | 1 - سان |
| ئابدۇراخمان ئىسمايىل | ئارچىلار تۇردۇ ياش پېتى | 1 - سان |
| غەيرەت غوپۇرى | قەلبىم مېنىڭ كۆك دېڭىزدەك دولقۇنلۇق | 2 - سان |
| ياقۇپجان قۇربان | ئويناق تۇيغۇلار | 2 - سان |
| ئابدۇكېرىم ئوسمان | شېئىرلار | 2 - سان |
| يۇسۇپجان ئەخمىدى | زاراتگاھلىقتىكى خىياللار | 2 - سان |
| ئەركىن روزى | شېئىرلار | 2 - سان |
| مۇھەممەتجان ئەمەت | ئىككى غەزەل | 2 - سان |
| مۇھەممەتتوختى ئەخمەت | دىلبەر دىگە | 2 - سان |
| ئابدۇكېرىم مەخسۇت | تۇيغۇلار گۈزەل، ھايات بىر دۇنيا | 2 - سان |
| ياسىن زىلال | ئىككى شېئىر | 2 - سان |
| مۇھەممەتجان سادىق | مۇھەببەت لىرىكىلىرى | 2 - سان |
| ھۇشۇر ئىبراھىم | ئىككى شېئىر | 2 - سان |
| ئابلىكىم خېۋىر | ئۇ دۇنيادىن كەلگەن باغاق | 2 - سان |
| دىلشات سايىت | قەتردىلىرىم چاچسا خۇش ئىپار | 2 - سان |
| قۇربان ئىمىن | مۇھەببەتنامە | 2 - سان |
| تۇردى سامساق | شېئىرلار | 2 - سان |
| مۇھەممەت روزى | شېئىرلار | 2 - سان |
| ئېلى زايىت | شېئىرلار | 2 - سان |
| روزى نىياز | جۇشقۇن ھايات كۈلگەن ھەر تاڭدا | 2 - سان |
| ئابلىكىم تۇردى | قىسقا شېئىرلار | 2 - سان |
| قۇندۇز مۇھەممەت | ياندىن سىزىلغان سۈرەتلەر | 3 - سان |
| پاتىگۈل مۇھەممەت | خىلۋەتتىكى تاتلىق پىچىرلاش | 3 - سان |
| تۇرسۇنئاي ھۆسەيىن | شېئىرلار* | 3 - سان |
| بۇۋىھەجەر ئارمىيە | نەمشەھىت روھىدىن تامغان شېئىرلار | 3 - سان |

كەرىمە ئابدۇللا.................. تاشلىمىدىم كەڭ نەزەر كائىناتقا مەن............... 3 - سان
ئادالەت ئابدۇرېھىم.................. ھاياتقا مۇھەببەت.................................. 3 - سان
رەشىدەم سىيىت.................. شېئىرلار.................................. 3 - سان
نۇرسىمان ئابدۇقادىر.................. ناخشا خۇمار قىزمەن ئەزەلدىن.................. 3 - سان
خانئايىم ياقۇپ.................. تاڭ بىلەن ئۇچرىشىش.................. 3 - سان
ئايشەم كېرىم.................. گىگانت چوققىدا.................. 3 - سان
ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن.................. بۈيىلقى گۈللەر ئۇ.................. 3 - سان
ئەركىن مۇھەممەت.................. ئۈچ شېئىر.................. 3 - سان
ئادىلجان تۇنىياز.................. بىر گۈزەل ناخشىغا تولدى ئانا يەر.................. 3 - سان
تۇرسۇنجان ھاشىمى.................. سۈبھى چېچەكلىرى.................. 3 - سان
مىرزاھىد كېرىمى.................. بۈگۈن توغرىلىق بېكى ناخشىلار.................. 3 - سان
ئابابەكرى تۇيغۇن.................. ئانا.................. 3 - سان
باۋۇدۇن نىياز.................. ئاناملغا تەسەللى.................. 3 - سان
ئابدۇخېلىل ئابدۇخېۋىر.................. ھايات رەڭدار گىلەمدەك چاقنار.................. 3 - سان
پەرھات تۇرسۇن.................. ئىككى شېئىر.................. 3 - سان
ئەنۋەر ساۋۇت.................. كېچىككەن چۈشلەر.................. 3 - سان
ئەسقەر مۇھەممەتئىمىن.................. غەزەللەر.................. 3 - سان
تۇرسۇن موسا.................. شېئىرلار.................. 3 - سان
ئەزىم ناسىر.................. چېچەكلەر ۋە غۇنچىلار.................. 3 - سان
ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن.................. پىچىرلايدۇ يۈرىكىم.................. 4 - سان
ئابدۇشۈكۈر قاۋۇل.................. كۆيلىرىدەگە ئىشقىۋاز بۇلبۇل.................. 4 - سان
توختىمۇھەممەت تۇردى.................. ياشنايدۇ گۈل ھايات بېغىدا.................. 4 - سان
ئابابەكرى توختى.................. گۈل ئېيتىدۇ سۆيگۈ قىسسىسى.................. 4 - سان
ئۆمەر مەتنۇرى.................. يۈرىكىمدىن تامغان قەترىلەر.................. 4 - سان
ئوبۇل ئەزىزى.................. قېنى، سەنمۇ ئېيتىپ بەر ناخشا.................. 4 - سان
ئابدۇرېھىم مۇھەممەت.................. چىللا مېنى سەيلىگە، باھار.................. 4 - سان
ھاپىزجان مۇھەممەت.................. چۈچۈك مىسرالار.................. 4 - سان
ئوسمانجان ساۋۇت.................. شېئىرلار.................. 4 - سان
ئەسقەرجان ياسىن.................. يۇلتۇزلار سۆيگۈدىن تارقىتىدۇ نۇر.................. 4 - سان
ئۆمەرجان كېرىم.................. يۈرىكىمدە سەنلا بار پەقەت.................. 4 - سان
ئابدۇرەشىت بارات.................. سوئال.................. 4 - سان
ئوسمان قاۋۇل.................. سەن باھارغا ئاشنا بولدۇڭمۇ؟.................. 4 - سان
ئەخمەتجان ياسىن.................. ئايدىڭدىكى ناخشا ئاۋازى.................. 4 - سان
ئىمىنجان تۇرسۇن.................. پارچىلار.................. 4 - سان
ئىلھامجان ئابلىز.................. خەلقىم مېھرى دېڭىزدىن چەكسىز.................. 4 - سان

ئابدۇللا سۇلايمان…………… ئۆمۈر يازمىلىرى…………………………… 4 - سان
كېرىمجان سۇلايمان…………… يالغۇز توغراق…………………………… 4 - سان
موسا ئەھەت…………………… ئىككى شېئىر…………………………… 4 - سان
مۇختەر داۋۇت…………………… مۇھەببەت…………………………… 4 - سان
مۇھەممەتقاسىم تۇرسۇن…………… رۇبائىي ۋە پارچىلار…………………………… 4 - سان
مۇھەممەترېھىم تۇرسۇن…………… يۇرت كۈيى…………………………… 4 - سان
سەيپىددىن ئەزىزى…………………… ئىككى شېئىر…………………………… 5 - سان
توختى سابىر…………………… ئۆچمەيدۇ نامىڭ مەڭگۈگە…………………………… 5 - سان
لىيۇ شاۋۋۇ…………………… تېيىپجان ئېلىيېۋغا مەرسىيە…………………………… 5 - سان
ياسىن خۇدابەردى…………………… كۆككە يەتتى قەلبلەرنىڭ پەريادى…………………………… 5 - سان
ئەلقەم ئەختەم…………………… ئۇنتۇلماس زادى…………………………… 5 - سان
ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر…………………… شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋغا مەرسىيە…………………………… 5 - سان
ئەزىزوپ قاسىم…………………… بىزگە تەۋەررۈك كۈيلىرىڭ…………………………… 5 - سان
شاكەن ئونالباييېۋ…………………… ئىسمىدە…………………………… 5 - سان
ئۆمەرغازى ئايتان…………………… ئۇنتۇلماس دوست…………………………… 5 - سان
رەخمەتۇللا ئەبشە…………………… ئەلۋىدا…………………………… 5 - سان
مۇھەممەت رەھىم…………………… ئىككى شېئىر…………………………… 5 - سان
باتۇر راشىدىن…………………… تېيىپجانغا مەرسىيە…………………………… 5 - سان
رەھمەتۇللا جارى…………………… تېيىپجان ئېلىيېۋغا مەرسىيە…………………………… 5 - سان
تۇردى سامساق…………………… ئەلۋىدا…………………………… 5 - سان
خېۋىر تۆمۈر…………………… ئەلۋىدا…………………………… 5 - سان
كوللېكتىپ…………………… شېئىرلار…………………………… 5 - سان
تۆمۈر داۋامەت…………………… ئۇنتۇمايدۇ خەلقىمىز سىزنى…………………………… 6 - سان
ئابلىكىم خېۋىر…………………… دېڭىزلارنى غىرىچلاپ كۆرسەم…………………………… 6 - سان
رەخىم قاسىم…………………… ئالەم ۋە ئادەم…………………………… 6 - سان
ئارسلان…………………… رەڭگارەڭ شېئىرلار…………………………… 6 - سان
ئابلەت ئابدۇللا…………………… ئانا شەھىرىم…………………………… 6 - سان
ب[illegible]ۇر روزى…………………… خائىن…………………………… 6 - سان
ئابلىجان ھېيت…………………… تىلسىز ناخشا…………………………… 6 - سان
داۋۇتجان سەئىددىن…………………… پەردازسىز سۇرەتلەر…………………………… 6 - سان
روزى نىياز…………………… سۆيگۈ تامچىلىرى…………………………… 6 - سان
تۇراپ دايىم…………………… سەھرا لىرىكىلىرى…………………………… 6 - سان
نۇرگۈل يۇنۇس…………………… چۈشلىرىمگە بىرىڭلار تەبىر…………………………… 6 - سان
مۇختار خېلىل…………………… كۈنلەر…………………………… 6 - سان
يۈسۈپ ھۈسەيىن…………………… يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا قاراپ سۇرگەن خىياللار…………………………… 6 - سان

www.uyghurkitap.com


تۇردى ئەخمەت ........ سۆيگۈ ........ 6 - سان
ئەنۋەر داۋۇت ........ قىسقا شېئىرلار ........ 6 - سان
ئەركىن مۇھەممەت ........ ناخشاڭغا چىرمىشىپ كەتكەن ھېسلىرىم ........ 6 - سان
ئەركىن مەتتىمىن ........ سەھرا، تۇپراق، مەن ........ 7 - سان
ئۇبۇل ئەزىزى ........ قەلبىم بەرگىمدە چاقنايدۇ شەبنەم ........ 7 - سان
ياقۇپجان ئىسلام ........ شېئىرلار ........ 7 - سان
ھاجى ئەخمەت ........ رۇبائىيلار ........ 7 - سان
قۇربان ئەمەت ........ ئۈزۈلگەن تار كۈيلىرى ........ 7 - سان
مۇتەللىپ قىرانى ........ ئۇنىسىز ناخشا ئېيتىدۇ يۈرەك ........ 7 - سان
پەرھات مۇھەممەت ........ سۆيمەي بىلەن ئويغانغان بوگۈن ........ 7 - سان
مۇھەممەت روزى ........ لىرىكىلار ........ 7 - سان
تۇردى داۋۇت ........ سۆيمەن دېھقان ئاكا قوللىرىڭغا ........ 7 - سان
ھەسەن ئىلىۋالدى ........ شېئىرلار ........ 7 - سان
مۇھەممەت ئىمىن ........ جاڭگال چەشمىلىرى ........ 7 - سان
مۇھەممەتجان سادىق ........ شېئىرلار ........ 7 - سان
مۇھەممەتتوختى ئەخمەت ........ بىچارە بالا ........ 7 - سان
ئابدۇكېرىم ئوسمان ........ ئون توققۇز كۆكلەم ........ 7 - سان
ئابدۇرېشىت بارات ........ تىترىگەن سادالار ........ 7 - سان
سەلەي قاسىم ........ شېئىرلار ........ 7 - سان
تۇراپ دايىم ........ مەسەللەر ........ 7 - سان
تۇرغۇن ئوبۇلقاسىم ........ ھەجۋىي شېئىرلار ........ 7 - سان
ئوسمانجان ساۋۇت ........ سۆيگۈ كۈيلىرى ........ 8 - سان
ئابدۇشۈكۈر قاۋۇل ........ تەنھالىقتىكى دىل ياڭرالىرى ........ 8 - سان
ئابدۇكېرىم مەخسۇت ........ ئىلھام قەترىلىرى ........ 8 - سان
تەلئەت قادىرى ........ ئېزىتقان ئىلاھ ناخشىلىرى ........ 8 - سان
غەيرەت غوپۇرى ........ ئىچىمدىكى ئوتلار ........ 8 - سان
ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ........ مەكزىمنى سۆيگىنى كۆزۈمدىكى ياش ........ 8 - سان
ئابلىمىت تۇردى ........ كۆلكىلەرگە ئورالسۇن ئالەم ........ 8 - سان
قەييۇم سوپى ........ شېئىرلار ........ 8 - سان
روزى سايىت ........ توگىمەس خىياللار ........ 8 - سان
تۇرسۇنجان ھاشىمى ........ يېشىل چۈشلىرىم ........ 8 - سان
مەتسەيدى مەتقاسىم ........ يىپەك يولىدىكى لىرىكىلار ........ 8 - سان
دولقۇن روزى ........ سېھىرلەنگەن تۇيغۇلار ........ 8 - سان
سىتىۋالدى كېرىم ........ شېئىرلار ........ 8 - سان
غەيرەت ھوشۇر ........ قىرغاقتىكى خىياللار ........ 8 - سان

تۇردى ئەخمەت ...... بىز نىڭ ماكان ...... 8 - سان
پاتىگۈل مۇھەممەت ...... ئىككى شېئىر ...... 8 - سان
پەخىردىن مۇسا ...... ئاق قۇدىن سادا (بالىلادا) ...... 8 - سان
كۆرەشچان ئۆمەر ...... ئازغان قۇش ...... 8 - سان
ئىسمايىل ئېلى ...... گۈللەرگە چىرايلىق ھۆسن بەرگەنلەر ...... 8 - سان
ئىبراھىم نىياز ...... شېئىرلار ...... 8 - سان
غالىب قۇربان ...... ئاچچىق تامچىلار ...... 8 - سان
كوللېكتىپ ...... شېئىرلار ...... 8 - سان
ئاۋۇت مۇھەممىدى ...... ئۆلمەس ئوبرازلار ...... 9 - سان
ئابلەت ئابدۇللا ...... شېئىرلار ...... 9 - سان
ئابدۇللا سۇلايمان ...... چۈشەنمەيمەن ...... 9 - سان
غەنىزات غەيۇرانى ...... رۇبائىيلار ...... 9 - سان
تەلئەت ناسىرى ...... تاشكەنت دۇردانىلىرى ...... 9 - سان
ئابلىز ھوشۇر ...... غەزەللەر ...... 9 - سان
زۇنۇن رېھىم ...... شېئىرلار ...... 9 - سان
ياسىن ئىمىن ...... تاقەتلىك بالا ...... 9 - سان
مۇقارىپ پەھيا ...... شېئىرلار ...... 9 - سان
ئابدۇراخمان روزى ...... مۇساۋىيات تەرەپپەرۋەرلەر ...... 9 - سان
مۇھەممەت خىزىر ...... چاچمىلار ...... 9 - سان
ئابدۇكېرىم ئوسمان ...... ھەسەن - ھۈسەن (بالىلادا) ...... 9 - سان
مۇھەممەتجان ئەھمەت ...... يوللار ...... 9 - سان
ئابدۇقادىر جالالىدىن ...... توزغاق ...... 9 - سان
ئابدۇرېھىم مۇھەممەت ...... شېئىرلار ...... 9 - سان
پەرھات ئىلياس ...... بەخت ئىزدەپ ...... 9 - سان
دىلشات سابىت ...... بىر شاردا ياڭرار ئاشۇ ئۈن ...... 9 - سان
مۇتەللىپ خىزىرەندى ...... چاقىردۇ يوللار قەلبىمنى ...... 9 - سان
ئىمام ئاتاۋۇللا ...... ئىككى شېئىر ...... 9 - سان
نىياز ئىمىن قۇربانى ...... شېئىرلار ...... 9 - سان
ئەركىن مۇھەممەت ...... ساھىلدىكى مىسكىن تۈيغۇلار ...... 9 - سان
تۆمۈر داۋامەت ...... جۇدەھۇرلىيەت لەپىلدىسۇن بايرىقىڭ ...... 10 - سان
شۈكۈر يالقىن ...... جەنۇبنى ئەسلەيمەن ...... 10 - سان
مامۇت زايىت ...... ئۈچ شېئىر ...... 10 - سان
ئابدۇسالام توختى ...... زەڭرىتاغ ئالتۇن دىيار ...... 10 - سان
ھەمتىمىن بارى ...... ئۆزگىرىش ...... 10 - سان
ئېزىز سايىت ...... شېئىر ۋە رۇبائىيلار ...... 10 - سان

www.uyghurkitap.com



ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن ........ سۆيگۈ بوياقلىرى ........ 10 - سان

مەتسەيدى مەتقاسىم ........ ئىككى شېئىر ........ 10 - سان

كېرىمجان سۇلايمان ........ شېئىرلار ........ 10 - سان

تۇرسۇن ئابلىمىت ........ ياپراقلاردا چاقنايدۇ شەبنەم ........ 10 - سان

قەيسەر مىجىت ........ ياش يۈرەكتە سۆيگۈ ئىشتىياق ........ 10 - سان

مۇھەممەتتۇرسۇن ئەبەيدۇللا ........ خىلۋەتتىكى ئەكس سادالار ........ 10 - سان

بۈۋىھەجەر ئارمىيە ........ سۆيگۈ تولدۇرۇپ ........ 10 - سان

تۇرسۇنمۇھەممەت پەخرىدىن ........ چۈشنىڭ ئاخىرى ........ 10 - سان

تۇراپ دايىم ........ تۇغۇلغان يەرنىڭ تۇپرىقى ئالتۇن ........ 10 - سان

ئەمەت جاپپار ........ ئىككى شېئىر ........ 10 - سان

نىيازئىمىن قۇربانى ........ ۋەتەن بەختى مېنىڭ بەختىم ........ 10 - سان

ھوشۇر ئىبراھىم ........ گۈللىگەي ئالتۇن بويۇڭ ........ 10 - سان

ئىبراھىم نىياز ........ قاراماي سادالىرى ........ 10 - سان

نۇرمۇھەممەت جېلىل ........ سەھرا ........ 10 - سان

رەخىم قاسىم ........ ئەخمەتجان قاسىمى خاتىرىسىگە ........ 11 - سان

مەھەممەتجان راشىدىن ........ شېئىرلار ........ 11 - سان

مۇھەممەت رېھىم ........ كۆكۈل مەھلىيا قۇرلار ........ 11 - سان

سۇزۇك ........ ئاھ كۈچۈم ........ 11 - سان

ئابدۇللا ياقۇپ ........ قىشلاق كۈيلىرى ........ 11 - سان

ئابلىجان ھېيت ........ ئارمانلىرىم ........ 11 - سان

ئەزىم ناسىر ........ غەزەللەر ........ 11 - سان

غوپۇر رەخىم ........ نۇر چاچايلى قۇياشتەك ........ 11 - سان

ئېلى زاھىت ........ تورغاي ........ 11 - سان

ئۆمەرجان مۇھەممىدى ........ يۈرەك قەترىلىرى ........ 11 - سان

ئەيسا سايىم ........ ئېيتىڭلار چۈلۈۋرىنى تارت ........ 11 - سان

غەيرەت غوپۇر ........ شېئىرلار ........ 11 - سان

ئەمەت جاپپار ........ جەنچى مۇھەببىتى ........ 11 - سان

مۇسا ئەھەد ........ تۇرپان گۈزىلى ........ 11 - سان

مۇھەممەتجان قاسىم ........ بىشارەت ........ 11 - سان

كامىل رەھىم ........ تەلمۈرۈش ........ 11 - سان

ئوسمان ھوشۇر ........ گۈلگە قاراپ ........ 11 - سان

ئازاد ئابدۇللا ........ يېڭى تۇرمۇش ........ 11 - سان

ئابلەت سادىق ........ ئېسىمدە ........ 11 - سان

ئەركىن داۋۇت ........ يۈرىكىم ئوت، ۋۇجۇدۇممۇ ئوت ........ 11 - سان

نۇرىيە ئېلاخۇن ........ يۇرت مېھرى ........ 11 - سان

ئابدۇخېلىل ئابدۇخېۋىر ............ چايقىلىدۇ زۇمرەت، كەڭ دېڭىز ................ 11 - سان
مۇھەممەتتۇرسۇن ئەبەيدۇللا............ ۋىسال كۈيى........................................ 11 - سان
يالقۇن ئەزىزى.......................... بىر تامچە ياش...................................... 11 - سان
قەدەم دىرىبىنزادە ........................ بۈگۈن ئۇلجا، ئەتە — ئوۋچى........................ 11 - سان
ئەركىن روزى........................... سىنى ئىزدەپ ........................................ 11 - سان
ئىمىنجان تۇرسۇن....................... سەن.................................................. 11 - سان
تۇراپ ھەسەن .......................... ئەتىگەن.............................................. 11 - سان
ساداقەتجان ھاجى...................... يامغۇرلۇق كېچە...................................... 11 - سان
تەلئەت قادىرى.......................... كۆڭلۈمدىكى يېزىقسىز قۇرلار......................... 11 - سان
يالقۇن ئۆمەر ........................... شېئىرلار.............................................. 11 - سان
ئابلىمىت تۇردى......................... تېۋىنما پەردازات .................................... 11 - سان
ھەسەن تىلىۋالدى....................... رۇبائىي ۋە پارچىلار................................ 11 - سان

## بالىلار ئەدەبىياتى

تۇرسۇنمەھەممەت پەخىردىن............ شېئىرلار................................................ 6 - سان
روزى سايىت ............................ پولات ھەققىدە (شېئىر)................................. 6 - سان
مەمتىمىن بارى........................... ئاي ئامراقكەن بالىغا (شېئىر)........................ 6 - سان
دىلبەر ھامۇت............................ بىچارە دادام (ھېكايە)................................. 8 - سان
تۇرسۇن زېرىدىن......................... كۆڭلۈم كۈيلىرى (شېئىر)............................. 8 - سان
ھەسەن تىلىۋالدى........................ قويما مېنى توختىتىپ (شېئىر)........................ 8 - سان

## ئەدىبلىرىمىز چەت ئەللەردە

رەخىم قاسىم............................. ئەدىبلەر ئارىسىدا (زىيارەت خاتىرىسى)............ 10 - سان
سەيپۇل يۈسۈپ ........................... ئۇنتۇلماس تەسىراتلار (زىيارەت خاتىرىسى)......... 11 - سان

## بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىز

پېشقەدەم شائىر رەخىم قاسىم.................................... 1 - سان
مۇخبىرلىقتىن يازغۇچىلىققا.......................................... 1 - سان
ئىقتىدارلىق ئەدەبىي تەنقىدچى مۇھەممەت پولات
............................................................................ 2 - سان
شائىر مامۇت زايىت.................................................. 2 - سان
تالانتلىق شائىر ئوسمانجان ساۋۇت................................ 3 - سان
ئەتراپلىق يېتىلگەن يازغۇچى........................................ 6 - سان
ئىقتىدارلىق يازغۇچى ئابلىمىت سابىر.............................. 9 - سان
ئۈمىدلىك شائىر، ئىقتىدارلىق ئەدەبىي تەرجىمان
............................................................................ 10 - سان

## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن............ شېئىرىيىتىمىزگە ئائىت بىرقانچە ئېستېتىكىلىق مە-
سىلە توغرىسىدا............................................... 1 - سان

www.uyghurkitap.com



مۇھەممەت باغراش...... يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىمىزنىڭ 10 يىللىق ۋە مەن ...... 2 - سان
ئابدۇللا مەتقۇربان...... «سېنتەبىر خاتىرىلىرى» ھېكايىسى ھەققىدە...... 2 - سان
مەتپىلى قادىر...... «قېلىپسىز خاراكتېر» نەدە بار ئىكەن؟...... 3 - سان
غۇلام ئەبەيدۇللا، پەيزۇللا ئوسمان...... «ھەمرايى غەزەللىرى» نىڭ ھەققىدىكى — دۇئەللىمىيى مەھمۇد ھېكىمبەگ...... 4 - سان
ياسىن خۇدابەردى...... تەھرىرلىك خىزمىتى توغرىسىدا بىر - ئىككى ئېغىز سۆز...... 6 - سان
ئەنۋەر ئابدۇرېھىم...... شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋ ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى...... 8 - سان
پەرھات ئىلياس...... شېئىرىي تىل ھەققىدە ئىزدىنىش...... 8 - سان
ئابدۇللا مەتقۇربان...... «قىزىم باسقان دېڭىز» پوۋېستى ھەققىدە ئويلىغانلىرىم...... 9 - سان
ئابدۇشۈكۈر مەھەممەتئىمىن...... ئاياللىق قەلبىنىڭ ماھىرلىرى...... 10 - سان
ياسىن زىلال...... شائىر ۋە ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتى...... 11 - سان
مامبەت تۇردى...... «روزا بۇزۇلمايدۇ»...... 11 - سان

تەرجىمىلەر

خالىدە ئىسرائىل...... ئۇنچىلەر (نەسىر)...... 1 - سان
ئىمام مۇھەممەت...... كېپەك مەزىن (ھېكايە)...... 4 - سان
مەمتىمىن ھوشۇر...... ئايخان (ھېكايە)...... 8 - سان

ئەدەبىي ئىجادىيەتكە دائىر مۇلاھىزىلەر

گوشياڭنىڭ ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى توغرىسىدا مۇخبىرنىڭ سوئاللىرىغا بەرگەن جاۋابى...... 1 - سان
يېۋگېنى يېۋتوشېنكو...... شېئىرىي تەربىيىلىنىش...... 3 - سان

سوۋېت ئۇيغۇر شائىرلىرى شېئىرلىرىدىن

ئابدۇلخەي روزى...... 2 - سان
روزى قادىرى...... 3 - سان
خېلىل ھەمرايېۋ...... 3 - سان
راھىلە ھاپىزوۋا...... 10 - سان

جاھان ئەدەبىياتى مۇنبىرىدە

تۈركىيە ئەدەبىياتى...... 2 - سان
ئەرەب ئەدەبىياتى...... 4 - سان
مىسىر خەلقىنىڭ ئىپتىخارى نەجىپ مەھپۇز...... 10 - سان

چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن

نېمەت ئەسىنوۋ...... ئىككى ھەجۋىي ھېكايە...... 2 - سان
ۋىلىيام فاكنېر...... بىر تال ئەتىرگۈل (ھېكايە)...... 10 - سان
مىر مۇھسىن...... تىرىكتاپ (ھېكايە)...... 11 - سان

ق. تۇرسۇن رەتلىگەن.









سۇرەتلەرنى

قېيۇم تۇرسۇن تارتقان.

www.uyghurkitap.com



《塔 里 木》 文学月刊 （维吾尔文） TARIM A MONTHLY LITERATURE JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE تارىم

编　　辑：《塔里木》编辑部
出　　版：新疆人民出版社
印　　刷：新疆新华印刷厂
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订阅、零售：各 地 邮 局 所

1989 - يىل 12- سان (346 - سان)، 39 - يىل نەشرى .
ئۇزگۇچى «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى .
ئۈرۈمچى دېموكراتىيە يولى 32 - قورۇ، تېلېفون نومۇرى : 78784 .
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى، شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى .
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ، مەملىكەت بويىچە ھەممە
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ .

国内统一刊号：　CN65－1010／I
本刊代号：58－66 定　价：1.40元

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى : CN 65 - 1010 / I .
ژۇرنال ۋاكالەت نومۇرى : 66 - 58 ، باسما تاۋاق : 10 ، باھاسى : 1.40 يۈەن .